ساۋدانوپ زاھىر



# ماناس دەرياسىدىن قايتىش

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى: نۇرمۇھەممەت توختى

# ماناس دەرياسىدىن قايتىش


ISBN 978-7-5371-2331-0

9 787537 123310 >

باھاسى: 11.00 يۈەن



ساۋدانوپ زاھىر

# ماناس دەرياسىدىن قايتىش

(تارىخىي ئەسلىمە)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：阿布列孜·阿巴斯

**从玛纳斯河畔归来**(维吾尔文)

**曹达诺夫·扎伊尔　著**

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 金 版 印 务 有 限 公 司 印 刷
850×1168毫米　32开本　6.5印张
1996年7月第1版　2007年4月第2次印刷

ISBN978－7－5371－2331－0　定价：11.00元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换



ئوڭدىن: ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ، رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ ، دەلىلقان سۇگۇربايوپ ، ئەخمەتجان قاسىمى ، باشباي (چۆچەكنىڭ ۋالىيسى) ، سەيپىدىن ئەزىزى ، ئالىمجان (چۆچەكنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى) .
ئۆرە تۇرغانلار ، ئوڭدىن: ئەسئەت ئىسھاقوپ ، ئەنۋەر موسابايوپ ، قېيۇمبەگ غوجا ، ۋاققاس ھاجى



ئوڭدىن ئالدىنقى رەتتە: سالىجانباي ، ھېكىمبەگ غوجا ، ئۈچ ۋىلايەتتىن سۆھبەتكە قاتناشقان ۋەكىل ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىمى ، پاتىخان ، مەھەممەتجان مەخسۇم ، ئۇيغۇر سايرانى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نادىروپ زىخروللام كۆرەش قەھرىمانى. ئۇ ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قىشلاقتام يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ جەڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن پۈتۈن ئارمىيە بويىچە مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا، نادىروپ زىخروللامغا «مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن



ئىككىنچى پولك شتاپ باشلىقى ساۋدانوپ زاھىر (1947 ـ يىل 9 ـ ئايدا چۈشكەن سۈرىتى)



1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ، مىللىي ئارمىيىگە بايراق تاپشۇرۇش مۇرا-
سىمىدىن بىر كۆرۈنۈش
1947 - يىل 7 - ئايدا مىللىي ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ ماناس دەرياسى بويى-
دىن قايتىش سەپەر ئۈستىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



1945 - يىلى 1 - ئاي، بورتالا، ئارىشاڭ ئۇرۇشىدا غېنىغا ئوق تېگىپ داۋالىنىپ دەم ئېلىش ئۈستىدە تۇرغان ۋاقتى. ئوڭدىكىسى ئۇنىڭ سەپدىشى بايچۇرىن، ئوتتۇرىسىدىكى غېنى، سولدىكى ھوشۇر، ئۆرە تۇرغانلار مۇھاپىزەتچى خادىملار.



غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 - پىيادە پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا (1955—1918)





مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسمىنىڭ ئات ئۈستى مەشقىدىن بىر كۆرۈ-نۈش

ئەكبەر ئىسبوسۇن ئوغلى
(1944—1917)

ئەكبەر باتۇر ئۈچ ۋىلايەت ئىنلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى-نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، 1944 - يىلى ئىنلقا قاراسۇ ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ دا-ۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 27 يېشىدا ۋاپات بولغان



ئوڭدا: تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى رەخىمجان سابىر ھاجى
ئوتتۇرىدا: ئۈچ ۋىلايەت ئىنلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بىرى پاتىخ مۇسلىموپ
سولدا: پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئاپتوردىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان، قولىڭىزدىكى بۇ تارىخىي ئەسلىمىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈرىشى باشلىنىپ ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىم مەزگىلىگە قەدەر بېشىدىن كەچۈرگەن كۈرەشچان ھاياتىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتىمەن.

چۈنكى، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى شۇ كىشىلەرنىڭ شۇ دەۋرلەردە قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ ئەسلىمىدە سۆزلىنىدىغىنى ئاشۇ ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ شۇ دەۋردە قان كېچىپ، جان تىكىپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماس قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە، زەي يەر ئاستى گەمىلەردە يېتىپ قىلغان ئۇلۇغ كۈرەشلىرىدۇر. بۇ شۇ دەۋردىكى ئەڭ قىممەتلىك روھتۇر، ئەلۋەتتە مەن بۇ تارىخىي ئەسلىمەمدە ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى بارلىق قايناق كۈرەش، جاپالىق ھاياتىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى، مېنىڭ بىلىشىم چەكلىك. لېكىن شۇ دەۋردە بۇ جاپالىق تۇرمۇشلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن ئىنقىلابىي سەپداشلىرىم تېخى ھايات، ئەنە شۇ سەپداشلىرىمىزنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىچىك تارىخىي ئەسلىمەمنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەللىك يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى** ……………… (1)

غۇلجا شەھىرىگە نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ كىرىشى ……… (1)

ھەرەمباغ ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ……………… (7)

**ئىككىنچى باب ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش** ………………… (20)

**ئۈچىنچى باب يەنسىخەي ئورمانلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش** …… (34)

ئورمانلىقتىكى جەڭچىلەر ھاياتى ………………… (34)

قىسىم ئالدىدا تەقدىرلەش ………………………… (62)

تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق ………………… (71)

**تۆتىنچى باب ئورمانباغدىكى يېڭى يىل كېچىلىكى** …………… (82)

گەمە ئۆيدىكى ئولتۇرۇش ………………………… (82)

**بەشىنچى باب يەنسىخەي ئورمانلىقىدىن يۆتكىلىش** ………… (100)

يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ……………………………… (103)

ئەسكەرلەرنى بوشىتىپ قىسىملارنى رەتكە سېلىش … (108)

ماناس دەرياسى كۆۋرۈك بېشىدا پوستتا تۇرۇش … (111)

«تىل» تۇتۇش …………………………………… (112)

قارىياغاچ ئاستىدىكى ئاق چېدىر ……………… (124)

ئالتىنچى باب تىنچلىق بىتىمدىن كېيىن شىخەنزىدىن يولغا چىقىش……
(130) ……………………………………………
چىڭگىىشوردىكى يامغۇرلۇق كېچە …………… (137)
چىڭگىىشور كۆۋرۈكىنىڭ پارتلىتىلىشى ……………… (139)
قۇمبۇلاقتىكى بۇلاق سۈيى ……………… (148)
يەتتىنچى باب ئاچال داۋنىدىن ئۆتۈش ……………… (152)
توغراسۇ يايلىقىدا ……………… (167)
پەنجىم خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قارشى ئېلىشى ………
(181) ……………………………………………
ئاقئۆستەڭ كۆۋرۈك بېشىدا ……………… (184)
سەككىزىنچى باب پولك تەنتەنە ئىچىدە غۇلجا شەھرىگە كىردى ……
(187) ……………………………………………
ھەرەمباغ گازارمىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ……… (187)
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى ……………… (197)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

## غۇلجا شەھىرىگە ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ كىرىشى

1944—1943 - يىللار شىڭ شىسەي (دۇبەن دەپمۇ ئاتىلاتتى) ئۆزىنىڭ ھىيلىگەرلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئاتامىنى جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن باشلاپ شىنجاڭ خەلقىگە سالغان زۇلۇمى، تېررورلۇق، فاشىستلىق قىلمىشلىرى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. بىگۇناھ پۇقرالارنى ۋە زىيالىيلارنى خائىن دېگەن ھەر خىل بەتناملار بىلەن تۈرمە ۋە زىندانلارغا تاشلىدى، سۈرگۈن قىلدى. نۇرغۇن ئادەمنى قەبىھ فاشىستلىق ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى، چاپتى، تۈرمە ۋە قۇدۇقلار جەسەتلەر بىلەن تولدى. ئۇ يەنە شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى، يەنى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى تۇتقۇن قىلدى. پاجىئەلىك ئېغىر كۈنلەر شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. بۇ خىل دەھشەتلىك زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئازاد بولۇشنىڭ بىرلا چارىسى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاب قىلىش ئىدى. مانا بۇ — ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېزىلىش ۋە دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسى ئىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە ئىنقىلابىي پىشۋالىرىمىز ئىنقىلابنى 8 - ، 9 - ئايلاردا ئىلىنىڭ ئىلقا

تاغلىرىدىن باشلاپ، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇردى. بۇ ئىنقىلاب ئۈچقۇنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ھەر مىللەت ئىچىدىكى ۋىجدانلىق كىشىلەرنى گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئويغاتتى ۋە قوزغىدى.

مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىۋاتاتتى. بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئۈزۈندىن بۇيان مېنىڭ قەلبىمدىمۇ دولقۇنلاپ ئۆركەش ياساۋاتقان بىر ئۇلۇغ ئارزۇ ئىدى. مەنمۇ ئۆز دېمەتلىكلىرىم ئارىسىدا ئاشۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە ئاشۇ باتۇر پارتىزانلارغا ھەۋەس قىلاتتىم. لېكىن ئۇلارنى قانداق تېپىپ، ئۇ سەپكە قانداق قاتنىشىش توغرىسىدىكى بۇ ئارزۇ كېچە - كۈندۈز كۆڭلۈمگە زادى ئارام بەرمەيتتى.

ئەمما گومىنداڭچىلار خەلقنى ئالداپ، قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر مەھەللىنىڭ گەيجاڭلىرى ئارقىلىق: «ئىلقىدىكىلەر ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشى، ئۇلارنى ھۆكۈمەت يوقىتىدۇ، ئۇلار تارقاتقان پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشەنمەڭلار» دەپ كەڭ جامائەتكە تەشۋىق قىلاتتى ھەمدە خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. لېكىن ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ شەھەرگە قاچان، قايسى ۋاقىتتا كىرىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ۋە بىرنەرسە دېيەلمەيتتى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن دۆڭمەھەللىدىكى ئۆيۈمدىن داداملارنى يوقلاپ كېلەي دەپ تۆپىدەڭگە كەلگەنىدىم. ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ كېتىپ قونۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇ كۈنلەردە شەھەر ئىچىدە كەچتە يول يۈرۈش مەنئىي قىلىنغانىدى ھەم خەتەرلىك ئىدى. 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ مەزگىلى، تۈن قاراڭغۇسى بولغاچقا تېخى ئەمدى سۈبھى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا، جامائەت تېخى بامدات نامىزىغا ماڭمىغان ۋاقىت، دادام بامداتقا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن يېڭىلا تۇرغان بولغاچقا مەنمۇ ئويغانغانىدىم. يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ئاستا - ئاستا بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.



www.uyghurkitap.com

بىردەمدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئاتلاردىن چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاڭغىچە ئۇلاردىن بىرسى دەرۋازىنى ئاستا چېكىپ: «بۇرادەرلەر، دەرۋازىنى ئېچىڭلار! بىز ئۆز ئادەملەر» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ دەرھاللا: «سىلەر كىم؟ نېمە ئادەملەر؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «بىز نىلقا پارتىزانلىرى، بۇرادەر، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىڭلار، غېنىكام كەلدى» دەپ ئاستا جاۋاب بەردى. دادام دەرھال دەرۋازىنى ئېچىۋىدى، يەتتە - سەككىز ئاتلىق ئادەم دەرۋازىدىن كىردى - دە: «بوۋاي، دەرۋازىنى تاقاپ قويۇڭ» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا مەن ئىچ كىيىمىم بىلەنلا ئىچكىرىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇراتتىم. يەنە بىر توپ ئاتلىق پارتىزانلارنىڭ قوشنا قورۇلارغا كىرگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پارتىزانلار ھەرىكىتىنى ناھايىتى سىلىق، گەپ - سۆزلىرىنى ناھايىتى ئاستا قىلىپ، شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاڭغىچە مەنمۇ دەرھال كىيىملىرىمنى كىيىپ ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ دالان ئۆيگە چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرمۇ، بىرنەچچە قازاقمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايدىكەنمەن. بۇ پارتىزانلاردىن ئۈچ كىشى ئۆيدە قېلىپ، قالغان پارتىزانلار ئاتلىرىنى مىنىشىپ خەنزۇبازار تەرەپكە قاراپ ئات چېپىشىپ كېتىشتى. ئاردا ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، تاڭمۇ يورۇپ، جامائەت بامدات نامىزىغا ماڭغان ۋاقىت ئىدى، ھېلىقى ئاتلىق سىرتقا چىقىپ كەتكەن پارتىزانلار ئىككى ئايالنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ قورۇغا كىرىپ كەلدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دادام پارتىزانلارغا قاراپ: «بالام، غېنى دېگەن قايسىڭلار، مەن بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. پارتىزانلاردىن بىرى: «مانا، غېنى دېگەن بۇ كىشى بولىدۇ» دېيىشكە، يەنە بىر قازاق يىگىتى قوشۇمچە قىلىپ: «باباي، مېنىكي كۆرىۋالغىز، قايناغانى دېگىن باتىر ئوسى كىسى بولادى» دېدى. ئاڭغىچە غېنى ئاكام دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملىشىپ، دادامغا زوق بىلەن قارىدى - دە: «بوۋاي، سىلىنىڭ ئىسمى-

شەرىپلىرى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. «مېنىڭ ئېتىم نىزامىدىن، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم تاھىر،— دېدى دادام تاھىر ئاكامنى، ئاندىن كەينىدىن مېنى كۆرسىتىپ،— بۇ كەنجى ئوغلۇم زاھىر بولىدۇ. بۇ بالام ئۇرۇمچىدە بىر چوڭ مەكتەپنى تۈگىتىپ كېلىپ ھازىر يېنىمدا، چارۋا تېخنىك دەمدۇ بىر يەردە ئىشلەۋاتىدۇغۇ.»

بىزمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ غېنى ئاكام بىلەن كۆرۈشتۇق. مەن بۇرۇن غېنى ئوغرى دېگەن بەك يوغان ئادەم، ئۇ يوغان توپاقلارنى كۆتۈرۈپلا ئەپقاچىدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزىنى كۆرمىگەنىدىم. مانا بۈگۈن ئۆزىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. غېنى ئاكام راستىنلا ئىنتايىن بەستلىك، قاۋۇل، پالۋان ئادەم ئىكەن، بىر قاراشتىلا ئادەملەرگە سۈرلۈك كۆرۈنىدىكەن.

شۇ ئارىلىقتا دادام غېنى ئاكامدىن ھېلىقى ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. غېنى ئاكام مومايىنىڭ پاتىخ مۇسلىموف دېگەن نوغاينىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، ياش ئايال ئۇنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى، گومىنداڭچىلار پاتىخنى تۇتالماي، پاتىخنى تېپىپ بېرىسەن دەپ ئانىسى بىلەن ئايالىنى گۆرۈگە ئېلىپ، تۆپىدۆڭدە پەرەڭ دوختۇرخانىسىنىڭ يوغان قورۇسىنى تۈرمە قىلىپ، ئۇلارنى شۇ يەرگە سولاپ قويغانىكەن. غېنى ئاكاملار قاراۋۇل ساقچىلارنى جايلىۋېتىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. دادام شۇئان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ خۇدادىن ئۇلارغا ئاقىۋەت تىلىدى. ئاڭغىچە ئاپام داستىخان راسلاپ ساماۋاردا پورۇقلاپ قايناۋاتقان ئىسسىق چايدىن بۇلارغا چاي قۇيدى. ئۇلار ئەمدىلا بىر پىيالىدىن ئىسسىق چاينى ئىچىپ تۇرۇۋېدى، ئاسماندا قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان پەيدا بولدى. شۇ ئارىدا مەھەللىدىكى پارتىزانلار چۈشكەن قورۇ بىلەن بىزنىڭ قورۇغا، ئۆگزىلەرگە توكۇلاپ ئوق چۈشۈشكە باشلىدى. گومىنداڭچىلار ۋەھشىيلىشىپ مەھەللىنى ئوققا تۇتقىلى تۇرغانىدى. غېنى ئاكام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللىدىن تېز چىقىپ كېتىش توغرىسىدا پارتىزانلارغا بۇيرۇق قىلىپ ئاتلىرىنى مىنىپ مې-

ﯖﺸﻘﺎ ﺗﻪﻳﻴﺎﺭﻻﻧﺪﻯ. ﺑﯘ ﭼﺎﻏﺪﺍ ﻣﻪﻧﻤﯘ ﮬﺎﻳﺎﺟﯩﻨﯩﻤﻨﻰ ﺑﺎﺳﺎﻟﻤﺎﻱ ﺗﯩﭙﯩﺮﻻﭖ ﻗﺎﻟـ
ﺪﯨﻢ- ﺩﻩ ، ﺩﺍﺩﺍﻣﻐﺎ ﺋﯘﻻﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﯩﺘﯩﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻤﻨﻰ ﺋﯧﻴﺘﯩﭗ ، ﮬﺎﺭﯞﺍ ﺋﯧﺘﯩﻨﻰ ﻣﺎﯕﺎ
ﺑﯧﺮﯨﺸﻨﻰ ﺋﯩﻠﺘﯩﺠﺎ ﻗﯩﻠﺪﯨﻢ. ﺩﺍﺩﺍﻡ ﮔﻪﭖ ﻗﯩﻠﻤﺎﻳﻼ ﮬﺎﺭﯞﺍ ﺋﯧﺘﯩﻨﻰ ﺗﻮﻗﯘﭖ ﻣﯧﻨﯩﯔ ﻗﻮ-
ﻟﯘﻣﻐﺎ ﺗﯘﺗﻘﯘﺯﺩﻯ- ﺩﻩ : «ﺧﯘﺩﺍﻏﺎ ﺋﺎﻣﺎﻧﻪﺕ ، ﺑﺎﻻﻡ ، ﺋﯚﺯﯛﯕﮕﻪ ﭘﻪﺧﻪﺱ ﺑﻮﻝ ! »
ﺩﻩﭖ ﭘﯧﺸﺎﻧﻪﻣﮕﻪ ﺑﯩﺮﻧﻰ ﺳﯚﻳﯘﭖ ﺑﺎﻏﺮﯨﻐﺎ ﺑﺎﺳﺘﻰ. ﺋﺎﯕﻐﯩﭽﻪ ﺋﺎﻧﺎﻣﯘ ﻛﯧﻠﯩﭗ ﻣﯧﻨﻰ
ﺋﯚﺯ ﺑﺎﻏﺮﯨﻐﺎ ﺑﯧﺴﯩﭗ: «ﺟﯧﻨﯩﻢ ﺑﺎﻻﻡ ، ﺳﯧﻨﻰ ﺋﺎﻟﻼﻏﺎ ﺗﺎﭘﺸﯘﺭﺩﯗﻡ» ﺩﻩﭖ ﻳﯩﻐﻼﭖ
ﺗﯘﺭﯗﭖ ﺋﯘﺯﺍﺗﺘﻰ ، ﯞﺍﻗﯩﺖ ﻗﯩﺴﺘﺎﭖ ﺗﯘﺭﻏﺎﭼﻘﺎ ﻣﻪﻧﻤﯘ ﺋﺎﻟﺪﻯ- ﻛﻪﻳﻨﯩﻤﮕﻪ ﻗﺎﺭﯨﻤﺎﻳﻼ
ﺋﯧﺘﯩﻤﻐﺎ ﻣﯩﻨﺪﯨﻢ- ﺩﻩ ، ﻏﯧﻨﻰ ﺋﺎﻛﺎﻣﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﺪﯨﻢ. ﻏﯧﻨﻰ ﺋﺎﻛﺎﻡ: « ﻳﺎﺭﺍﻳﺴﻪﻥ ﻳﯩـ
ﮔﯩﺖ !— ﺩﯦﺪﻯ ﮬﻪﻣﺪﻩ ﺩﺍﺩﺍﻣﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﭖ ،— ﺧﻮﺵ ﺑﻮﯞﺍﻱ ، ﺑﯩﺰﮔﻪ ﺋﺎﻗﯩﯟﻝ ﺗﯩﻠﻪ-
ﺳﯩﻠﻪ » ﺩﯦﺪﻯ- ﺩﻩ ، ﭘﺎﺭﺗﯩﺰﺍﻧﻼﺭﻧﻰ ﺑﺎﺷﻼﭖ ﻗﻮﺭﯗﻏﺎ ﻗﺎﻧﺪﺍﻕ ﺗﯧﺰ ﻛﯩﺮﮔﻪﻥ ﺑﻮﻟﺴﺎ
ﺷﯘﻧﺪﺍﻕ ﺗﯧﺰ ﭼﯩﻘﯩﭗ ﻛﻪﺗﺘﻰ. ﻣﻪﻧﻤﯘ ﻛﯚﻙ ﺑﻮﺯ ﺋﺎﺗﻨﻰ ﻣﯩﻨﯩﭗ ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﺋﺎﺭﻗﯩﺴﯩـ
ﺪﯨﻦ ﻗﺎﻟﻤﺎﻱ ﻣﺎﯕﺪﯨﻢ. ﺷﯘ ﻛﯜﻧﺪﯨﻦ ﺑﺎﺷﻼﭖ ﺧﻪﻟﻘﯩﻨﯩﯔ ﺋﯘﻟﯘﻍ ﺋﺎﺭﺯﯗ- ﺋﺎﺭﻣﺎﻧﻠﯩـ
ﺮﯨﻨﻰ ﻗﻪﻟﺒﯩﻤﮕﻪ ﭘﯘﻛﯘﭖ ، ﺑﯘ ﭼﻮﯓ ﺋﯩﻨﻘﯩﻼﺑﯩﻲ ﻗﻮﺷﯘﻧﻨﯩﯔ ﺋﺎﺩﺩﯨﻲ ﺑﯩﺮ ﺋﻪﺯﺍﺳﻰ
ﺳﯜﭘﯩﺘﯩﺪﻩ ﺋﯩﻨﻘﯩﻼﺑﯩﻲ ﻛﯜﺭﻩﺵ ﻗﻮﻳﻨﯩﺪﺍ ﭼﯧﻨﯩﻘﯩﺸﻘﺎ ﺑﺎﺷﻠﯩﺪﯨﻢ.

ﺑﯩﺰ ﺷﯘ ﻛﯜﻧﻰ ، ﻳﻪﻧﻰ 11 - ﺋﺎﻳﻨﯩﯔ 6 - ﻛﯜﻧﻰ ﺳﻪﮬﻪﺭﺩﻩ ﻏﯧﻨﻰ ﺋﺎﻛﺎﻣﻨﯩﯔ
ﭘﺎﺭﺗﯩﺰﺍﻧﻠﯩﺮﻯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﯧﭙﻪﻛﯩﻴﯜﺯﻯ ﻛﻪﻧﺘﻰ ﺋﺎﺭﻗﯩﻠﯩﻖ ﺗﯘﺭﭘﺎﻧﯩﻴﯜﺯﻯ ﺗﻪﺭﻩﭘﻜﻪ ﭼﯩﻘﯩﭗ
ﻛﻪﺗﺘﯘﻕ. ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻥ ﺋﯜﺳﺘﯩﻤﯩﺰﺩﻩ ﺑﯩﺮ ﻣﻪﮬﻪﻝ ﺋﻮﻕ ﻳﺎﻏﺪﯗﺭﯗﭖ ﺑﺎﻗﺘﻰ. ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ
ﺋﺎﺗﻘﺎﻥ ﺋﻮﻗﻠﯩﺮﻯ ﻧﯩﺸﺎﻧﺴﯩﺰ ﺋﯩﺪﻯ ، ﺷﯘﯕﺎ ﺋﯘ ﺋﻮﻗﻼﺭ ﺑﯩﺰﮔﻪ ﺗﻪﮔﻤﯩﺪﻯ. ﺑﯩﺰ ﺗﯘﺭ-
ﭘﺎﻧﯩﻴﯜﺯﻧﻰ ﺋﺎﻳﻠﯩﻨﯩﭗ ﺋﯚﺗﯜﭖ ﭘﯩﻠﭽﯩﺨﺎﯕ ﺗﯧﻐﯩﻨﯩﯔ ﺟﯩﺮﺍﺳﯩﻐﺎ ﺳﺎﻕ- ﺳﺎﻻﻣﻪﺕ ﻳﯧﺘﯩـ
ﯞﺍﻟﺪﯗﻕ.

ﻣﻪﻥ ﭼﻮﯓ ﺋﯚﻳﺪﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﯨﻠﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ، ﺧﯧﻠﻰ ﯞﺍﻗﯩﺘﻼﺭﻏﯩﭽﻪ ﺩﺍﺩﺍﻣﻨﯩﯔ
ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﯩﺪﯨﻦ ﺧﻪﯞﻩﺭ ﺋﺎﻻﻟﻤﺎﻱ ﺋﻪﻧﺴﯩﺮﻩﭖ ﻳﯜﺭﺩﯛﻡ. ﻟﯧﻜﯩﻦ ﺋﯘ ﺋﺎﻱ ، ﺋﯘ ﻛﯜﻧﻠﻪﺭﺩﻩ
ﺋﯘﻻﺭﻧﻰ ﺋﯩﺰﺩﻩﺵ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ ﺋﻪﻣﻪﺱ ﺋﯩﺪﻯ. ﯞﻩﺯﯨﻴﻪﺕ ﺋﯩﻨﺘﺎﻳﯩﻦ ﻛﻪﺳﻜﯩﻦ ، ﺷﻪﮬﻪﺭ
ﺋﯩﭽﯩﺪﻩ ﺟﯩﺪﺩﯨﻲ ﺋﯘﺭﯗﺵ ﺑﻮﻟﯘﯞﺍﺗﺎﺗﺘﻰ. ﺷﯘ ﻛﯜﻧﻰ ، ﻳﻪﻧﻰ 11 - ﺋﺎﻳﻨﯩﯔ 6 -
ﻛﯜﻧﻰ ﻛﻪﭼﺘﻪ ، ﻏﯧﻨﻰ ﺋﺎﻛﺎﻣﻨﯩﯔ ﭘﺎﺭﺗﯩﺰﺍﻧﻼﺭ ﺋﻪﺗﺮﯨﺘﻰ ﻧﯩﻠﻘﯩﺪﯨﻦ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ ﺑﯩﺮﯨﻨـ
ﭽﻰ ، ﺋﯜﭼﯩﻨﭽﻰ ﭘﺎﺭﺗﯩﺰﺍﻧﻼﺭ ﺋﻪﺗﺮﯨﺘﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯘﭼﺮﺍﺷﺘﻰ. ﺑﯩﺰ ﻳﻪﻧﻪ ﺷﻪﮬﻪﺭﮔﻪ

قايتىپ كىرىپ ئالتىشۇئار مەھەللىسىدە بۆيرۈق كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇردۇق.

شۇ كۈنلەردە كۈن ئوبدانلا سوغۇق بولۇپ، ئېرىقتىكى سۇلار نىپىز مۇز تۇتقان، پارتىزانلاردىن بەزىلىرىنىڭ كىيىملىرى يېلىك بولغاچقا، كېچىسىنىڭ ئاچچىق شامىلى جان- جىنىمىزدىن ئۆتۈۋاتاتتى. شۇ كۈنى تاڭ ئېتىش ئالدىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋە ئالېكساندىروپ (ئاق رۇس) نىڭ ئوغلى ۋالىيوتكا بىلەن بىر تۈركۈم قورالىق پارتىزانلار قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، تاغ يولى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ھەرەمباغلىق ئابلىمىت دېگەن بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قىلىپ ماڭا بىر دانە كونا مىلتىق تېپىپ بەردى. ئابلىمىت ئەسلىدە شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانىدى. 11- ئاينىڭ 7- كۈنى سەھەردە، پارتىزانلار بۆلۈنۈپ شەھەرگە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. مەن ئالتىشۇئار مەھەللىسىدە بۆيرۈق كۈتۈپ تۇرغانلار قاتارىدىن تونۇشۇم ئابلىمىتنىڭ ئەترىتىگە ئالمىشىۋالدىم. پارتىزانلار بىرقانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئالتىشۇئار مەھەللە، ئۈچدەرۋازا، سايبويى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، گومىنداڭ ۋالىي مەھكىمىسىنى ۋە باش ساقچى ئورگىنىنى قاتتىق كونترول قىلدى. 7- كۈندىن 11- كۈنگىچە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلىپ ئاخىرى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى، ناھىيىلىك ساقچى، باش ساقچى، ۋالىي مەھكىمىسى، ئىسكىلات، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ چېرىكلىرى تارمار قىلىنىپ بۇ جايلار ئازاد قىلىندى. ھەرەمباغ، لياڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايرودروم پارتىزانلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى. شۇ ئارىدا گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىغا ياردەمگە كەتكەن قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىپ، شەھەرگە كىرەلمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ لياڭشاڭ بۇتخانىسى ئارقىلىق ھەرەمباغ، گازارما، ئايرودرومغا كىرىپ، شۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

بۇ چاغدا بىز ئابلىمىت باشلىق پارتىزانلار لياڭشاڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ

تام تېشىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق. لياڭشاڭ بۇتخانىسى قارىيا-غاچلىق بولۇپ، يەر شارائىتى بىز پارتىزانلار ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشقا قولاي-سىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز دۈشمەننى سىرتقا چىقارماي قامال قىلىپ قورشاپ تۇردۇق. كېيىن تاياق-توقماق كۆتۈرگەن سانسىزلىغان خەلق ئامم-سى ھۇررا-چۇقانلار بىلەن كوچا-كوچىلاردا سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇتخانىدىكى دۈشمەنلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ مۇھاسىرىدە قال-دى. غۇلجا پارتىزانلىرى، نىلقىدىن شەھەرگە كىرگەن پارتىزانلار، سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرەمباغ، ئايرودرومنىمۇ قاتتىق مۇھاس-رىگە ئالدى.

لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئابلىمىت پارتىزانلار ئەترىتىدىن مېنى ۋە يەنە بىر قىسىم پارتىزان باللارنى ھەرەمباغ-دىكى شاھاجىنىڭ بېغىغا باشلاپ بارماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆي-دىن مىنىپ چىققان كۆك بوز ئېتىمنى تۆپىدەكلىك تونۇشۇم ئۆمەرجان دېگەن پارتىزانغا بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ دادامنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپ، ئابلىمىت بىلەن شاھاجىنىڭ بېغىغا بېرىپ، ھەرەمباغدىكى مۇھاس-رىدە قالغان دۈشمەنلەر بىلەن تام تېشىپ ئۇرۇش قىلدۇق.

## ھەرەمباغ ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ھەرەمباغ— غۇلجا شەھرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز يەرگە جايلاشقان بىر ئېگىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى ئاي-رودروم بىلەن، شەرقىي تەرىپى لياڭشاڭ بۇتخانىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ھە-رەمباغ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان گازارما بولۇپ كەل-گەن. گومىنداڭ دەۋرىدە بۇ يەرگە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئەترىتى جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا ئارمىيىسى پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا رايى پونكىتىمۇ شۇ جايدا ئىدى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن كېيىن ، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا
تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ، غۇلجا شەھىرىدىكى قوماندانلىق شتابى ۋە تارقاق
ئورۇنلاردىكى قوشۇنلىرى پارتىزانلارنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ ، ھەرەمباغ گا-
زارمىسىغا كىرىۋالدى . بولۇپمۇ گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرىنىڭ خېلى
كۆپ قىسمى نىلقا پارتىزانلىرىنى يوقىتىشقا بېرىپ ، ھېچ ئىشنى ئەمەلگە ئا-
شۇرالماي ، ئۆلگەن ۋە يارىدارلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىش-
تە شەھەرگە كىرەلمەي ، ھەرەمباغ ، ئايرودروم ، لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق
ئۈچ ئورۇنغا كىرىۋالغانىدى . ئۇلار شۇ ئورۇنلاردا مۇداپىئەدە تۇردى . دۈش-
مەننىڭ بۇ ئۈچ ئورنىنىڭ قوماندانلىرى ھەرەمباغ گازارمىسىغا ئورۇنلاشقان
بولۇپ ، بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى . بۇ چاغ-
دا ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ جۇ شاۋلياڭ دېگەن ئالاھىدە قوماندانى يەت-
تىنچى دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى دۇ دېفۇنى ئىلىغا ئەۋە-
تىپ ، ئىلى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى .
گومىنداڭ زاپاس يەتتىنچى دىۋىزىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋرىلىكنى مۇئاۋىن
قوماندان قىلدى .

ئۇلار ئەسكەر كۈچىنى يېڭىباشتىن تەڭشەپ ، مۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان-
دى : گومىنداڭ ئون توققۇزىنچى پولكىنىڭ كوماندىرى پېڭ جۇنيىنى مەزكۇر
پولكىنىڭ ئىككى باتالىئونى ۋە يېڭى ئەسكەرلەر مۇستەقىل باتالىئونى بىلەن
بىرلىكتە ھەرەمباغ لىنىيىسىنى مۇداپىئە قىلىشقا ; يىگىرمە بىرىنچى پولكىنىڭ
كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈن مەزكۇر پولكىنىڭ بىر باتالىئون ۋە بىر روتىسى بى-
لەن لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن سول قانات تىركىشىش
نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ; بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى دىۋىزىيە ئۈچ
يۈز سەكسەن ئۈچىنچى پولكى ئۈچىنچى باتالىئونىنىڭ كوماندىرى لى چى
مەزكۇر باتالىئون بىلەن ئايرودرومنى مۇداپىئە قىلىش ئارقىلىق ئوڭ قانات
تىركىشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . جۇ شاۋلياڭ-
نىڭ ھەرەمباغنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان پىلانلىرى ئاخىر

كارغا كەلمدى. ھەرەمباغدىكى دۈشمەنلەر ئۆزۈن مۇددەت مۇداپىئەدە تۇ-رۇپ، ياردەم كۈچلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقستىدە ئۆزلىرىگە كۆپرەك ئو-زۇق- تۈلۈك توپلاش ئۈچۈن، داۋاملىق كېچىسى كىچىك ئەترەتلەرنى ئەت-راپتىكى يېزىلارغا— بايكۆل، دادامتۇ، كېپەكيۈزى، تۆۋەن پەنجىم قاتارلىق يېزىلارغا ئەۋەتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاشلىق، مال- مۈلكىنى بۇلاشقا كىرىشتى. بۇ خىل ئەھۋالنى پارتىزانلىق قوماندانلىق شتابى بىلگەندىن كېيىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، غۇلجا شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسى پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە ماسلىشىپ، قوللىرىغا تاياق- توقماق، قىلىچ، مىل-تىقلارنى ئېلىپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سىرتقا ئاشلىق بۇلاش ئۈچۈن چىق-قان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، خۇددى مۈشۈك چاشقان-نى قوغلاپ تۇتقاندەك ئۆز ئۆۋىسى ھەرەمباغ گازارمىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ چاغدا ھەرەمباغ ئىچىدىكى گومىنداڭنىڭ مىللىي ئەسكەرلىرىدىن پەيجاڭ سې-تىۋالدى بىر ئوددېلېنىيە ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇل-دى. شۇ ئارىدا بىر قىسىم خەلق قوزغىلىپ، پارتىزانلارغا ماسلىشىپ، ئاي-رودرومنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىدىكى رادىئو ئالاقىلىشىش پونكىتىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ يەر بىلەن ئالاقىلىشىش لىنىيىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى يەرگە قونالماس قىلىپ، پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن دۈشمەن ئايروپىلانى غۇلجىنى ھاۋادىن رازۋېت قىلىپ تۇراتتى، ئارىلاپ ئوققا تۇتاتتى. پارتى-زانلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى شىددەتلىك ئوققا تۇتقاچقا ئايروپىلانلار يەرگە يېقىنلىشالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەرەمباغ ئايرودرومىدا مۇھاسىرىدە تۇرغان ئەسكەرلەرگە ھاۋادىن تاشلىغان ئوزۇق- تۈلۈك، ئوق- دورىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ پارتىزانلار كونتروللۇقىدىكى جايلارغا چۈشەتتى. 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دۈشمەن ئايروپىلانى ھاۋادىن تاشلىغان ئاشلىق، ئوق- دورا قاچىلانغان ئون ئىككى دانە پاراشوتنىڭ ئون بىرى پارتىزانلار ئىشغالىيىت-

دىكى رايونغا چۈشتى .

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ، پارتىزانلار دۈشمەننىڭ ئۈچ تايانچ پونكىتىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ ، دۈشمەننىڭ لياڭشاڭ بۆتخانىسىدىكى كۈچى بارغانچە ئاجىزلاپ ، بىر باتالىيونىدىن ئارتۇق ئەسكەردىن ئازراقلا ئادەم قالغانىدى . ھەرەمباغقا قىلغان ھۇجۇمدا ھەرەمباغنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر نەچچە مۇھىم ئوت تۇچكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ لياڭشاڭ بۆتخانىسىغا يېقىن سازلىقتىكى تۆگمەننى ئىشغال قىلىپ ، زور مىقداردىكى بۇغداي ، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدى .

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، پارتىزانلار ھەرەمباغقا كۈچىنى توپلاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ، غۇلجا شەھىرىدىكى تۆمۈرچى ئۇستىلارنى ئۈيۈشتۈرۈپ زەنجىرلىك تراكتورنى تانكا قىلىپ ياساشقا كىرىشتى . بۇ چېۋەر ئۇستىلار تراكتورنىڭ ئەتراپىنى پولات تاختا بىلەن قاپلاپ بىرونېۋىك ماشىنىغا ئوخشىتىپ ، ئالدىغا بىر ئىستانكوۋىي پىلىموت ، ئىككى يان تەرىپىگىمۇ پىلىموتلارنى ئورناتقانىدى . سىرتىدىن قارىسىڭىز ئۇ ئاجايىپ بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالاتتى . لېكىن دۈشمەن ئوقلىرى بۇ پولات تاختىدىن ئۆتمەيتتى . مانا شۇ يالغان تانكىنى ئالدىغا سېلىپ پارتىزانلار ھەرەمباغنىڭ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسىنى ۋەيران قىلىپ ، بىر روتا ئەسكىرىنى يوقىتىپ ئون توققۇزىنچى پولكنىڭ كوماندىرى پىك جۇنيىنى يارىدار قىلدى . 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ ، قىش ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . بۇ سوغۇق ئادەمنىڭ جان ـ جىنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى . ئەتراپ ئاپئاق قار ، كۆك مۇز ، تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكلەر يەرگە چۈشكۈچە توڭلاپ مۇز بولۇپ قالاتتى . مۇشۇنداق ئاچچىق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ ، پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە ھەرەمباغدىكى دۈشمەنلەرگە ئەڭ ئاخىرقى شىددەتلىك ھۇجۇمنى قوزغىدى . كەسكىن جەڭ ۋە چوڭ ئېلىشىشلاردىن كېيىن ، دۈشمەننىڭ لياڭشاڭ

بۇتخانىسىدىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.
گومىنداڭ يىگىرمە بىرىنچى پولكىنىڭ كوماندىرى جياڭ شۇەنچۇەن جەڭدە پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغان دۈشمەنىنىڭ بىر قىسمى ھەرەمباغ گازارمىسى ئىچىگە، ناھايىتى ئاز قىسمى ئايرودرومغا قېچىپ كىرىۋالدى.
1 - ئاينىڭ 29 - ، 30 - كۈنلىرى پارتىزانلار كۈچىنى توپلاپ، ھەرەمباغ ۋە ئايرودرومغا بىرلا ۋاقىتتا ئارقا - ئارقىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەنىنىڭ ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، بەزىلىرى يارىدار بولۇپ، قوراللىق كۈچى سان جەھەتتە ناھايىتى ئاز قالغانىدى. 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، مۇھاسىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بۇ ئىككى تايانچ بازىدىن ۋاز كېچىپ دادامتۇ، پىلىچىخاڭ تەرەپنى بويلاپ، يۇقىرى پەنجىم ئارقىلىق، ئاچال داۋىنى تەرەپكە قاراپ قاچماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. قاچقان دۈشمەن پىلىچى تاغ جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، غۇلجا ئاتلىق پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر شۆبە ئەترىتى دۈشمەنىنىڭ ئالدىدىن توسۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ قالغان ئىككى شۆبە ئەترىتى سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنلەرنى تۆت تەرەپتىن تاغ جىلغىسى ئىچىگە قورشىۋالدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى خېلى بۇرۇنلا مۇھاسىرىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى مۆلچەرلەپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.
دۈشمەن بۇ قورشاۋدىن قېچىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قارشىلىق قىلىپ ھايات قېلىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان ھەربىر ھۇجۇمى پارتىزانلار تەرىپىدىن قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىنىتتى. ئاخىرىدا دۈشمەنلەر ئىچىدىكى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ باش قوماندانى دۇ دېفۇ، مۇئاۋىن باش قوماندانى ساۋ رىلىڭ، ئون توققۇزىنچى پولكىنىڭ كوماندىرى

پىلك جۇنيپ قاتارلىقلار تەسلىم بولۇشقا قارشى چىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قالغان دۈشمەنلەر قوماندانلىقتىن ئايرىلىپ قالغاچقا، پارتىزانلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ھەرەمباغ بىلەن ئايرودرومنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى سەكسەن توت كۈن داۋام قىلدى. بۇ ئارىلىقتا مىلتىق ئاۋازى بىر كۈنمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. دۈشمەننىڭ بۇ ئۈچ تايانچ بازىسىنى تارمار قىلىش جەڭلىرىدە دۈشمەننىڭ يەتتە ـ سەككىز يۈز ئادىمى يوقىلىپ، ئۈچ مىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئادىمى (بۇ سان ھەرەمباغقا كىرىۋالغان يۇقرالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەسىرگە ئېلىندى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق مىلتىق، توقسان سەككىز دانە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، ئىككى دانە زېنىت توپ، بەش دانە مىناميوت، ئون ئالتە ماشىنا، ئون نەچچە ئايروپىلان غەنىيمەت ئېلىندى. ھەرەمباغدىكى ئۇرۇشتا پارتىزانلار ۋە ئۇرۇشقا ئوق ـ دورا توشۇپ بەرگەن ئاما بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يارىدار ۋە قۇربان بولغانىدى. ھەرەمباغ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ غەلىبە ئىدى. بۇ غەلىبە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا بولغان زور ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

دۈشمەنگە قارشى جەڭلەردە پارتىزانلار قۇربان بېرىشتىن قورقماي باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپلا قالماي، يۇقرالارنىمۇ سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار پارتىزانلار بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى دېمەستىن ئۇرۇشقا قاتناشتى. بەزىلەر مىلتىق تۇتۇپ دۈشمەنگە ئوق ئاتتى، بەزىلەر نەيزە بىلەن تام تېشىپ مىلتىق تۇتقانلارغا يېقىندىن ماسلاشتى. بەزىلەر ئوق ـ دورا توشۇدى؛ بەزىلەر دۈشمەننى قورشاپ ياتقان پارتىزانلارغا نان توشۇپ بەردى؛ بەزىلەر يارىدارلارنى داۋالايدىغان ھەمشىرە سۈپىتىدە يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان دۈشمەن ئوقىدىن قورقماي يارىدارلارنى توشۇپ قۇتۇلدۇردى.

غۇلجىنى ئازاد قىلىش، بولۇپمۇ ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قى-



www.uyghurkitap.com

لىش ئۇرۇشى جەريانىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرى ، تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆكرەكلىرىنى باتۇرلارچە دۈشمەن ئوقلىرىغا تۇتۇپ ، ئازادلىق ئۈچۈن ، خەلق ئۈچۈن خەلقىنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ھەم مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى تىزىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى . شۇ ئۇرۇشلاردا ھۇرمەتكە سازاۋەر بىر تۈركۈم قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەندى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغانىدى . بۇنداق قەھرىمانلارنىڭ نامى خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .

ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن رىزۋانگۈل 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىزانلار سېپىگە قاتناشقان . ئۇ ، شەپقەت ھەمشىرىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش ، يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش ، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغا قارىماي يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ ، ئۆلۈم گىردابىدىن ياندۇرۇپ كېلىش قاتارلىق ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئورۇندىغان ، ئاغرىقلارنىڭ ئازابىغا ئۆزىنىڭ مۇلايىم گەپ - سۆزلىرى بىلەن ئارام بېرىپ كېلىۋاتقان ياش غۇنچە ئىدى .

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاڭ سەھەر ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى . پارتىزانلار ھەرەمباغدىكى قامىلىپ قالغان دۈشمەنلەرگە يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى . دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ ، پىلىموت ۋە مىلتىق بىلەن پارتىزانلارغا دەھشەتلىك ئوق ياغدۇردى . چۈنكى ئۇلار ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىۋاتاتتى . بۇ چاغدا ھەرەمباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شاھاجىنىڭ بېغى تەرەپتە بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان پارتىزانلاردىن خەبىبۇللا خەلى ئوغلى ( تاتار ) ، ئاناتولى ئولىنكوپ ( رۇس ) ، ئاكا - ئۇكا نازىم ، تەۋەككۈل (توغرا كۆۋرۈكلۈك) ، ئابدۇرېھىم (ئايدۆڭلۈك) قاتارلىق بالىلارغا ئوق تېگىپ يىقىلدى . بۇ ھايات - ماماتلىق پەيتتە رىزۋانگۈل دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك

يىغىۋاتقان ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي شاھاجى بىغىنىڭ پاكار تىمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ياردارلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ باردى ـ دە ، ياردارنىڭ بىرىنى ئېلىپ كەينىگە يېنىشىغا تۇيۇقسىزلا دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان بىر ئوق ئۇنىڭغا تەگكەندى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قارىماقچى بولدىيۇ ، قارىيالمىدى . ئوق تەگكەن يېرىدىن قان ناھايىتى كۆپ ئېقىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ياردارنى سۆرەپ ئۆمىلىگىنىچە پاناھلىق جايغا كەلدىيۇ ئۆزى شۇ يەردىلا يىقىلىپ قالدى . ئۇ ناھايىتى ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىدى . ئۇ باتۇرلارچە قۇربان بولدى . ئۇنىڭ كوماندىرىغا قاراپ ئوچۇق تۇرغان چولپاندەك كۆزلىرى ئۇنىڭ ئېيتالماي كەتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تىلسىز ئىپادىلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك ئۆلۈم ئىدى . رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرى دەرھال باشقا پارتىزان ئەترەتلىرىگە تارقىلىپ خەلق ئارىسىدا ئاجايىپ چوڭ تەسىر قوزغىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا رىزۋانگۈلنىڭ ئىش ئىزلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ پارتىزانلار ۋە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھەمدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەرگەنىدى . بۇ ئۇرۇشلارنى ئەسلىگىنىمدە كۆز ئالدىمدا ۋاقىتسىز توزۇپ كەتكەن غۇنچە رىزۋانگۈلنىڭ ئوچۇق قالغان چولپاندەك قاپقارا كۆزلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولىمەن ـ دە ، يۈرىكىمگە بىرى پىچاق تىقىۋاتقاندەك ئازابلىنىمەن ۋە ئاشۇنداق باتۇر ئۇيغۇر قىزلىرىدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن .

كېيىن رىزۋانگۈل ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندىكى قۇددۇس غوجامیاروپ دېگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر كومپوزىتورى بىر سىمفونىيە ئىشلەپ ، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان ۋە ئاشۇ سىمفونىيە ئۈچۈن ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى .

يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى ، نىلقا قاراسۇ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قازاق مىللىتىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى ئەك-

بەر باتۇر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان قەھرىمانلارنىڭ بىرى. ئەكبەر باتۇر ئۆز ئىنىسى سىيىت بىلەن نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭغا قارشى تۇنجى ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. بۇ ئۈچ قېرىنداش نىلقىدا پاتىخ مۇسلىموف، غېنى، خەمىت، بايچورىن، ھوشۇر، ئوسمان قاتارلىقلار بىلەن پارتىزانلارنى تەشكىللەپ بارلىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىگە ئىنقىلابنى كېڭەيتكەن قەھرىمانلار ئىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئەكبەر باتۇر ۋە ئىنىسى سىيىت باتۇرنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەكبەرگە «خەلق قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنىدى.

ماڭا غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇرۇش تۈگەپ بېسىققۇچە ئاتا ـ ئانامنى ۋە ئائىلەمنى يوقلاپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقالمىدىم. ھەرەمباغ ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن تويىدەڭگە ئاتا ـ ئانامنى يوقلاپ باردىم. ئۇلارنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. لېكىن ھېلىقى كۈنى، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە مەن غېنى ئاكاملار بىلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى بىلىشكە بەك ئالدىرىدىم. شۇڭا ئۆزئارا تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىنلا دادامدىن ئاشۇ كۈنكى بىز كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى سورىدىم.

دادام ساقىلىنى سىيلاپ بىر دەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى ـ دە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى:

بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى چوڭ ماشىنىدا سېرىق چاپان كىيگەن سېرىق پاچاق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مەھەللىگە كېلىپ، پارتىزانلار چۈشكەن قورۇلارنى ئاختۇرۇپ، بەزى ئۆي ئىگىلىرىنى باغلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ! شۇ قاتاردا بىزنىڭ قورۇغا كىرىپ، دادام بىلەن تاھىر ئاكامنىمۇ باغلاپتۇ. بىزنىڭ قورۇدا بىر تۈگىگان بوۋاي قوشنا ئولتۇراتتى. ھېلىقى تۈگىگان بوۋاي بىلەن ئايالى خەنزۇچە سۆزنى بىلگەچكە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە يالۋۇرۇپ: «بۇ

www.uyghurkitap.com

بوۋايدا گۇناھ يوق ، ياۋاش ئادەم. سەھەردە بىر توپ ئاتلىقلار دەرۋازىغا كېلىپ دەرۋازىنى چاپسان ئاچ ، ئاچمىساڭ ئۆلتۈرىمىز دەپ قورقۇتتى، بوۋاي ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ ھەم ئۇلارنى تونۇمايدۇ ، ئامالسىز دەرۋازىنى ئاچتى ئۇلار قورۇغا كىرىپ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچتى - دە ، يەنە چىقىپ كەتتى . سىلەر بۇ بوۋاي بىلەن ئوغلىنى قويۇپ بېرىڭلار» دەپ يالۋۇرغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دادام بىلەن ئاكامنى قويۇپ بېرىپتۇ. بىزنىڭ ئىمىن قاسساپ دېگەن بىر گەۋدىلىك ، ساقاللىق قوشنىمىز بار ئىدى. ئۇلار- نىڭ قورۇسىدا لاپاس بولمىغانلىقتىن ئايروپىلاندا ئاسماندىن ئېتىلغان ئوق پارتىزانلارنىڭ بىر ئېتىغا تېگىپ ئۆلۈپ قالغانىكەن ، بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ- چىلار گەپ - سۆز قىلمايلا ئىمىنئاخۇن ئاكىنى باغلاپ ماشىنىغا سېلىپ ئەكېتىپ- تۇ. كېيىن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ئازاد قىلىنغاندا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھاجەتخانىسىغا تاشلانغان بىگۇناھ نۇرغۇن جەسەتلەر ئىچىدىن ئىمىن قاسساپنىڭمۇ ئىككى قولى ئارقىغا باغلانغان ھالدا ياتقان جەسىتىنى تونۇۋېلىپ يەرلىكىدە قويۇپتۇ. گومىنداڭچىلار قاچىدىغان چاغدا تۈرمىدە ياتقان بىگۇناھ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تىرىك بويىچە ھا- جەتخانىغا تاشلاپ كەتكەنىكەن. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جەسىتى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ھاجەتخانىسىدىن سۈزۈۋېلىنغانىدى.

دادام شۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا كۆزىدىن ئاققان ئاچچىق ياشلار ئاپئاق ساقاللىرىنى بويلاپ چۈشۈۋاتاتتى. مېنىڭمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىمنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك بولدۇم- دە ، كۆزۈمدىكى ياشلارنى ئارانلا توختىتىۋالدىم. كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى غېنى ئاكامغا سۆزلەپ بەر- دىم. غېنى ئاكام ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىندى ۋە يوغان مۇشتلىرىنى چىڭ تۈ- گۈپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى.

مەن نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كىرىش پىلانلىرىنى كېيىنرەك تەپسىلىي ئۇقتۇم. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ ، بىرىنچى ئەترەت باشلىقى

ئەكبەر ، ئىككىنچى ئەترەت باشلىقى غېنى ، ئۈچىنچى ئەترەت باشلىقى ئىۋان
دېگەن رۇس بولۇپ ، بۇلار 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غۇلجا شەھەر ئەتراپىدا
بەلگىلەنگەن جايغا بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ كەلمەكچىكەن. لېكىن 6 - كۈنى پارتىـ
زانلارنىڭ ئىككىنچى ئەترىتى يەنى غېنى ئاكامنىڭ ئەترىتى بەلگىلەنگەن جايـ
غا يېتىپ كېلىدۇ. قالغان بىرىنچى ، ئۈچىنچى ئەترەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېـ
تىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئىككىنچى ئەترەت تۆپىدەك تەرەپتىن كىرىپ پاتىخ
مۇسلىموفنىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ شۇ كۈنى كەچتە بىرىنـ
چى ، ئۈچىنچى ئەترەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپتۇ.

1945 - يىلى 1 - ، 2 - ئايلاردا ، غۇلجىدا شەھەر - يېزىلاردىن كەلگەن
پارتىزانلار ئىچىدىكى ياشلار ۋە يېڭىدىن قوشۇلغان پىدائىيلار بىلەن رەسـ
مىي تەشكىللىك پولكلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. رەسمىي ئەسكەرلىككە تىـ
زىملاش ئېلىپ بېرىلدى. پارتىزانلار ئىچىدىكى ياشلار ئۆز ئىختىيارىمىز بىـ
لەن تىزىملاتتۇق. ئەسكەرلەرنى تىزىملاۋاتقان تۈگمەنچىگە ئوخشايدىغان قىـ
رىق ياشلار چامىسىدىكى بىر رۇس ماگا نۆۋەت كەلگەندە : « ئېتىڭ نېمە ؟ زاـ
ھىر ، داداڭنىڭ ئېتى ؟ نىزامىدىن ، ئۇنداقتا فاملەڭ ساۋىدانوف ، نەچچە
ياشقا كىردىڭ ؟ يىگىرمە تۆت ياش ، مىللىتىڭ ئۇيغۇر » دېگەن سوئال - جاـ
ۋابلار بىلەن مېنى تىزىملاپ بولدى. كېيىن ئاتلىق دىۋىزىيونغا ئەۋەتتى.
رەسمىي باتالىيونلارغا تىزىملىك چۈشكەندە مېنىڭ فاملەم ساۋىدانوف ئەـ
مەس ، ساۋدانوپ دەپ يېزىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا تىزىملىك رۇسچە يېـ
زىلاتتى. مەن سورۇشتۇرسام ئۇلار تىزىمغا ساۋدانوپ دەپ يېزىپتۇ. ھەرىپ
ئالمىشىپ قاپتۇ ، كېرەك يوق ، دېدى ( شۇنىڭدىن بۇيان مەنمۇ ، شۇنداق
ساۋدانوپ دەپ قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن ) .

مەن دەسلەپتە دىۋىزىيوننىڭ كاتىپى ، كېيىن شتاب باشلىقى بولدۇم.
بىزنىڭ بۇ ئاتلىق دىۋىزىيون ، گومىنداڭ يىغى ئەسكەرلىرى تۇرغان چوڭ
ئىسكىلاتتا تۇردۇق. 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە مۇنتىـ
زىم قىسىملىرى قۇرۇلغاندا ، باشقا قىسىملار قاتارىدا غۇلجا تۆتىنچى پىيادە
زاپاس پولك قۇرۇلۇپ ، پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ خوجا ، بىزنىڭ يىغى قۇـ
رۇلغان غۇلجا پىيادە تۆتىنچى پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى. بىزنىڭ بۇرۇنقى

ئاتلىق دىۋىزىئون تۆتىنچى زاپاس پولكىنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونى بولۇپ ئۆز-
گەرتىلىپ، بۇرۇنقى كوماندىر ئابلىمىت باشقا خىزمەتكە يۆتكىلىپ، ئۇرنىغا
باتالىئون كوماندىرى دوگان سوفىيوپ ھېسامىدىن بولدى. پولكىنىڭ بىرىنچى
باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ بولۇپ، ئۇلار ئېكسپېدىتسىيە قورۇس-
دا تۇردى. پولكىنىڭ ئىككىنچى باتالىئون كوماندىرى دەسلەپتە شىگىلوپ دې-
گەن ئاق رۇس ئىدى، كېيىن نۇرمۇھەممەت باكىيوپ باتالىئون كوماندىرى بو-
لۇپ سۇدەرۋازىدا تۇردى. بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئون بۇرۇنقى چوڭ ئىس-
كىلاتتا تۇرۇۋەردۇق. پولكىنىڭ باتالىئون كوماندىرى بولغان بالىلار ئەسلى
غۇلجا شەھىرىنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ
كېتىپ، ئۇ تەرەپتە خېلى بىر مەزگىل ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ كەلگەن.
بۇ بالىلارنى گېنېرال فەلىنوپ غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندە ئۆزى بىلەن بىرگە
ئەكەلگەن. گېنېرال فەلىنوپ (ئاق رۇس) غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇرۇش مەزگى-
لىدە سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئۇرۇشقا قوماندان-
لىق قىلغان، دەسلەپتە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتى-
گەنىدى. پولك ئالدىنقى سەپكە بارغىچە، مەن شۇ گازارمىدا يەنىلا شۇ با-
تالىئونىنىڭ شتاب باشلىقى بولۇپ تۇردۇم.

1945-يىل 2-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىلى ۋىلايىتىدىكى جىك ناھىيىسى-
دىن باشقا بارلىق ناھىيىلەر تولۇق ئازاد قىلىندى. 1945-يىل 5-ئاينىڭ
باشلىرىدا بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونغا بىر كۈچلۈك يېڭى ئاتلىق روتا قو-
شۇلدى. بۇ روتا كەلگەندىمۇ مەن شۇ ئاتلىق باتالىئونىنىڭ شتاب باشلىقى
ئىدىم. ئۇلار جەمئىي توقسان ئالتە كىشى بولۇپ، بۇ روتا ئىچىدە بىر ئايال
بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، روتا كوماندىرى سوپاخۇننىڭ ئايالى تۇخان ئى-
دى. بۇ، روتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرى—گومىنداڭنىڭ فورمى-
سى، سۇر چاپانلار، ئاياغلىرىدىمۇ سور گوجا ئورالغان، شەپكىسىدىكى
گومىنداڭ بەلگىسىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتكەن ئورنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ
ئىچىدىكىلەردىن ئاز ساندىكىلەر قىمار ئويناشتەك يامان ئادەتلەرنى ئۆگىنى-
ۋالغانىدى. مەن پات-پات تەكشۈرۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ياتىقىدىن قارتا،
ئوشۇق، دۇدۇيزە (باشقا يەنە بىرنەچچە خىل ئويۇننىڭ ئېتىنى بىلمەيمەن)
لەرنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋالاتتىم. كېيىن بۇلارغا ئىنقىلابىي قوشۇندا بۇن-

داق قمار ئويناش رۇخسەت قىلىنمايدۇ ، دەپ تەربىيە بېرىش ئارقىلىق بۇ ئا-
دەتلەرنى تاشلاتقۇزدۇق. ئاز كۈندىن كېيىن بۇلارغمۇ مىللىي ئارمىيە كوما-
ندىر - جەڭچىلىرىنىڭ كىيىم فورمىسى تارقىتىپ بېرىلدى. لېكىن بۇ روتىنىڭ قو-
راللىرى خىل بولۇپ ، بۇلار دېسكىلىق دېكتور پىلىموت ، تانكىئاتار ، ئوتچا-
چار مىلتىقلار ، يېڭى بەشئاتار مىلتىقلار بولۇپ ، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن ئالغان قوراللىرى ئىدى. بۇلار ئەسلى مايتاغدا تۇرۇشلۇق گومىن-
داڭنىڭ مىللىي ئاتلىق روتىسى بولۇپ ، كوماندىر سوپاخۇن باشچىلىقىدا
گومىنداڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ، مايتاغدىن چىقىپ ، تاغ ئارىلاپ ، بىر
تەرەپتىن گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ، بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ ، قىزىل-
تۇر ئارقىلىق بورتالادىكى پارتىزانلارغا قوشۇلغانىدى. كېيىن بۇلار غۇلجا
شەھىرىگە كەلگەندە ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ، پۇ-
تۇن روتا بويىچە تۆتىنچى پولكقا قوشۇپ ، بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونغا ئو-
رۇنلاشتۇردى. كېيىن بىزنىڭ تۆتىنچى پولك ئالدىنقى سەپ جەڭ تەرەپكە مې-
ڭىش ئالدىدا سوپاخۇننىڭ ئاتلىق روتىسى غۇلجىدا ، يەنى چوڭ ئىسكىلاتتا
قېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. كېيىن 7 -
ئايلاردا بۇ روتا جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى.

سوپاخۇن روتىسىدىكى يولداشلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇشتا (ئاقتوپاي
ئۇرۇشىدا) قۇربان بولۇپ كەتتى. ھايات قالغانلاردىن ھازىر ئېسىمدە قېلى-
شىچە : پولكوۋنىك سوپاخۇن ، سابىق قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئا-
ۋىن قوماندانى سۇلتان مامۇت ، سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ
مۇئاۋىن قوماندانى تۇراق ئىسمايىل ، قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىنىڭ سابىق
مۇئاۋىن باشلىقى سىدىقھاجى ، ئاقسۇنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان
ئۆمەرجان. بۇلاردىن باشقا شۇ ئۇرۇشلاردا بولغان خېلى نۇرغۇن يول-
داشلار ھېلىمۇ ھايات. بۇ روتىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدە ھەرگىز ئۇنتۇلماي-
دۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باب

# ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئىنقىلاب مېۋىسى — تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ مىللەتلىك بىر مۇنتىزىم قوشۇن قۇرۇش قارار قىلىندى . بۇ قوشۇن ھەرەمباغ ، ئايرودروم ، لىياڭشاڭ بۇتخانىسى ئۇرۇشىغا قاتناشقان كەڭساي ، سۈيدۈڭ ، تېكەس قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرىدىن تەشكىللەندى ھەمدە يېڭى پەيدائىي ئەسكەرلەر بىلەن تولۇقلاندى . غۇلجا شەھرى ئازاد بولغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە 1945 ـيىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلدى . 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى غۇلجا تۆتىنچى زاپاس پولكىغا ئالدىنقى سەپكە بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى .

بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ پولك ئالدىنقى سەپكە قاراپ يولغا چىقتى . پولكتىكى جەڭچىلەر يىراق سەھرا ۋە يېزىلاردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇلار قەيەردىن چىقىپ قەيەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇلاردا پەقەت ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ، ئۇرۇش قىلىمىز دېگەن بىرلا ئۇقۇم بار ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، پولك سەپەرنىڭ بىرىنچى كۈنى كورەگە يېتىپ كېلىپ ، كورەنى قونالغۇ قىلدى . كورەنىڭ كوچىلىرى تار ئىدى . جىاڭجۈن يامۇلى ئالدىدا ھەيۋەتلىك ، قورقۇنچلۇق تۇستە خىرىس قىلىپ تۇرغان يوغان ئىك‐

كى شىرنىڭ ھەيكىلى ۋە كۇرەنىڭ تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز راۋاقنى كۆرگەن جەڭچىلەر مۇنداقمۇ يەر بار ئىكەنغۇ دېگەندەك ھەيران قېلىشتى. بولۇپمۇ ئۇلار كۇرە سېپىلىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك دەرۋازىلار ۋە ئېگىز سېپىللارنى كۆرۈپ، مۇشۇ سېپىلنى ياساپ بولغۇچە قانچىلىغان قېرىنداشلىرىمىز بۇ سېپىل ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولغىيتتى، دەپ ھەسرەت چېكىشتى. قىسىم كۇرەدە بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ كەڭساي تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. جەڭچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەرنىڭ نەلىكىنى بىلمەيتتى. بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئوننىڭ ئارقىدا كېلىۋاتقان كوماندىرلاردىن بىرى، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن «كۆچ - كۆچ» نىڭ دەسلەپكى بىر كۇپلېتىنى ئۆزگەرتىپ، غىڭشىپ ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى:

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ،
لوسىگۇڭدىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن،
بىز ۋاقتىنچە ئايرىلدۇق.

جەڭچىلەر بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ھە، بىز لوسىگۇڭ دېگەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمىزغۇ دېيىشىپ كۇسۇرلاشتى. قىسىم كەڭساي ئېغىزىغا كەلگەندە دەم ئالدى. ئۇرغۇن جەڭچىلەر كەڭساينىڭ سۈزۈك مۇزدەك زۇمرەت سۈيىگە پۇتلىرىنى چىلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ھۇزۇرلاندى. بەزىلەر سۇنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوچۇملاپ ئىچىش ئورنىغا دۈم يېتىپ قانغۇدەك سۇ ئىچىپ: «نېمىدېگەن تاتلىق سۇ» دېسە، غۇلجىنىڭ سەھرالىرىدىن كەلگەن جەڭچىلەر «ۋاي، بۇ سۇ يەنىلا بىزنىڭ ئاقئۆستەڭنىڭ سۈيىگە يەتمەيدىكەن» دېيىشەتتى. بۇلاقبېشى، ئارائۆستەڭلىك جەڭچىلەر بولسا «بۇ سۇ بىزنىڭ ئارائۆستەڭنىڭ سۈيى، بۇلاق سۈيى شۇنداق سۈزۈك ھەم مۇزدەك بولىدۇ» دېيىشىپ، ھەرقايسىسى كەڭساي سۈيىنى ئۆز يېزىلىرىنىڭ سۈيىگە ئوخشاتماي ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىشاتتى. ئارىدىن بىرى قوپۇپلا:

«ئاغىنىلەر، بۇلاق سۈيى دېگەن ئۆلۈك سۇ، كەڭسايىنىڭ سۈيى تاشتىن-
تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغنىڭ تىرىك سۈيى» دېدى- دە، يېنىدىكى
دوستىغا سۇ چاچتى. جەڭچىلەر بىر-بىرىگە سۇ چېچىپ تۇرۇۋىشقاندا يولغا
چىقىش بەلگىسى بېرىلدى. قىسىم يولغا چىقتى. جەڭچىلەر قورال ۋە يېتەر-
لىك ئوق، گرانات، يېپىنچا، ئوزۇقلىرى بولۇپ يىگىرمە- يىگىرمە بەش كى-
لوگرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇلار روھلۇق،
قەدەملىرى چەبدەس ئىدى.

جەڭچىلەرنىڭ تۇتقان قورالىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزىلەر مىل-
تىق، بەزىلەر ئاپتومات، بەزىلەر يېنىك پىلىموت كۆتۈرۈۋالغانىدى. شۇنچى-
لىك يۈك بىلەن كەڭساي غولىنى ئۆرلەپ، تەلكە داۋىنىغا قاراپ مېڭىش جەڭ-
چىلەر ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى. بارا- بارا بەزىلەرنىڭ پۇتلىرى قاپى-
رىپ، سۇ كۆتۈرۈپ كەتتى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ پۇتلىرىنى ئايىغى غاجاپ يا-
را قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى جەڭچىلەر سەپتىن چۈشۈپ ئارقىدا قېلىۋا-
تاتتى. بۇنداق چاغلاردا قاۋۇلراق جەڭچىلەر چارچاپ قالغان، يېشى كى-
چىك، تېنى ئاجىز جەڭچىلەرنىڭ يۈكلىرىنى ياكى قوراللىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ
ياردەملىشەتتى. قىسىم يول قىيىنچىلىقىنى ئەنە شۇنداق تەڭ تارتىشىپ، خې-
لى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كەڭساي ئېچىدىكى يول ئاسراش پونكىتىغا كې-
لىپ دەم ئالدۇق. بۇ يول ئاسراش پونكىتى كەڭساي غولىغا ئىنقىلابتىن بۇ-
رۇنلا ياغاچ ئۆيلەرنى سالغانىدى. بۇ ياغاچ ئۆيلەر بىر چوڭ قونالغۇ بو-
لۇپ، قىسىم ياغاچ ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىپ ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن يەنە يول-
نى داۋاملاشتۇردى. يول تەلكە داۋىنىغا قاراپ بارا- بارا ئېگىزلەپ باراتت-
تى. قىسىم خېلى بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن ئىككى تەرىپى تىك تاغ، ئوت-
تۇرىسىدا تاغ سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان تار بىر جايغا يېتىپ كەلدى.
بۇ يەردىن بىر ماشىنا ئارانلا ئۆتەلەيتتى. جەڭچىلەر بۇ يەر سېپىل دەرۋازى-
سىغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن دېيىشىۋاتقاندا، كوماندىر ئىززەت كۈلۈپ كەت-
تى- دە، يېقىندا بۇ يەردە بولغان بىر قانلىق جەڭنى سۆزلەپ بەردى:



www.uyghurkitap.com

«1945 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ غۇلجىدىكى پارتىزانلارنى يوقـ
ىتىش ئۈچۈن جىلىڭ تەرەپتىن تولۇق قوراللانغان ئەسكىرىي كۈچنى ئون نەچچە
ماشىنا بىلەن غۇلجىغا قاراپ يۆتكىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كەڭساي
پارتىزانلىرى دەرھال قارىغايلارنى كېسىپ، مۇشۇ تار، دەرۋازىغا ئوخشايـ
دىغان جاينى توسۇپ، سۇ چېچىپ توڭلىتىپ بىر چوڭ توسالغۇ ياسىدى. بۇ
دەل ئىت قاتراپ كېتىۋېتىپ توڭلاپ قالىدىغان قىشنىڭ راسا قەھرىتان چاغلىـ
رى بولۇپ، قار قېلىن، يولدىن چىقىپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرۋا-
زا (توسالغۇ)نى ياساپ بولۇپ، پارتىزانلار تاغ ئۈستىدىكى تاشلار ئارـ
ىسىغا يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بىر چاغدا چارـ
لىغۇچىلار دۈشمەننىڭ ئون نەچچە ماشىنا بىلەن داۋاندىن چۈشۈپ كېلىۋاتـ
قانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ ماشىنىلىرى بۇ توسۇقـ
قا كەلگەندە ئۆتەلمەي قالدى. ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىككى تەرەپ قېلىن قار ئىدى. شۇڭا دۈشمەن كومانـ
دىرى ماشىنىدىكى ئەسكەرلەرنى چۈشۈپ توسۇقتىن پىيادە ئۆتۈشكە بۇيرۇق
قىلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن يولدىن چىقىپ تاغ ياقىلاپ
ماڭماقچى بولدى. لېكىن قېلىن كۆلتۈك قاردا مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئامالسىز قالغان چاغدا، تاغ ئۈستىدە يوشۇرۇـ
نۇپ ياتقان پارتىزانلار دۈشمەنگە پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار بىلەن بىـ
راقلا ئوت ئاچتى. بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمنىڭ بولۇشىنى ئويلىمىغان دۈشـ
مەن ئەسكەرلىرى ئەس - ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە نۇرغۇنى جېنىدىن جۇدا بوـ
لۇشتى. ئامالسىز قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ماشىنا ۋە قوراللىرىنى پارا-
سەتلىك باتۇر پارتىزانلارغا تاشلاپ بېرىپ، جېنىنى قولتۇقىغا قىسىشىپ،
سىمپتوزا تەرەپكە قاراپ بەدەر قېچىشتى. مانا بۇ تارتاش دەرۋازىسىنىڭ
ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىسى.»

قىسىملار ئىككى كۈنلۈك جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن داۋان
ئۈستىگە چىقتىيۇ، ئەسكەرلەر كۆپكۆك ئاسمان يەرگە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قالغانـ

www.uyghurkitap.com

دەك ئاجايىپ بىر مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ بىر ـ بىرىدىن: «بۇ نىـ
مە كارامەت؟ بۇ قانداق مۆجىزە؟» دەپ سوراشتى. سۈيدۈك پارتىزانلىرىـ
دىن بولغان بىر جەڭچى بۇ يەرنى سىمپتوزا، بۇ سايرام كۆلى، دەپ تو
نۇشتۇردى. جەڭچىلەر بۇ بىپايان كەتكەن كۆلگە قارىشىپ، بۇ سۇ نىمىدېـ
گەن سۈزۈك ھەم كۆپكۆك، بۇ نىمىشقا ئاقمايدۇ. بۇ كۆلگە سۇ نەدىن كىرىـ
دۇ؟ ئايغى نەدىن چىقىدۇ؟ بۇ سۇ نىمىشقا تېتىپ كەتمەيدۇ؟ دېگەن سوـ
ئاللار بىلەن ھەيران قىلىشىپ تۇرغاندا، بۇلار ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق
كەلگەن پېشقەدەم پارتىزان ئەمەت ئاكا: «ئۇكىلار، مەن بوۋامدىن ئاڭلىغان
رىۋايەتتە، بۇ كۆلنىڭ ئورنى بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەر ئىكەن. بۇ شەـ
ھەردە موڭغۇلنىڭ بىر يىگىتى بىلەن موڭغۇل قىزى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈـ
شۈپ قالىدىكەن. لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردا قەبىلىۋازلىق كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ
ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر قەبىلىنىڭ بولمىغانلىقتىن مۇرادىغا يېتەلمەيدىـ
كەن. شۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بولۇپ ھېلىقى يىگىت
بىلەن قىز ھەر كۈنى كەچتە كېلىپ مۇشۇ قۇدۇق بېشىدا خۇداغا نالە قىلىپ
زار ـ زار يىغلايدىكەن، بۇلارنىڭ نالىسى خۇدانى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئاسـ
ماندىن چېلەك ـ چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋېتىپتۇ. خۇدانىڭ كارامىتىدىن يەر قىـ
سىلىپ ھېلىقى قۇدۇق سۈيى تاشا ـ تاشا يامغۇر سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ شەـ
ھەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆل پەيدا بولغانىكەن. قىز
بىلەن يىگىتنىڭ كۆز ـ يېشى داۋاملىق كۆلگە تامغاچقا، كۆل سۈيى تۇزلۇق
بولۇپ قاپتۇ» دەپ ھېكايىسىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىشى بىـ
لەنلا توپ ئىچىدىن بىرى مۇڭلۇق ئاۋازدا:

«سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلسە،
ياش ـ قىرىغا باقمايدۇ.»

دەپ ناخشا ئېيتتى. تولمۇ لەرزان ۋە مۇڭلۇق ئېيتىلغان بۇ ناخشا جەڭچىلەر-
نىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، ۋۇجۇدىغا ئۈمىد ۋە تەشۋىش ئوتلىرىنى تۇتاش-
تۇردى. بەزى جەڭچىلەر قۇلاق تۈۋىدە بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ نادا-
مەتلىك ساداسى ياڭراۋاتقاندەك چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆككەندى. بۇ يەرگە
كەلگەندە پولك بىرىنچى، ئىككىنچى باتالىئونلارغا سەنتەيدە، بىزنىڭ ئۈ-
چىنچى باتالىئونغا سىمپىتوزىدا بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈشنى
بۇيرۇدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىرىنچى، ئىككىن-
چى باتالىئون تاڭ يورۇشى بىلەن سىمپىتوزىدىن سەنتەيگە قاراپ يولغا چىق-
تى.

سەنتەي سايرام كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى، بىر قاقاسلىق ئىدى. لې-
كىن بىر ئۈچى كۆلنىڭ بويىغا تۇتاشقاچقا، كۆلنىڭ سالقىن مەيىن شامىلى
ھەر- بىر جەڭچىنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ھارغىنلىقنى ئاللىقاياقلارغا
ئەكېتەتتى ھەمدە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بىرىنچى، ئىككىنچى باتالىئوننىڭ ئار-
قىدىن بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ دەل 7- ئاي بولغاچ-
قا، كۈن بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەندى. جەڭچىلەر تېزلىكتە سىنەي، ئۈتەيلەرنى
ئازاد قىلىپ، داخېيەنزىگە بېرىپ، قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە جىڭغا
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئازاد قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلىشاتتى.
سەنتەيدە تۇرغان مەزگىلدە بىرقانچە كۈن جەڭگە پۇختا تەييارلىق ئېلىپ
بېرىلدى. جەڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئالغا قاراپ يولغا چىقىش بۇي-
رۇقى بېرىلدى. بۇ چاغدا قىسىم رەھبەرلىكى پولكتىكى بارلىق ئوفىتسېرلەرگە
قېرىنداش قىسىملارنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا
دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بەرگۈچى تېكەس ئاتلىق بىرىنچى پولكى، شىبە
ئىسكادرون، خۇيزۇ باتالىئونى، موڭغۇل دىۋىزىئون، ئارتىللېرىيە دىۋىزى-
ئون ۋە غۇلجا ئىككىنچى پىيادە پولكى قاتارلىق قىسىملار ئۈتەيدىكى دۈش-
مەنلەرنى پەم بىلەن قاچۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۈتەينى ئىشغال قىل-
غانىكەن.

ئالدىنقى قىسىملار سەنتەيگە يېتىپ كېلىپلا ستەيدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى، ئەمما ئۆتەيدە بولسا، بىر لىيەندەك ئەسكەر بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. دۈشمەننى قانداق يوقىتىش كېرەك؟ مانا بۇ جەڭدىكى باش قاتۇرىدىغان مۇھىم مەسىلە ئىدى. ئۇلار ئاخىرى ئەپچىل ئامال تېپىپ، كېچىسى ئىككى ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ، بىر دۆڭدىن يىگىرمە - ئوتتۇز قېتىم ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن ماشىنىدا ئەسكەر كېلىۋاتقان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ نۇرغۇن ماشىنا چىراغلىرىنى كۆرگەن ستەي، ئۆتەيدە تۇرغان دۈشمەنلەر: «ئىلىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ماشىنا بىلەن پارتىزانلار كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئۆلەر- تىرىلىشىگە قارىماي داخىيەنزىنگە قاراپ بەدەر قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىمىز ستەي، ئۆتەيلەرگە بىر پاي ئوق ئاتماستىن كىرىپ بارىدۇ. ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەخمەقلىقىغا كۈلۈشتى، قېرىنداش قىسىملارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

بۇ قېتىمقى جىڭغا قاراپ سەپەرگە چىققان تۆتىنچى زاپاس پولك سەنتەيدىن ئۆتەي، جىڭلارغا قىلىنىۋاتقان پىيادە سەپەرنىڭ بىرقەدەر جاپالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. 7 - ئاي تومۇزنىڭ راسا ئىسسىق ئەۋج ئالغان مەزگىلى بولۇپ، چىدىغۇسىز ئىسسىق ئادەم بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ، كىشىلەرنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاقاس چۆللۈك، سۇسىزلىق جەڭگىۋار يۈرۈشكە زور توسالغۇ ئىدى. شۇڭا كوماندىرلار ھەربىر جەڭچىنىڭ ئۆز باكلاشكىلىرىغا تولۇق سۇ ئېلىۋېلىش، ھەربىر جەڭچى قۇرۇتقان ناندىن يېتەرلىك ئېلىۋېلىش، ئېغىر كىيىم- كېچەكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم- فامىلىلىرىنى يېزىپ باتالىئون ئارقا سېپىگە تاپشۇرۇش، ئاياغ- كىيىملەر بىر قېتىم تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، يىرتىلغانلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن جەڭچىلەر تولۇق تەييارلىق قىلىشتى. قىسىم سەنتەيدىن كەچتە يولغا چىقىپ، ستەيگە بارغاندا بىر قېتىم دەم ئالدى. يۈرۈش تاشيول بىلەن داۋاملاشقانىدى. بۇ شېغىللىق قاقاس يولدا، كۆيدۈر-

گۈچ قىزىق ئاپتاپتا يول يۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئايىغى يېڭى بولغاچقا، پۇتىنى غاجاپ قاپارتىۋەتكەن، ئىسسىق شامال يۈز-كۆزىنى يېرىۋەتكەندى. تاڭ ئېتىپ كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، چۆلئادىرغا ئۇلاشتۇق. بۇ يازنىڭ تومۇز مەزگىلى بولغاچقا، كۈن قاتتىق قىزىپ، پۇتۇن ئەزايىدىن تەر شۈرقىراپ ئاقاتتى، تەر دەستىدىن كىيگەن كىيىملەردىن شور ئۆرلەپ قېتىپ كەتكەندى. ئېغىزلار قۇرۇپ كالپۇكلىرىنى گەژ باغلاپ كەتتى. شۇ تاپتا سايداپ دەم ئالغۇدەك بىرەر تۈپ قارىياغاچ بولسىچۇ كاشكى... يۈرۈش ئۈستىدە قىسقا دەم ئېلىشلار بولغاندا جەڭچىلەر تاشيولدىكى كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىغا، ئەتراپتىكى يۇلغۇنلار ۋە تىكەنلەرنىڭ دالدىلىرىغا كىرىشۋالاتتى. قىلچىمۇ شامال تەپتى بولمىغاچقا، بۇ دالدىلارنىڭ دالدا بولغۇدەك يېرىمۇ يوق بولۇپ، ئىسسىقتا تىنچىق قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئىسسىپ بەدەندىن ئوت بولۇپ كېتەتتى، شور ئۆرلەپ كەتكەن كىيىملەر بەدەنگە سۈركىلىپ قىزىرىپ ئېچىشتۇراتتى. بەزىلەرنىڭ قۇرۇتقان نانلىرىمۇ، باكلاشكىدىكى سۇلىرىمۇ ئالللىقاچان تۈگەپ كەتكەندى. بولۇپمۇ سەپنىڭ ئارقىدا كېلىۋاتقان ئۈچىنچى باتالىيوندا ئەھۋال خېلى ئېغىر ئىدى.

جەڭچىلەر تونۇردەك ئىسسىق ھەم ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئاتلىرىنى سويۇپ ئاتنىڭ ئىسسىق قېنىنى يېتىپ قالغان بۇ جەڭچىلەرگە ئىچۈردى. لېكىن بۇنچە نۇرغۇن ئادەمگە بىرقانچە ئاتنىڭ قېنى قانداقمۇ يېتىشسۇن، مانا مۇشۇنداق جاپا-مۇشكۇللەرنى تارتىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ جەڭچىلەرنىڭ روھى يەنىلا ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار جۇشقۇن روھ بىلەن ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ قىزىقچىلىق قىلىشىپ:

سەنتەيدىن چىقىپ كېلىپ،
چۆلئادىرغا ئۇلاشتۇق.
قورساق ئېچىش يامان ئىكەن،
قاتتىق ناننى تالاشتۇق.

دېگەن قوشاقلارنى ئېيتىشىپ غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۆتەينىڭ ساز-لىقىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۈچىنچى باتالىئون سازلىقتا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا جەڭچىلەر مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. بۇلاق سۈيىنى قانغۇدەك ئىچىپ، پۇت-قول، يۈزلىرىنى يۇيۇپ راھەتلىنىشتى-دە، ئوڭدىسىغا يېتىپ راسا دەم ئالدى. جەڭچىلەر ئۇزۇن يول يۈرۈپ چاڭقاپ كەتكەچكە، بۇ سۇ گويا زەمزەم سۈيىدەك سوغۇق ھەم شېرىن تېتىيتتى. ئىككىنچى ئىچكەندە سۇدىكى سازلىقنىڭ سىپسىق پۇرىقى كى-شىنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۇقىرى قوماندانلىق ئورگىنى-دىن تۆتىنچى پولك جىڭغا ئوموميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىدىغانلىقى، مەسىلەن، بىرىنچى باتالىئون ئالدىغا بىرىپ يۈگجىخۇ، باجياخۇنى مۇھاسى-رىگە ئالغان قىسىملارغا ياردەملىشىپ جىڭغا قىلىدىغان ئوموميي ھۇجۇمنىڭ يولىنى ئېچىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىئونغا زاپاستا تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى باتالىئون ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ پۈتۈن جەڭچىلەرنى يىغىپ سەپەرۋەر قىل-دى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن جىڭغا كىرىدىغان مۇھىم دەرۋازا باجياخۇ، يۈگجى-خۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، نۇرغۇن يوشۇرۇن پوتەي-لەرنى ياساپ، ئوت توچكىلىرىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. باجياخۇ، يۈگ-جىخۇ دېگەن يەرلەر كىچىك قۇم تۆپىلىكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، دۈشمەن پو-تەيى بىلەن قۇم دۆۋىسىنى پەرق قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي-نىڭ يەر تۈزۈلۈشى قۇم دۆۋىلىرى بەئەينى پوتەيدىن پەرقلەنمەيتتى. قۇرۇق سۆكسۆك يىلتىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يەر شارائىتى ناھايىتى مۇرەك-كەپ ئىدى.

1945-يىل باش كۈزنىڭ بىر سەھىرى، تۇيۇقسىز گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان دۈشمەنلەرنى ئويغىتىۋەتتى، جىڭغا ئو-موميۈزلۈك قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى باجيا-خۇ، يۈگجىخۇلارنى ئازاد قىلىش كېرەك ئىدى. باجياخۇ ئورۇشى دەھشەت-

لىك بولدى. دۈشمەنلەر پوتەيلىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسـ
ىتىۋاتاتتى. شىددەتلىك ئوق قېرىنداش قىسىملارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتماقتا
ئىدى. بولۇپمۇ دۈشمەن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان «شىبە ئىسكادرونى»
نۇرغۇن قۇربان بېرىش بەدىلىگە باجياخۇ ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق
كۆرسەتتى. بولۇپمۇ تاشيولنىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكىگە جايلاشقان دۈشمەننىڭ
بىرنەچچە پوتەيلىرىدىكى پىلموتلاردىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار قىسىملارنىڭ
ئالغا ئىلگىرىلىشىگە زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، جەڭچىلەرنىڭ قىمىر قىلـ
ىشىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئالغا ئىلگىرىلىگەن جەڭچىلەرنىڭ بىرىنىڭ كەيـ
ىندىن يەنە بىرىگە ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلاتتى. بەزىلىرىنىڭ يارىلىنىشى خېـ
ىيلىلا ئېغىر ئىدى. ئىس- تۈتەك ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. يەر
بېغىرلاپ ماڭغاندا جىغان، تىكەنلەر يۈز- كۆزلەرنى تىتىپ، كىيىم- كېچەكـ
لەرنى يىرتىپ جەڭچىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋاتاتتى.
قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ چاغدا تۆتىنچى پولك بىرىنچى باتالىئوندىن كوـ
ماندىر ئودېلنىيە نادىروپ زىخرۇللام، ئابدۇكېرىم، تاھىر مامۇت، ئابـ
دۇللام مامۇت قاتارلىق تۆت نەپەر جەڭچى «پوتەينى بىز پارتلىتايلى» دەپ
قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ پوتەيلەرنى ۋەيران قىلماي تۇرۇپ ئالغا
ئىلگىرىلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا باشقا جەڭچىلەرمۇ پوتەيلەرـ
نى پارتلىتىشقا بىزمۇ بارىمىز دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئارقاـ
ئارقىدىن قىلىنغان بۇ تەلەپلەرگە بىنائەن كوماندىر باتالىئون توختى مەمەـ
توپ جەڭچىلەرگە بىر- بىردىن سەپسېلىپ سۈرلۈك قىياپەتتە: «سىلەرنىڭ
قەھرىمانلىق جاسارىتىڭلارغا رەھمەت. ئالدىمىزدىكى ئىككى- ئۈچ پوتەينى
يوقىتىش ئۈچۈن ئانچە كۆپ كىشىنىڭ بېرىشى ھاجەتسىز، كۆرۈۋاتىسىلەر،
دۈشمەن ئىنتايىن غالجىرلىق بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ. نۇرغۇن سەپـ
داشلىرىمىز ئىسسىق جېنىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا ئۈچ- تۆت
ئادەم بارسىلا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. مېنىڭچە، زىخرۇللام باشلىق سىيىـ
تىپ، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئۈچ جەڭچى بارسا بولىدۇ» دېدى. زىخرۇللام

باشلىق بۇ ئۈچ جەڭچى دەرھال ئاپتوماتلىرىنىڭ ئوقلىرىنى تولۇقلاپ زاپاس ئوقلارنى ۋە ھەر بىرى ئۈچ- تۆتتىن گراناتنى بەلگە مەھكەم قىستۇرۇپ يەر تۈزۈلۈشتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قۇم دۆۋىلىرىنى، جىغان، چات-قاللارنى دالدا قىلىپ دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئالغا ئۆمىلەپ يۈرۈپ كەتتى. سەھەر ۋاقتى بولسىمۇ ئەتراپ تېخى يورۇپ كەتمىگەن، ئىس- تۈتەكلەر ئە-چىدىن نىشاننى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى. دۈشمەن پوتەيلىرى توختىماي قا-رىقويۇق ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە تۈرۈپ- تۈرۈپ توختاپ قالاتتى. زىخرۇللام قاتارلىقلارمۇ شۇ توختاش ئارىلىقىدا خېلى ئالغا ئىلگىرىلىۋالات-تى. پوتەيگە يېقىنراق كەلگەندە زىخرۇللام: «يولداشلار، ئادەم كۆپ بول-سا نىشان ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ- دە، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەسىر يېتىدۇ» دەپ، ئىككى ھەمراھىنى دەرھال بىر يۇلغۇن تۈۋىگە مۆكتۈرۈپ قويـ-دى، ئۇلارغا: «سىلەر بىزنى قوغداڭلار» دەپ سىيىتوپ، ئابدۇكېرىمنى ئە-گەشتۈرۈپ پوتەيگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. پوتەيگە يىگىرمە مېتر قال-غاندا، زىخرۇللام دۈشمەن پوتىيىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، پوتەيدىكى پىلې-موت ئاغزىنىڭ قايسى تەرەپكە قارىغانلىقىنى، قەيەردە ئارىلىق بارلىقىنى تا-زا ئوچۇق كۆرۈۋېلىپ، ئاددىيغىنا بىر خەرىتە سىزدى- دە، سىيىتوپقا بېرىپ، كوماندىرغا دەرھال دوكلات قىلىشنى تاپشۇردى. سىيىتوپ خەرىتىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئۆمىلەپ يۈرۈلۈشىغا پوتەيدىن ئېتىلغان پىلىموت ئوقى تېگىپ شۇ يەردىلا يىقىلىپ يارىدار بولدى. بۇ چاغدا دۈشمەنلەر پوتەيگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلار ئۆلدى دەپ قارىغان بولسا كېرەك، ئوق ياغدۇرۇشنى بىردەم توختاتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانغان زىخرۇللام دەرھال ئالغا ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەن پوتىيىگە گرانات تاشلىدى، «گۇم» قىلغان ئاۋاز بى-لەن تەڭلا دۈشمەن پوتىيىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. ئەمما باشقا پوتەيلەر-دىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش پۇرسىتى بەرمەيۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆلۈم دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز كىردى ۋە بىچارە ئانىنىڭ بالام

دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان سىماسى كۆز ئالدىدىن لاپ قىلىپ ئۆتتى-
دە ، شۇ ھامان پوتەي ئىچىدىكى دۇشمەنگە بولغان نەپرەت ۋە غەزىپى قايناپ
تاشتى. ئۇ « يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ، ئانا ، مەندىن رازى بول ! » دېدى-دە ،
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دۇشمەن ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ئىككىنچى پوتەيگە قەي-
سەرلىك بىلەن يېقىنلاپ بېرىپ ، ئۇنىڭغىمۇ گرانات تاشلاپ ، ئۆزى يەر بې-
غىرلاپ يېتىۋالدى. يەنە « گۈم » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قويۇق ھەم قاڭسىق
ئىس-تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى. دۇشمەننىڭ ئىككىنچى پوتېيىمۇ پارتلاپ ۋەيران
بولدى. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقماس قەيسەر روھ ، جان پىدالىق بىلەن دۇشمەن-
نىڭ ئىككى پوتېيىنى ئۇجۇقتۇردى. شۇ چاغدىلا بىرنەچچە سېكۇنت ئۆزىگە
ھاردۇق يەتكەندەك قوللىرى لاسسىدا بوشىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يە-
نىلا قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈچىنچى پوتەيگە قاراپ تېزلىكتە
يەر بېغىرلاپ ماڭدى ۋە دۇشمەنلەرنىڭ قاچماقچى بولۇپ پوتەيدىن چىقىپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. زىخرۇللام دەرھال ئۇلارغا قارىتىپ بارلىق كۈ-
چى بىلەن يەنە گرانات تاشلىدى. دۇشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ يېنىپ پوتەي
ئىچىگە كىرىۋالدى. ئارىلىق بەكمۇ يېقىن بولغانلىقتىن ئۇ ئاتقان گرانات
پارچىسىدىن بىر-قانچىسى ئۆزىگىمۇ تېگىپ كېتىپ ئۇنىڭ يانپاشلىرىنى زە-
خىملەندۈردى. قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ھالسىزلىنىپ كۆز ئالدى قا-
راڭغۇلىشىپ كەتتى. پوتەي ئىچىدىكى دۇشمەنلەر زىخرۇللامنىڭ يارىلانغانلى-
قىنى كۆرۈپ ، ئۇنى تىرىك تۇتماقچى بولدى-دە ، پوتەيدىن چىقىشقا باش-
لىدى. ئامما سەزگۈر زىخرۇللام كۆزىنى پوتەيگە تىكىپ ياتقانىدى. ئۇ بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ئىككى دومىلاپلا بىر يۇلغۇن كەينىگە مۆكۈنۈۋال-
دى. ئۇ يۇلغۇننى دالدا قىلىپ تۇرۇپ تەسلىكتە ئاپتوماتنى قولغا ئېلىپ ،
پوتەيدىن چىقىۋاتقان دۇشمەن ئۈستىگە ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇرۇپ ئىككىسى-
نى يەر چىشلەتتى. بۇ چاغدا زىخرۇللام يۇلغۇن تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي-
غان ئىككى جەڭچى پوتەيگە ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇ يەردىكى دۇشمەنلەرنى ئۇ-
جۇقتۇردى. ئۇلار كەلگەندە زىخرۇللام قانسىراپ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

جەڭچىلەر دەرھال ئۇنى كۆتۈرۈپ باتالىئونغا قايتتى. بۇنىڭ بىلەن باجياخۇغا ھۇجۇم قىلىش توسالغۇسى بىتچىت قىلىندى. جىڭغا ھۇجۇم قىلغان قىسىملار شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن يۇڭجىخۇغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان قۇربانلار بەدىلىگە باجياخۇ، يۇڭجىخۇلار ئازاد قىلىندى. بۇ ئىككى چوڭ توسالغۇ يوقىتىلغاندىن كېيىن جىڭمۇ تېزلا ئازاد قىلىندى.

ساقلاپ ياتقان دۈشمەنىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ تىرىك قالغىنى ئامالسىز جىڭنى تاشلاپ موزىيسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي، ھەتتا پۈتىغا ئورىۋالغان گوجەي لاتىلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ ئۈچەيدەك سۆرىلىپ قالغىنىمۇ قارىماي بەدەر قاچتى.

زىخرۇللام سانىتارلار بۆلۈمدە بىرنەچچە كۈن يارىسىنى تاڭدۇرۇپ داۋالانغاندىن كېيىن ساقىيىپ قىسىمغا قايتتى.

زىخرۇللامنىڭ يۇڭجىخۇدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلار پۈتۈن پولك بويىچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەتتى. باتۇر ـ مەردلىككە قايىل بولمايدىغان، ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىم بار؟! رازىمەنلىك، قايىللىق تۇيغۇلىرى يانغان جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى. تونۇمىغانلار ئۇنى كۆرۈشكە، رەھمىتىنى ئېيتىشقا ئالدىرىشاتتى، ئۆز قىسمى، قېرىنداش قىسىملار ئىچىدە بولسۇن ئۇنىڭ جان پىدالىق روھى، ھەتتا ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشمۇ تىللاردا داستان ـ باتۇرلۇق قىسسىسى بولۇپ سۆزلىنىپ يۈردى. پۈتۈن ئوفىتسىر ـ جەڭچىلەر بۇ ئۆلۈمنى يەڭگەن جەڭچىدىن پەخىرلەندى.

جىڭ ئازاد قىلىنىپلا ئارقىدىن شىخومۇ ئازاد قىلىندى. تۆتىنچى پولك قىسىملىرى توختىماي شىخودىنمۇ ئۆتۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كۈيتۇڭ دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە تۇردى. كېيىن يەنىسخەيدە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا يۆتكەلدى. كۈيتۇڭ دەرياسى بويىدا قىسىملار بىرنەچچە كۈن دەم ئالدى. يارىدارلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، بىر پارچە بولكىنىمۇ تەڭ تالىشىپ يەپ كەلگەن نۇرغۇن ھەر مىللەت جەڭچىلىرى ئارىمىزدىن

چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇرۇش، دەھشەتلىك ئۇرۇش ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئەكەتكەنىدى. بەزىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، باتۇر، قەيسەر ئوغلانلىرىنى غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ دەپ كۈتۈۋاتاتتى. ئىنسان ھاياتى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھەم ئېچىنىشلىق. ھاياتقا ھەقىقىي قارىغاندىلا، مۇھەببەت بىلەن قارىغاندىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ شانلىق قۇربانلارنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلىرى، سۆيۈملۈك ئاياللىرى، ئوماق باللىرى بەختىيار كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى نەقەدەر تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، بەزىلىرىنىڭ باللىرى دادىسىنى سېغىنىپ ئاپىسىدىن كۈندە نەچچە قېتىم سورايتتى، ئاپىسىدىن خاپا بولۇپ قالسا دادام كەلگەندە دەيمەنغۇ، سېنى تازا ئۇرىدۇ دەپ دادىلىرىنىڭ تېز كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى مانا ئەمدى تۈگىگەنىدى. دەھشەتلىك ئۇرۇش ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قانغا بوياپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ قالدى. لېكىن تارىخ ھەرگىز بۇلارنى كۆمۈۋەتمەيدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۇلارنى ئەسلەيدۇ، قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ، ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. باللىرىغا دادىسىنىڭ باتۇر - قەيسەرلىكلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. باللىرى قەھرىمان باتۇر دادىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆيگەن يارلىرى ئايدىڭ كېچىدە، ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان تېرەكنىڭ دالدىسىدا ئۆستەڭ بويىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ مۇرادىغا قانمىغان يارلىرى ئۈچۈن ھەسرەتلىرىنى ئاچچىق يۇتۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ئاققان ياشلىرىنى تۆكۈشىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# يەنسىخەي ئورمانلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش

## ئورمانلىقتىكى جەڭچىلەر ھاياتى

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى ، خېلى سالقىن چۈشۈپ قالغان چاغلار ئىدى . ئەتىگىنى ۋە ئاخشاملىرى تالاغا چىقسىڭىز سوغۇق ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى . كۈندۈزلىرى بولسا بۇ سېخىي ۋە خاسىيەتلىك كۈزنىڭ ئاپتىپى ئا- دەمگە شۇنداق ھۇزۇر بېغىشلايتتى .

دەل مۇشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆ- نىلىش قىسمى دۈشمەننىڭ جىڭ ، شىخودىكى « يېڭىلمەس ئىستىھكام » دەپ ئا- تالغان مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، دۈشمەننى شىددەت بىلەن سۈرتوقاي قىلىپ شەرققە چېكىندۈردى .

قوماندانلىق شتاب دەرھال ئالدىنقى سەپ قىسىملارغا بۇيرۇق چۈشۈ- رۈپ ، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى . قىسىملارنىڭ ئالدى ساندىخوزا (ھازىرقى ساۋەن) ، شىخەنزىگىچە يېتىپ باردى ، ئالدىن- قى قىسىم ماناس كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي بېشىدا دۈشمەنگە قادىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى . جىڭ ، شىخودىن دۈشمەننى قوغلاپ ماڭغان قىسىملاردىن غۇلجا تۆ- تىنچى پولك تەگرىتاغ ئېتىكى ئاستىغا ، يەنى قەدىمكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق — يەنسىخەيگە جايلاشتى .

ئادەم ئىزى باسمىغان بۇ ئورمانلىق قارىياغاچ ، يۇلغۇن ، سۆكسۆك ، ياۋا كەندىر ۋە قومۇشلۇقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، جەنۇبىي تەرىپى تەگ-

رىتاغ ئېتىكىگە تۇتىشىپ، ئۈرۈمچى- ئىلى تاشيولى شۇ يەردىن ئۆتەتتى. شىمالىي تەرىپى قېلىن قويۇق جاڭگاللىق ۋە قومۇشلۇق ئىدى. ئارىلاپ بۇ جاڭگالدا ياۋا توڭگۇزلارنىڭ قومۇشلارنى شىلدىرلاتقان ئاۋازلىرى ۋە بەزى ياۋا توڭگۇزلارغا يەم بولۇشتىن ئۈركۈپ قاچقان ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار ۋە جان- جانىۋارلارنىڭ، قۇشلارنىڭ چىرقىراپ، پالاقلاپ ئۇچقانلىقى، ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ خىرىس قىلىپ خورتۇلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئادەمدە قانداقتۇر بىر يېقىمسىز، قورقۇنچلۇق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ ئۆزىنى سۈر باساتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن ئادەم تەسلىكتە ئۆتەتتى. غەربىي تەرىپى تاشلىق يار بولۇپ ئەسلى كونا سۇ يولى ئىدى، لېكىن سۇ بولمىغانلىقتىن ئەسكى يارلىققا ئايلىنىپ قالغان. شەرقىي تەرىپى ساندىخوزا ھازىرقى ساۋەنگە تۇتىشاتتى.

بىپايان كەتكەن كەڭ ۋە كۆركەم ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا بىزنىڭ غۇلجا تۆتىنچى پولك كېلىپ ئورۇنلىشىپ، شەرقتىن كېلىدىغان دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەش- پەش دېگۈچە سېنتەبىر ئېيى ئاخىرلىشىپ كەچ كۈز يېتىپ كەلدى. جەڭچىلەر ياتىدىغان جاي بولمىغاچقا، يەر ئاستى گەمە ئۆيلەرنى كولاشقا توغرا كەلدى.

قىسىملار بۇ تەبىئىي ئورمانلىقنى ئورمانباغ دەپ ئاتاشتى. «ئورمانباغ» دېسە شۇ چاغدىكى يولداشلار ھەممىسى ئەسلىدىكى قارىياغاچلىق «يەنسخەي»نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىسمى- جىسمىغا لايىق ئورمانباغ ئىدى.

ئورمانلىق ئىچىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، ياۋا كەندىرلەرنىڭ مەست قىلغۇچى ئۆتكۈر ھىدى دىماغلارنى غىدىقلايتتى. بولۇپمۇ گۈللەرنىڭ ھىدى ئادەمنىڭ قەلبىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. ھەر خىل قۇشلار چۇچۇك تىللىرى بىلەن سايراپ جەڭچىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بەزى جەڭچىلەر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خى-

يال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا جەڭچىلەر جىنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ يۈرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھايات- ماماتلىق جېڭىدە ئەجەل قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدىلا ئەگىپ يۈرەتتى. ھازىر چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرگەن يولداشلار بىردەمدىلا كۆزىنى يۇمۇپ ھاياتلىق بىلەن خوشلىشاتتى. بەزىلەر ئاتا- ئانىسىنى سېغىنىپ، بەزىلەر سۆيگۈنىنى، ئۇماق- تاتلىق باللىرىنى سېغىنىپ چوڭقۇر خىياللارغا كېتەتتى. بەزىدە ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇپ شۇنداق بىر قىزغىن ھايات باشلىنىپ كېتەتتىكى، گويا ئۇرۇش مەۋجۇت ئەمەستەك تاماق قاچىسىنى داپ قىلىپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئەمەت قىزىقچى كالىنىڭ مۆڭگۈزىنى سۇناي قىلىپ توم ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

ئورمانباغدىكى بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز چىغىر يوللار ئەپسانىۋى ھېكايىلەردىكى بارسا- كەلمەس يوللارنى ئەسلىتەتتى. ئەگەر بۇ چىغىر يوللارغا ئۇقمىغان ئادەم كىرىپ قالسا، يول تېپىپ قايتىپ چىقىشى تەس ئىدى. ئورمانباغنىڭ ئىچى كېچىلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى. بەزىدە بولسا يىراق- يىراقلاردىكى چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، قەيەرلەردىدۇر بىر يەرلەردىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى، ياۋا توشقانلارنىڭ خورتۇلداشلىرى ئورمان كېچىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

تۆتىنچى پولك ئورمانلىقتىكى ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتى. بىرىنچى باتالىيون تەگىرىتاغ ئېتىكىنى بويلاپ، ئۈرۈمچى- ئىلى تاشيولى ئۈستىگە، ئىككىنچى باتالىيون ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، بىرىنىڭ ئۈچىنچى باتالىيون ئورمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قومۇشلۇققا، پولك شتابى تەگىرىتاغ ئېتىكىدىكى جاڭگاللىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قىلىن قارىياغاچلىق ئارىسىغا ئورۇنلاشتى.

پولكنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدىكى كىشىلەر: پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا ئىدى. بۇ كىشى ئاق يۈزلۈك، قارا قاش كەلگەن بولۇپ، قەددى-

قامىتى كېلىشكەن ، قاڭشارلىق ، بويى ئېگىزرەك ، قوي كۆزلۈك ، سۆزلىگەندە سالماق ، تەمكىن ، لېكىن كۆپ سۆزلىمەيدىغان ، يىگىرمە توققۇز ياشلاردىكى ، يېشىغا نىسبەتەن قارىغاندا خېلىلا ئېغىر - بېسىق ، چىرايلىق ئادەم ئىدى . سىياسىي مۇئاۋىن : ھاشىم گۆھەرباقى دېگەن كىشى ئىدى . ئۇ ، ئوتتۇرا بويلۇق ، قارامۇتۇق ، قاراقاشراق بولۇپ دائىم قېرىنداشنى قۇلىقىغا قىستۇرۇۋالىدىغان ، سىلىق - سىپايە كونا مائارىپچى ئىدى . پولك شتاب باشلىقى : ماتسوك (ئاق رۇس) بويى پاكار ، ئۆزى ئورۇق ، چىراي شەكلى ئاق سېرىق ، سېرىق شالاڭ چېچىنى بىر يانغا تاراپ ، پاكىز - رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان تېتىك ئادەم بولۇپ ، ماڭغاندا ئۆزىگە ماس ھالدا قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ ماڭىدىغان ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىۋالىدىغان كۆپ سۆزلۈك ، يېنىك تەبىئەتلىك قىرىق ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەم ئىدى . مۇئاۋىن پولك شتاب باشلىقى : غىلاجىدىن خەيرى (تاتار) چاقچاقچى ، ئاق كۆڭۈل ، ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان ئادەم ئىدى . ئارقا سەپ خوجىلىق باشلىقى زۇنۇن ئاكا ئوتتۇرا بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ ، سۆزى ئىنتايىن سىلىق ، ئۆزى سەل قۇۋراق ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئالمايدىغان ، دائىم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ، ھۆرمەتلىشىنى خالايدىغان ئادەم ئىدى . ئەگەر باتالىيونغا بىر نەرسە كېرەك بولۇپ قالسا ، جەڭچىلەر ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئالدىغا بېرىپ تىك تۇرۇپ ، چاس بېرىۋېتىپ نېمىنى سورىسا شۇ نەرسىنى شۇ زامات ھەل قىلىپ بېرەتتى . ئەگەر ئۇنداق قىلماي ئادەتتىكىدەك بېرىپ بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلسا ھېچقانداق نەرسىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى .

پولك باشلىقلىرى مۇشۇ قېلىن قارىياغاچ ئاستىدا يىغىن ئېچىپ ، قىسىملارنىڭ مۇداپىئەلىنىش لىنىيىلىرىنى ۋە كولىنىدىغان ئاكوپلىرى (ئۆتتۈشمە يوللار) نى قەيەرلەرگە ئوت توچكىلارنى ياساش ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىسىملارنىڭ قىشلىق تۇرار يەر ئاستى گەمىلەرنى كولاش قاتارلىق پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى . ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتۈن قىسىم بويىچە پولك روتىسىدىن يۈ-

قىرى كادىرلار يىغنى چاقىرىلدى. پولك كوماندىرى قىيۇمبەگ غوجا تەمكىن- سالماق قەدەملەر بىلەن يىغىن ئورنىغا كىرىپ كېلىپ كۆپچىلىكنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن ئالدىغا كېلىپ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن تامىقىنى قىرىپ كۆپچىلىككە قاراپ سۆز باشلىدى:

— يولداشلار، كوماندىرلار، بىزنىڭ قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن بۇ جايغا، يەنى يەنىسخەي ئورمانلىقىغا كېلىپ مۇداپىئە تۇتتۇق. لېكىن ئالدىمىزدا قىينچىلىقلار كۆپ، هاۋا كۈندىن- كۈنگە سوۋۇۋاتىدۇ. جەڭچىلەر ياتىدىغان ئۆيلەر تېخى يوق. ۋەزىيەت ئېغىر، شارائىتى ناچار بولسىمۇ بىز جەڭ قىلىمىز، ئۇرۇش قىلىمىز. دۈشمەن بىزنى كۈتتۈپ، مارىلاپ ياتىدۇ. ئۇرۇش بولىدىكەن قان تۆكۈلىدۇ. خەلقىمىز بىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتتۈپ، خۇددى تەبىئەت قۇياشقا تەلمۈرگەندەك تەلمۈرمەكتە. بىز نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن قان تۆكىمىز؟ بۇ ئەتكى بەخت- سائادەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن. شۇڭا بىز قىسىمدىكى بارلىق كوماندىر- جەڭچىلەر ئىنتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، قىينچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ، سۇنماس، قەيسەر ئىرادىمىز بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىمىز كېرەك. ئۇرۇش بىزدىن پولاتتەك ئىنتىزام، پولاتتەك ئىرادە، قورقماس جەسۇرلۇق، باتۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن مۇشۇنچىلىك سۆز قىلاي، كونكرېت ۋەزىپىنى شتاب باشلىقى ماتسوك تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

شتاب باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ماڭلىيىغا چۈشكەن سېرىق چاچلىرىنى كەينىگە قايرىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككى ياغاچقا باغلاپ ئېسىلغان خەرىتىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن قولىغا ئۇزۇن كۆرسەتكۈچ تاياقنى ئېلىپ، كۆپچىلىككە بىر قارىۋېتىپ ناھايىتى سۇرلۇك قىياپەتتە سۆز باشلىدى.

ماتسوك ئۆزى پىشقەدەم ھەربىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي ئىنتىزامنى

قاتتق تەلەپ قلاتتى. ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ئۇزۇن يىل ھەربىي تەلم- تەربيە
ئالغان پىشقەدەم ھەربيلكنى بلىۋالغلى بولاتتى. گەپ- سۆزلىرى ئىنتاين
كەسكن ئىدى:

— يولداشلار، —دىدى ماتسوك، — بىز ئادەم ئاياغ باسمىغان بۇ قە-
دىمكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا كىلىپ ئورۇنلاشتۇق. ستراتىگىيە جەھەتتىن
ئىيتقاندا، بۇ جاي نىقابلىنىشىمىزغا ئىنتاين پايدىلىق. مۇداپىئە لىنىيىسى
جەھەتتە ئۇرۇمچى- ئىلى تاشيول تۇگۈنىنى توسۇپ ياتتۇق. بىزنىڭ قىسىم-
نىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، دۈشمەننىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ قايتۇرما ھۇجۇ-
مىغا ئۆتۈش يولىنى توسۇپ زەربە بىرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز دەرھال
ھەرىكەتكە كىلىپ ئاكوپ قىزىپ، پوتەي ياساپ، ئوت توچكىلارنى ياساپ،
يەر ئاستى گەمە ئۆيلەرنى كولىشىمىز كىرەك. ھازىر بولسا كەچ كۈز، كۈن-
دىن- كۈنگە سوغۇق چۈشۈۋاتىدۇ. قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۆزىمىز يا-
تىدىغان ئۆيلەرنى تەييارلىشىمىز كىرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قولىمىزغىلا
تايىنىشقا توغرا كىلىدۇ. كەڭ ئوفىتسىر- جەڭچىلەرنىڭ جاپا- مۇشەققەتنى
يىڭىپ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىشىمىزگە توغرا كىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئىش-
لەشنى تەلەپ قىلىمىز. تۆۋەندە ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى ئورۇنلاشتۇرىمىز. قىنى
بۇ خەرىتىگە قاراڭلار، — دىدى ئۇ كەسكىن ۋە سۇرلۇك قىلىپ، — بىرىنچى
باتالىئون ئۇرۇمچى- ئىلى تاشيول بويىغا ئۈچ ئوت توچكا ياسايدۇ. ئورنى
مانا ماۋۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ تاياقچە بىلەن خەرىتىدىكى ئوت توچكا قويۇ-
لىدىغان بەلگىنى كۆرسەتتى، — ئۈچىنچى باتالىئون (بىزنىڭ باتالىئونىمىزنى
دەيدۇ) ئىپتىدائىي جاڭگاللىقنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومىتىر
ئاكوپ قازىدۇ. ئاكوپنىڭ شەرقىي بىشىنى ئىككىنچى باتالىئونغا تۇتاشتۇرى-
دۇ. ئىككىنچى باتالىئون ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر كىلومىتىر، غەربىتىن
شىمالغا قاراپ بىر كىلومىتىر سوزۇلغان ئاكوپ قازىدۇ ۋە ئىككى ئوت توچكا
ياسايدۇ. ئاكوپنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى بىرىنچى باتالىئونغا تۇتاشتۇرىدۇ.
ھەر بىر باتالىئون ئۆز رايونى دائىرىسىدە، روتا- ئىزۋوتلارنى ئورۇنلاشتۇ-

رۇپ، ئېزۋوت ياكى گۇرۇپپا بويىچە يەر ئاستى گەمە قازىدۇ. بۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ: قېزىلىدىغان يەر ئاستى گەمىنىڭ ئۆگزىسى يەر يۈزىدىن ئېگىز بولماسلىقى كېرەك. ھاۋادىن ياكى يەردىن قارىغاندا، ئادەم بارلىقى بىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۆتۈشمە يوللارنى قاتتىق يوشۇرۇش كېرەك. قېزىلغان ئاكوپلار چوڭقۇرراق قېزىلىپ، ئادەم ئېڭىشىپ ماڭسا كۆرۈنمەسلىكى كېرەك. بۇنىڭغا كېرەكلىك كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىق سايمانلارنى خوجىلىق بۆلۈمىدىكى زۇنۇن ئاكا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلارنىڭ تېزرەك پۈتۈشى ئۈچۈن قىسىم باشلىقى ھەيئەت تەشكىل قىلىپ، ئومۇمىي نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ. چۈشەنمىگەن ئورۇنلارنى بولسا سورىساڭلار بولىدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كۆپچىلىككە قارىدى. كۆپچىلىك بىردەك: «ھەممىمىز چۈشەندۇق، پىكرىمىز يوق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ماتسوك يانچۇقىدىن چىرايلىق قاتلانغان پاكىز ئاق قول ياغلىقنى ئېلىپ بۇرنىنى ۋە قولىنى سۈرتۈپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، قايتىپ كېلىپ جايىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى.

ئارقىدىنلا خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى زۇنۇن ئاكا ئورنىدىن قوپۇپ: «يولداشلار، بىز ھازىر خېلى نۇرغۇن كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇ تەييارلاپ قويدۇق، يەنە كېرەك بولسا شىخوغا بېرىپ تۆمۈرچىلەرگە زاكاز قىلىمىز» دېدى. شتاب باشلىقى دەرھال سۆز قىستۇرۇپ: «شىخوغا زاكاز قىلىدىغان گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، ھازىر نەق قانچىلىك بار شۇنى دېگىنە» دېدى. زۇنۇن ئاكا دەرھال جاۋاب بېرىپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق گۈرجەك، يۈز دىن ئارتۇق كەتمەن، ئەللىك ـ ئاتمىش دانە جوتۇ بارلىقىنى دېدى ئۇ شتاب باشلىقىغا قاراپ. «ھە، مۇنداق ئەمەلىي گەپنى قىلغىنىڭ ياخشى» دېدى شتاب باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ قوراللار بىلەن ئادەم دەم ئېلىپ، قورال دەم ئالماي، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ئىشنى تېز باشلاپ، تېز پۈتتۈرۈش كېرەك. مانا بۇ پۈتۈن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ» دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپلا تەبىئىي ئورمان قېلىن جاڭگاللىقتا يۇلغۇن، سۆكـ

www.uyghurkitap.com

سۆكلەر ، قومۇشلار ئارىسىدا يەر ئاستى گەمە قېزىش ، ئاكوپ كولاش ، ئوت توچكىلارنى ياساشقا ئوخشاش قايناق هايات قاينىمىدا قىزغىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى .

يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە قىسىم باشلىقلىرى هەيئەت تەشكىللەپ ، هەر بىر باتالىئونلار ، روتا ـ ئىزۋوتلارغىچە مۇداپىئە ئاكوپلار ، گەمە ئۆيلەرنىڭ قېزىلىش ئەهۋالىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى . دەسلەپتە ئۇلار بۇ ئورمانلىقتىكى باتالىئون ـ روتا ، ئوددىيلىنىيە ئارىلىقىدىكى يېگىدىن ئادەم دەسسەپ ياسىغان چىغىر يوللارنى كۆرۈپ هەيران قالدى . بۇ يوللار ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، خۇددى خەرىتىدىكى پويىز يوللىرىنى ئەسلىتەتتى . ئۇ يوللار هەر بىر مۇداپىئە لىنىيەلىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىپ ، بىرىنچى باتالىئون ئۈچىنچى روتىغا كەلگەندە ، روتا كوماندىرى ئىبراهىمجان دوكلات قىلىپ : — بىزنىڭ روتا ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىدى . جەڭچىلەرنىڭ روهى هالىتى يۇقىرى ، غەيرىتى چوڭ ،— دېدى .

— ياخشى بوپتۇ ، ئۇنداق بولسا تەكشۈرۈشنى سىلەردىن باشلايلى ، قېنى ئەمىسە يول باشلاڭ ،— دېدى كومىسسىيە باشلىقى غىلاجىدىن ئەۋزى (تا تار كىشى ئىدى) .

كومىسسىيەلەر ئالدى بىلەن روتا كوماندىرلىرى ياتىدىغان گەمىگە كىرىشتى .

گەمە چوڭقۇر قېزىلغان بولۇپ ، كۈنگەي تەرەپكە بىر ئويۇق دېرىزە قويۇپ ، مايلانغان نېپىز تاماكا قەغەز بىلەن چىرايلىق قىلىپ چاپلانغانىدى ، گەمىگە شۇ دېرىزە ئارقىلىق يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . گەمىنىڭ ئۈستى جاڭگالدىكى قارىياغاچلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ ، سىرتتىن قارىغاندا پەقەتلا كېسۋېتىلگەن ، قۇرۇپ قالغان ، قارىياغاچ شاخلىرىدەك كۆرۈنەتتى . هېچقانداق ئادەم بۇ يەردە يەر ئاستى گەمە بار ، دەپ ئويلىمايتتى . گەمە ئىچىگە تۆت دانە كارىۋات قويۇلغان بولۇپ ، كوماندىر روتا ، سىياسىي رەهبەر ، ياردەمچى كوماندىر روتا ، روتا سىنارشىنا (بۇ روتىنىڭ خوجىلىقىغا مەسئۇل)

جەمئىي تۆت ئادەم ئورۇنلاشقانىدى. گەمىنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈر زەي پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، ئەمما گەمە پاكىز، رەتلىك ئىدى. دېرىزىنىڭ قارشىسىدا ئويۇلغان ئويۇقتا ھەر خىل كىتاب، ژۇرناللار، گېزىت ھەتتا بەزى تەلىم-تەربىيىگە ئائىت كىتابلارمۇ تىزىپ قويۇلغانىدى. كومىسسىيەلەرنىڭ بىرسى كىتابلارنى كۆرۈپ «ۋاھ، ئىبراھىمجان، سىلەر پەقەتلا زېرىكمەيدىكەنسىلەر، مۇنۇ كىتابلارنى قاراڭ» دەپ كىتابلارنى بىردىن كۆرگىلى تۇردى. بۇ كىتاب، ژۇرناللار ئىچىدە ژۇرناللاردىن «شەرق ھەقىقىتى»، رومانلاردىن «دەھشەتلىك تېھران»، «سىرلىق سوقماقلار»، «ئۆتكەن كۈنلەر» قاتارلىق كىتابلار، بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ ۋىلايەتتە چىقىدىغان گېزىتلەرمۇ بار ئىدى.

گەمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تامدا تەمبۇر بىلەن بىر دۇتار ئېسىقلىق تۇراتتى. «بۇلارنى كىم چالىدۇ؟» دەپ سورىدى ئارىدىن بىرسى. ئىبراھىمجان جاۋاب بېرىپ: «بىزنىڭ روتىدا چالىدىغانلار كۆپ، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى روتا بويىچە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىمىز، ھەتتا باشقا باتالىئوندىكى ئوفىتسېرلارمۇ بىزنىڭ روتىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېتىدۇ» دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

بۇ ئەھۋالدىن كومىسسىيەلەر ئىنتايىن رازى بولدى ۋە بۇ روتىغا ياخشى باھا بېرىپ باشقا جەڭچىلەرنىڭ گەمىلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ، قايتىپ كېتىشتى. شۇ كۈنى كومىسسىيەلەر ھەر بىر باتالىئوننى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە كومىسسىيە باشلىقى غۇلجىدىن پولكنىڭ باشلىقلارغا تۇنۇگۈنكى گەمىلەرنى، ئاكوپلارنى، ئوت توچكىلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. دوكلاتتا، بۇ قېتىم تەكشۈرۈشتە، قىسمىنىڭ بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئىسسىق گەمىلەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقى، ئاكوپلار ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ، ئۆلچەمگە لايىقلاشقانلىقى، ئوت توچكىلار ياسىلىپ، ئۈستى ئوبدان نىقابلانغانلىقى ئېيتىلىپ، ئەمدى باتالىئون-روتىلار ۋە قىسىمنىڭ سىياسىي تەلىم-تەربىيىسى، ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، مەشىق ۋاقىتلىرىنى ئۇزارتىپ، جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيىسىنى

ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سىياسىي ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، جاسارىتىنى ئاشۇرۇش لازىملىقنى ئۇتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن پولك باشلىقلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئورمانباغدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ قىزغىن ھاياتى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى كەچ كۈزگە ئۇلىشىپ، 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بىر تەرەپتىن مۇداپىئە لىنىيىلىرىنىڭ پۈتمەي قالغان، ئۆلچەمگە توشمىغان يەرلىرىنى ياساپ پۈتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پولكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىياسىي ئۆگىنىشلەرنى داغدۇغىلىق باشلىۋەتتى.

پۈتۈن پولك جاڭگالدا ھەربىي مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. تەنتەربىيەدە: تورنىكقا ئېسىلىش، يالغۇز قارىغاي ئۈستىدىن مىڭىپ ئۆتۈش، ئېگىزگە، ئۇزۇنغا سەكرەش، قارىغا ئېتىش، يانپاشلاپ بىر يان بىلەن ئۆملەپ مېڭىش قاتارلىق تۈرلەر مەشىق قىلىناتتى. بۇ ھەرىكەتلەر تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ ھەرىكەتتە بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئىشتانلىرى چاتقاللىقلارغا ئىلىنىشىپ قېلىپ يىرتىلىپ كېتەتتى - دە، بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالسا، باشقىلار كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرى ۋە قوللىرىنى چاتقانلار، تىكەنلەر ئېغىر زەخىملەندۈرەتتى. جاڭگالدىكى چىغىر يوللاردا يۈگۈرۈپ مەشىق قىلىشمۇ ئاجايىپ قىزىق ئىدى. بۇ چىغىر يوللاردا بىردىن تىزىلىپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغاندا، يوللار بىر كىشىلىكلا بولغاچقا، ئالدىنقى بالىنىڭ چاپىنى چاتقالغا ئىلىنىشىپلا قالسا كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلار ئۆزلىرىنى توختىتىپ بولالماي، بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ يىقىلاتتى - دە، يۈز - كۆزلىرى تىلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق ئەھۋاللارغا بەزى شەيتانىراق باللار كۈلۈپ تېلىقىپ كەتسە، بەزى يۈزلىرى بەكرەك تىلىنىپ كەتكەن باللار كۈلۈشۈۋاتقانلارغا ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويياتتىيۇ، يەنە يۈگۈرۈشۈپ كېتەتتى.

ئورمانباغدىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسى بولغان بۇلاق ئورماننىڭ خېلى

www.uyghurkitap.com

ئىچكىرىسىدە بولۇپ ، يولىلىرى قىلىن چاتقاللىق ۋە ئىنتايىن تار ئىدى . بۇنـ
داق يولدا مېڭىش قىيىن ئىدى . ھەربىي مەشق ۋاقتىلاردا جەڭچىلەر ئىككى
گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ يوللاردىن ئۆملەپ بېرىپ سۇ قاـ
چىلىرىغا بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ ئۆملەپ قايتىپ كېلەتتى . بەزى كالانپايىراق جەڭـ
چىلەر ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆملىگەندە سۇ قاچىلىرىنىڭ بىرەرسى چاتقاللارغا
ئىلىشىپ قالسا داراڭلاپ كېتەتتى . بۇنداق مەشقلەر ياش جەڭچىلەرنى ئىنـ
تايىن قىزىقتۇراتتى . بەزى ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى بۇ ئورمان شۇنداق بىر تىمـ
تاسلىققا چۆكۈپ كېتەتتىكى ، بىرەر جەڭچى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن بۇلاق بې
شىغا ياكى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان بولسا ، ئاياغ ئاستىدىكى قۇرۇق
يوپۇرماقلار شىرىقلاپ خۇددى كەينىڭىزدىنلا بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك
بىلىنەتتى . بۇنداق چاغلاردا ئورمان ئىچىدىكى ياۋا توشقانلار ياكى
قۇشلار تۇيۇقسىز بىرەر شاخقا تېگىپ كەتسە ، ياكى سەكرىگەن بولسا شۇنـ
داق بىر قورقۇنچلۇق بىلىنىپ كېتەتتىكى ، ئىختىيارسىز مېڭىۋاتقان يولىڭىزدىن
توختاپ ئەتراپىڭىزغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولاتتىڭىز ، ھەتتا
خۇددى بىر يەردە دۈشمەن مارىلاپ ياتقاندەك سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپ كېتەتـ
تىڭىز . لېكىن ئورماناباغنىڭ سىزگە ئىنتايىن راھەتبەخش ئېتىدىغان ، سىزنىڭ
مېھرىڭىزنى يىپىسىز باغلاپ تۇرىدىغان ، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىپ ، سىزگە
مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغان ئىنتايىن يېقىملىق كېچىلىرىمۇ بار ئىدى .
كۈندۈزلىرى مەشغۇلات ۋە تەنتەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىپ چارچىغان
جەڭچىلەر دەم ئېلىش كۈنلەرىنىڭ كېچىلىرى گەمە ئۆيدە قارا چىراغ يورۇقىدا
سورۇن تۈزۈپ ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ۋە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىنى ئۆتـ
كۈزەتتى . ھەربىر گەمىدە خىش بىلەن سېلىنغان پىلتە ئوچاقلار بار ئىدى .
بىرىنچى باتالىئون ئۈچىنچى روتا تەگرتاغ ئېتىكىدىكى تاشيول بويىدا كۈنـ
گەيگە قاراپ ياسالغان بىرقانچە گەمە ئۆيلەرگە ئىززوت ـ گۇرۇپپىلار بويىچە
ئورۇنلاشقانىدى . بىر شەنبە ئاخشىمى ئىدى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى باتالـ
ئونلارنىڭ باشلىقلىرى ئىبراھىمجاننىڭ گەمىسىگە جەم بولۇشتى . بىردەمدە قىـ

زىق پاراڭ ، چاقچاقلار ، شاخولار باشلىنىپ كەتتى . يىغىلغانلارنىڭ كۆپچى-
لىكى غۇلجا باللىرى — بۇنىڭ بەزىلىرى غۇلجا شەھەردىن ، بەزىلىرى يې-
زىلاردىن كەلگەن جەڭچىلەر بولۇپ ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھى-
دىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى . مانا شۇلارنىڭ بىرى ياش جەڭچى مۇسا-
جان روزى ئىدى . ئۇ غۇلجا شەھىرى قازانچىلىق بولۇپ ، بويى پاكىنەك ، دو-
غىلاق ، قاراقۇمچاققىنە يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئىدى .

مۇساجان روزى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسى روزى ئاكىغا ئەگى-
شىپ ، دۇتار ، تەمبۇر چېلىشنى ، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن . ئۇ ، ئەسكەر
بولغاندىن كېيىن ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسا ، تىنچ ۋا-
قىتلاردا ، روتىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن دۇ-
تار ، تەمبۇر چېلىپ ، چۆل - باياۋانلاردا ، ئاق قار ، كۆك مۇزلاردا دۇم يې-
تىپ ، دۇم قوپۇپ ، جەڭچىلەر ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم دېمەي خىزمەت قىلاتى-
تى . شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن پولكتىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر مۇساجاننى ئىنتا-
يىن ياخشى كۆرۈشەتتى . ئۈچىنچى روتىدا جەڭچى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا
ئۇنى ئوفىتسېرلار پوستقا تۇرغۇزمايتتى ، باشقا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار-
غىمۇ قاتناشتۇرمايتتى .

بىر كۈنى ، مەن : « مۇساجان ، بۈگۈن كەچ ئۈچىنچى باتالىئونغا بې-
رىڭ ، شۇ يەردە ئولتۇرۇش قىلايلى » دېدىم . ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىپ ، قولىنى
كۆرسىتىپ : « مۇشۇ تەمبۇر چالغان قولۇمنى كېسىپلىۋېتەي دېسەم كېيىن جەڭ-
دە قورال تۇتالماي قالىدىكەنمەن ، ماڭا زادىلا ئارامچىلىق يوق . مەنمۇ
ئەسكەر بولغاندىن كېيىن ، باشقا جەڭچىلەردەك كېچىلىرى پوستتا تۇرسام
بولماسمىدى » دەپ نارازىلىق بىلدۈردى . كېيىن مەن تەربىيە بېرىپ ، دۇتار ،
تەمبۇر چېلىشىڭمۇ ئوخشاشلا بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندىن كې-
يىن نارازىلىق بىلدۈرمەيدىغان بولدى .

دېمەك ، شۇنداق قىلىپ ، مۇشۇ شەنبە كۈنى كەچتە ئۈچىنچى باتالىئون-
غا يىغىلغان كادىرلار مۇساجاننىڭ چالغان تەمبۇرىنى ئاڭلاپ ، مۇڭلۇق ناخ-

شىلىرىنى تىڭشاپ، روھىي ـ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، بىر ھەپتىلىك جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى.

قاراڭغۇ ئورمان، تار گەمە، قارا چىراغ يورۇقىدا مۇساجان روزى تەم‍ـبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ۋە ئۇ ئېيتقان ئاجايىپ ناخشىلار جەڭچىلەرنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك تا‍ـرىلىرىنى چېكىپ، خىيال كەپتەرلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا پەرۋاز قىلدۇراتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىختىيارسىز شۇنى ھېس قىلاتتىكى: «مانا قاراڭلار، بىز قاراڭغۇ ئورماندا، ئاق قار، كۆك مۇزدا دۈم يېتىپ، دۈم قويۇپ دۈشمەننى مارىلاپ يېتىپتىمىز، چارچىساق، ھەسرەتلەنسەك ئورمانباغنىڭ قارا چىراغ يو‍ـرۇقىدا سورۇن تۈزۈپ بەزمە قىلىش بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز، بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز، خوتۇن ـ باللىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز، يارۇ بۇرادەرلىرىمىز ھەس‍ـرەت ۋە ئەندىشە ئىچىدە بىزنىڭ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە بىلەن قايتىپ بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇلار كۈندە تاماق يېگەندە، ئوماق باللىرىمىز تاتلىق ـ چۈ‍ـچۈك تىللىرى بىلەن دادام قاچان كېلىدۇ دەپ سىغىنغاندا، يارۇ بۇرادەرلىرى‍ـمىز خەۋەر بارمۇ دەپ سورىغاندا، بىر قېتىم ھەسرەتلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ تەھدى‍ـتى، ئۆلۈمنىڭ ئەندىشىسى، خۇشاللىق ھارپىسىنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ، تىنىڭ تىڭشاپ ئولتۇرۇۋاتقاندۇر. جاپالىق ئەمگەك بىلەن ھېرىپ بەللىرى مۈكچىيىپ، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان دادىلىرىمىز، چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ، تولا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قالمىغان، ئەندىشىسىدىن يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولغان ئانىلىرىمىز ئوغلۇم، قوزام، بوتام، چاپسانىراق قايتىپ كېلىپ داداڭغا ياردەملىشەمسەنچۇ؟ دەپ بىزگە تەلمۈرۈۋاتقاندۇر. قېرىنداشلىرى‍ـمىزمۇ ئاھ، ئاكام تىرىك كېلەرمۇ؟ بەختىمىزگە ساق ـ سالامەت كەلسەكەن دەپ ھەسرەتلىنىۋاتقاندۇر، ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندۇر. يۈرەكنى يىرىپ چۈشكەن بالىسىنى، بىر قېرىن قان ـ قېرىنداشنى سىغىنمايدىغان كىممۇ بار؟! لېكىن مۇساجاننىڭ جاراڭلىق شوخ ناخشىلىرى كىشىلەر قەلبىدىن مۇڭلۇق ھەسرەت‍ـلىك تۇيغۇلارنى ئېلىپ قېچىپ، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، تويلاردىكى شوخ

www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇللارنى ، قىزىق پاراڭ - چاقچاقلارنى ئەسلىتىپ ، ھەممە ئادەمنى بىر-دىنلا خىيال دېڭىزىدىن ئويغىتىپ روھلاندۇرۇۋېتەتتى .

— مانا قاراڭلار ، گەمىگە كىملەر كىرىۋاتىدۇ ؟— دېدى كىمدۇر بىرى . كۆپچىلىك شۇئان ئىشىككە قاراشتۇق ، راستىنلا ئەتراپتىكى روتىلاردىن يې-شى بىرقەدەر چوڭراق ، غۇلجا شەھىرىدە مانا مەن دەپ يۈرگەن بىر قانچە جەڭچى : « رۇخسەتمۇ ؟ » دېيىشىپ گەمىنىڭ پاكار ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىـ-شىۋاتاتتى . بۇ تار گەمىگە بۇ ئادەملەر ئۆرە تۇرسىمۇ پاتمايتتى . بۇ ئەھۋالـ-نى كۆرگەن روتا كوماندىرى ئىبراھىمجان :

— يولداشلار ، بۇ گەمىمىز تارلىق قىلىۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن تاماق يەيدىغان يوغانراق گەمىگە چىقساق ، مەرھەمەت ،— دېدى . بىردىنلا گەمە ئىچىدە چاۋاك چېلىندى ، بەزىلەر خۇشاللىقىدىن ئىبراھىمجاننى ئوتتۇرىغا ئې-لىشىۋېلىپ مۈرىلىرىگە ئۇرۇپ قۇچاقلاپ سۆيۈشۈپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك روتىنىڭ تاماقخانىسى ( يوغانراق گەمە ) غا كىرىپ ئولتۇرۇشتى . بۇ ئولتۇرۇشقا كېيىن كىرگەن كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوت-تۇز - ئوتتۇزبەش ياشتىن ئاشقانلار بولۇپ ، ھەرقايسىسىنىڭ بىر - بىرىگە قو-يۇشۇۋالغان قىزىق لەقەملىرى بار ئىدى . بۇلار دائىم بىر - بىرىگە شۇ لەقەمـ-لىرى ئارقىلىق چاقچاق قىلىشاتتى . بۇلار : ئابدۇرېھىم ( بولشىۋىك ) ، بۇ ، بىزنىڭ تۆپىدۆڭلۈك بولۇپ مەن ياخشى ئۆتەتتىم . ھوشۇر ( ياگدۇزا ) ، ئەمەت ( بەڭگى ) ، تۇرغۇن ( سىرىق ) ، ئابدۇل ( توڭگۇز ) ، قادىر ( ماشكا ) ، ئەر-كىن ( قارىياغدى ) ، ئالىم ( سەتەڭ ) لەردىن ئىبارەت ئىدى .

بۇلار ئولتۇرۇشقىلا چاقچاق باشلىنىپ كەتتى . مۇساجان روزى مۇنداق ۋاقىتلاردا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال قىلغاچ تاماكا چەكسە ، ئا-رىلاپ بۇنداق قىزىق چاقچاقلارغا ئارىلىشىپ باشقىلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلاتتى . ئەمەت ( بەڭگى ) سۆز باشلاپ :

— يولداشلار ، تىنچلىنىڭلار ، بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشىمىز راسا قىزىۋا-تىدۇ ، بۇنى تېخىمۇ قىزىتىش ئۈچۈن تازا بىر پەيزى قىلغۇمىز بار . زاكۇسكا

بولمسا ياڭدۇزنى زاكۇسكا قىلساقمۇ بولىدۇ. ئىبراھىمجان ئۇكام، ئاشپەزنى چاقىرىڭلار، بۇ ياڭدۇزنى قايناق سۇغا بېسىپ، راسا پاكىز پاتلاپ، ئوخشىتىپ بىر قاچا سەي قىلسۇن، — دېيىشى بىلەن كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمەت يەنە:

— ھەي ئاشپەز، بۇنىڭ پاتلىغان پاسكىنىچىلىقلىرىنى نېرىغىراق تاشلاپ كۆمۈۋەتسەڭ، ماشىكلار پۇراپ تېپىۋالسا، بىز ئاشكارىلىنىپ قالىمىز، جۇمۇ، — دېيىشى بىلەن تەڭ گەمە ئىچىدە تېخىمۇ قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

بىردىنلا ئەمەت (بەگگى) چاقچاقنى ئەركىن (قارىياغدى) گە يۆتكىدى:

— ۋۇي ئەركىن، بەكلا خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەن، دىققەت قىل جۇمۇ، خىيال دېگەن ئادەمنى سەۋدايى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر قىشنىڭ قار ياغقان كۈنلىرى خىيال بىلەن جاڭگالغا كىرىپ قالساڭ، بۇ يەردىكى ياۋا توڭگۇزلار ياخشى ئوزۇق ئىكەن دەپ قارىنىڭنى يېرىۋەتمىسۇن يەنە، — دېگەندە كۈلكە تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، بەزىلەر ھاياجىنىدىن ھۇررا دەپ ۋارقىرىشىپمۇ كېتىشتى. بىردىنلا ھېلىقى ھوشۇر (ياڭدۇزا)نىڭ چىشى قىرىشىپ قالدىمۇ ياكى قىزىقچىلىق بولسۇن دېدىمۇ، ئەيناۋۇر ئەمەتكە قاراپ:

— گەپ قىلمساق ئەجەب ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەن، كەندىر ئىزدەپ كېچىلىرى جاڭگالغا چىقىپ قالما جۇمۇ، مەن ساڭا دەپ قوياي، يەيدىغان قىرىن ئىزدەپ تالادا يۈرگەن ماشىكىغا ئۇچراپ قالساڭ، يېتىپ قالغان يېرىڭدىن ئۆپكەڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاچچىق ئۇچىيىڭنى ياۋا توڭگۇزلارغا تاشلاپ بېرىدۇ جۇمۇ، شۇنىڭ بىلەن ماشىكىغا بىر ھەپتىلىك ئوزۇق بولىسەن، — دېيىشى بىلەن يەنە قاتتىق كۈلكە بولدى.

بۇ كۈلكىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئىبراھىمجان:

— قېنى يولداشلار، ئەمسە ۋاقىت بىر يەرگە بېرىۋاتىدۇ، ئەمدى بىز مۇساجان روزىنىڭ پەيزىنى ئاڭلايلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن گەمىنىڭ ئىچىدە تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممىسى تەقەززالىق بىلەن مۇساجاننىڭ تەمبۇر تۇتقان قولىغا قاراشتى. مۇساجان تەم-

بۇرنى قولىغا ئېلىپ ئىلى ناخشىلىرىدىن «يار سېنىڭ دەردىڭ»نى باشلىۋەتتى. بىر پەس تەمبۇرنىڭ جۇشقۇن ساداسى، ناخشىنىڭ مۇڭى بىلەن گەمىدە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى. پەدە يۆتكىلىپ ناخشا «ئەۋرىشىم»گە كۆچكەندە، بىردىنلا سورۇندىكىلەرنىڭ هەممىسى ناخشىغا قوشۇلۇپ جور بولۇشتى.

مۇشۇنداق قىزىقچىلىق، كۈلكە-چاقچاق، ناخشىلار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى، تۇيۇقسىزلا گەمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پولك دىجورنىسى كىرىپ كەلدى.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، — ئەتە هەربىرىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى بار. تارقىلايلى!

هەممە جىم بولۇشتى. دېمىسىمۇ كېچە سائەت ئىككىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئېنىقكى پولك دىجورنىسى ئابارونلارنى تەكشۈرۈپ كېلىپ، ئۇچىنچى روتىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ گەمىگە كىرگەنىكەن[1].

گەمىدە قارا چىراغ يورۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۈگۈنكى شەنبىلىك كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

يەنىسخەيدە مۇداپىئەدە تۇرغان پولك جەنۇب ۋە شىمالغا ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مۇداپىئەدە تۇراتتۇق. پولك دىجورنىلىق تۈزۈمى ئورنىتىپ مۇداپىئە لىنىيىلەردىكى هەربىر باتالىئون، روتا-ئىزۋوتلارغا قەدەر پوستلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ياكى هوشيار تۇرغانلىق ئەهۋالىنى ئەتىسى پولك باشلىقلىرىغا دوكلات قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق پولك دىجورنىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈندىلىك ئەهۋالىنى هوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ باراتتى.

مانا بۈگۈن 1945-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرى، هاۋا خېلىلا سوغۇق، بەزىدە جەنۇبنىڭ شامىلى، بەزىدە شىمالنىڭ سوغۇق شامىلى چىقىپ تۇراتتى.

---

① هەر كۈنى كەچ سائەت يەتتىدىن ئەتىسى سائەت يەتتىگىچە باتالىئوننىڭ باشلىقلىرى نۆۋەت بىلەن دىجورنى بولۇپ پۈتۈن مۇداپىئەدە تۇرغان باتالىئون، روتا-ئىزۋوتلارنىڭ پوستلىرىنىڭ ئۇخلاپ قالغان-قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى.

مانا بۇ ۋاقت ئورمان كېچسىنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرى ئۆستخاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان كۈنلەر ئىدى.

پوستلارنى تەكشۈرۈشتە ھەر تەرەپكە كەتكەن يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار پولك شتابىدىن بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونغا بارىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈچ تەرەپكە كەتكەن چىغىر يول ھەر بىر باتالىئون، ھەر بىر روتا - ئىزۋوتلارغا كېتەتتى. بۇ چىغىر يوللارنى قىسىم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن جەڭچىلەر مېڭىپ ئاچقان يوللار ئىدى.

بۈگۈن كەچ ئۈچىنچى باتالىئوننىڭ كوماندىرى دوگان سوفىيوپقا پولك دىجورنىلىق نۆۋىتى كەلگەنىدى. ئۇ بىر ئالاقچى بالىنى باشلاپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە، باتالىئونلارنى ئارىلاپ پوستلارنىڭ ئۆز ئورنىدا بار - يوقلۇقىنى، ئۇخلاپ قالغان - قالمىغانلىقىنى، ھەربىر روتىدا نېمە ئەھۋاللار بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پوستلارنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرماي تاڭ ئاتقۇچە ئاتلىق تەكشۈرۈپ چىققانىدى.

كېچە ھاۋا خېلى سوغۇق، ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتاتتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا ئورماننى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق قاپلاپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقان، يالغۇز يۈرگەن ئادەمنى قانداقتۇر بىر قورقۇنچ بېسىپ تۇراتتى. كېچە سائەت ئىككى بولغان ۋاقت ئىدى، دوگان سوفىيوپ ئىككىنچى باتالىئون تۆتىنچى روتا قاراۋۇلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا بىر قىيا - چىيا ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پوستتا تۇرغان جەڭچى ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋەتتى. دوگان سوفىيوپ ئەھۋالنى تازا ئاڭقىرالماي تۇراتتى. بىردىنلا بۇ سۈرلۈك قاراڭغۇ ئورماندا پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى. دوگان سوفىيوپ ئاتتىن چۈشۈپ ھېلىقى ۋارقىرىشىۋاتقان يەرگە باردى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئورماننىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدىن پىلىموت ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تېخىمۇ پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. دوگان سوفىيوپ ئىككى ئادەمنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. دوگان سوفىيوپ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۆز

ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاسمانغا قارىتىپ تىنچلىنىش بەلگىسى (قىزىل راكېتا) نى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى پاتىپاراقچىلىق بىردەمدىلا تىنچلىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆز ئالدىدىكى ھېلىقى ئىككى ئادەم بىرىنىڭ قولىقىغا بىرى ئېسىلىۋېلىپ ۋارقىرىشاتتى. دوگان سوفيىوپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ قارىسا، بۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا مىلتىق سىقىمداقلىق، بىرسىنىڭ قولى بىرسىنىڭ قولىقىدا ئىدى. پولك دىجورنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەرەڭگە چېقىپ قارىغانىدى. بۇلار تۆتىنچى روتا كوماندىرى تۇرسۇن سىدىق بىلەن شۇ روتىنىڭ پوستىدا تۇرغان ئەسكىرى ئەمەت موللا ئىدى. تۇرسۇن سىدىقنىڭ قولىدا ئوقسىز مىلتىق، ئەمەت موللا تۇرسۇن سىدىقنىڭ قۇلىقىنى شۇنداق قاتتىق سىقىپتۇكى، ئۇنىڭ ئىككى قول بارمىقى تۇرسۇن سىدىقنىڭ ئىككى قۇلىقىغا پېتىپ، قۇلاقتىن قان چىقىرىۋەتكەنىكەن. قان توختىماي ئاقماقتا ئىدى. لېكىن ئەمەت موللا تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتقانىدى. پولك دىجورنى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئالاقچى ملىڭ تەسلىكتە ئەمەت موللىنىڭ قولىنى ئاجراتتى-دە ئۇنى ئەكىرىپ سولاپ قويۇپ، تۇرسۇن سىدىقنى پولك دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قۇلىقىنى تاڭغۇزدى. لېكىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

قىسمدىكى جەڭچىلەر ئەمەت موللىغا ئىچىناتتى. نېمىشقا بۇنداق قىلىپ يۈرگەندۇ، دېيىشەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئىنتىزام ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. ئەمەت موللىنىڭ ئىككى بالىسى ۋە قېرى ئانىسى بار ئىدى. ئاجايىپ ئىش، بۇ ئەھۋال ھەممىمىز ئۈچۈن بىر سىرلىق تېپىشماق بولۇپ قالدى. تۇرسۇن سىدىق ئىككى قۇلىقىنى داردايتىپ تاماققا چىقسا، ئادەمنىڭ تېلىقىپ كۈلگىسى كېلەتتى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. ھەممىمىزنىڭ قۇلىقى دىڭ ئىدى. «ئەستاغپۇرۇللا،- دەيتتۇق بىر-بىرىمىزگە،- ئەمەت موللا ئەجەبمۇ بىر ياۋاش، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قانداق سىر بار بولغىيتتى؟» ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە پولك شتاب باشلىقى كەلدى-دە ھەممە كوماندىر-جەڭچىلەرنى يىغىپ،

نەق مەيداندا ئەمەت موللىنى سوراق قىلماقچى بولدى. ھەممىزنىڭ كۆزى ئەمەت موللا سولاقلىق ئۆيدە ئىدى. بىردىنلا ئۇ تەرەپتىن بىر قۇراللىق جەڭچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەمەت موللا چىقىپ يېقىنلاپ كەلدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى پارقىراپ قالغان، چىرايى خۇددى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى. پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ يەردىن ئۈستۈن قارىيالمايتتى. مەيدان ئىچىنى شۇنداق جىمجىتلىق بېسىپ كەتتىكى، ھەتتا بىر تال چۆپىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك ئىدى. ئەمەت موللا بىلەن تۇرسۇن سىدىق ئالدىغا كېلىپ كۆپچىلىككە ئۇدۇل قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شىتاب باشلىقى كۆپچىلىككە قاراپ:

— يولداشلار، دىققەت، ئۈچ كۈندىن بۇيان ھەممىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ، قاراڭغۇ كېچىدە پۈتۈن روتىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن بۇ ئىككىيلەن شۇ كۈنكى ئەھۋاللارنى كۆپچىلىككە ئۆزلىرى بىرمۇبىر چۈشەندۈرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشايلى، — دېدى. مەيداننى بىر پەس جىملىق باستى.

— ئاۋۋال سىز جاۋاب بېرىڭ، زادى شۇ كېچىدە نېمە ئىش بولغانىدى؟ — دەپ تۇرسۇن سىدىققا ئىشارەت قىلدى شىتاب باشلىقى.

— رۇخسەت قىلسىڭىز مەن سۆزلەي، — دېدى تۇرسۇن سىدىق شىتاب باشلىقىغا قاراپ. ئۇ دەرھال ئىككى قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئاستا سىيلاپ قويۇپ گەپ باشلىدى، — مەن شۇ كۈنى روتا دېجورنىسى ئىدىم، كېچىدە پوستلارنى تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقانىدىم، بىر يەرگە كېلىپ قارىسام بىر پوست مىلتىقنى تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ، ئاستا سەزدۈرمەي كېلىپ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم-دە، مىلتىقنىڭ زاتۋورىنى چىقىرىۋېلىپ، ئەمدى مىلتىقنى ئالاي دەپ ئاستا تارتىشىمغا ئۇ كۆزىنى پاللىدە ئاچتى-دە جان-جەھلى بىلەن ئىككى قۇلىقىمغا ئېسىلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ھەي، مەن تۇرسۇن دېگۈچە ۋارقىراپ مېنىڭ ئىككى قۇلىقىمدىن قان چىقىرىۋەتتى. مەنمۇ جان ئاچچىقىمدا ۋارقىرىۋەتتىم. ئۇنىڭ نېمىگە ۋارقىرىغىنىنى بىلمەيمەن، — دېيىشى بى-

لەن بەزىلەر كۈلۈشتى، بەزىلەر كۇسۇرلاشقىلى تۇردى ھەممە ئەمدى نېمە دەيسەن دېگەندەك ئەمەت موللىغا قاراشتى.
— ھە ئۇنداق بولسا، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىدۇق. قېنى ئەمەت، سەن سۆزلە،— دېدى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ شتاب باشلىقى. ئەمەت بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈردى-دە، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:
— ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى،— دېدى ئەمما ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، پۇتۇن ئەزايى تەرلەۋاتقاندەك ئىدى. بېشىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەر شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن پۇتۇن يۈز-كۆزىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى،— راست گەپنى قىلسام كەچۈرەرسىلەرمۇ؟— ئۇ تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە سوئال نەزەرىدە قارىدى.
— قېنى سۆزلە، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كۆپچىلىك ئويلىشىپ كۆرەرمىز،— دېدى شتاب باشلىقى ۋە بىر ئورام تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاچچىق-ئاچچىق شورىغىلى تۇردى.
ئەمەت موللا يەڭلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىككە تەلمۈرگىنىچە سۆزىنى باشلىدى:
— شۇ كۈنى كېچىسى مەن پوستتا تۇرغانىدىم. كېچە بەك قاراڭغۇ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. مۇزلىغاندەك قىلدىم-دە جۇۋامنى كىيىپ ئولتۇرۇپ كىچىككىنە ئىسسىنىۋالاي دەپ ئۇخلاپ قاپتۇمەن. شۇنداق بىر قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپتىمەن. كىم بىلسۇن بۇ چۈشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىپ، مېنى مۇنداق ساراسىمىگە سېلىشىنى، مەن پوستتا تۇرغۇدەكمەن، تۇيۇقسىزلا ئورماندىكى بىر قارىياغاچنىڭ شاخلىرى شىلدىرلاپ كەتكۈدەك، مەن دەرھال كەينىمگە قاراپ كىم سەن؟ بولمىسا ئوق چىقىرىمەن دېگۈدەكمەن. مىلتىقنى تەڭلەپ سۆزۈم ئاخىرلاشقىچە بىر قارا كىيىم كىيگەن دۈشمەن ئېتىلىپ كەلدى-دە، مېنى بېسىۋالدى. مەن قورالنى ئاتالمىغۇدەكمەن. ئۆزۈم ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىپتىمەن، ئىككىمىز يوملاقلىشىپ كەتتۇق، بىر مەن ئۇنى بېسىۋالغۇدەكمەن، بىردە ئۇ مېنى بېسىۋالغۇدەك. بىردىنلا ئۇ مېنى بېسىۋالدى-دە

يىندىن خەنجەرنى چىقىرىپ ماڭا تىقماقچى بولدى. جان ئاچچىقىمدا ۋاي دەپ ۋارقىراپ دۈشمەننىڭ ئىككى قولىقىدىن چىڭ تۇتۇۋالىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، ھېلىقى دۈشمەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئالدىمدا ئولتۇرۇپتۇ. بولغان ئىش مۇشۇ.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن ئولتۇرغانلار شۇنداق قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتىكى، كۆپچىلىككە قاراپ تۇرسۇن سىدىق ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. شتاب باشلىقىمۇ شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ئەھمەت موللا بولسا تېخىچىلا گۇناھكار ئادەمدەك كۆپچىلىككە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدى. يۈز- كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان قوناقتەك- قوناقتەك تەر تامچىلىرى ئېڭىكىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— يولداشلار، دىققەت،— دېدى شتاب باشلىقى كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ،— بىز ئاجايىپ بىر قىزىق ۋەقەنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق، ئەھمەت موللا، راست گەپ قىلدى. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ چۈشنى، مەن ياكى سىلەر كۆرگەن بولساڭلارمۇ مۇشۇنداق قىلاتتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەھمەت موللىنى كەچۈردۇق.

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا كۆپچىلىك خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇررا دەپ ۋارقىراپ چاۋاك سېلىشىپ كەتتى. خۇددى ھەممەيلەننىڭ ئۈستىدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قېلىشتى. شتاب باشلىقى يەنە كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ:

— لېكىن، ئەھمەت موللا ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ، پوستتا تۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مىرزا قاماق جازاسىغا تارتىلدى. ئەمدى پۈتۈن روتا بويىچە كوماندىر- جەڭچىلەر ئالدىدا سەممىيەتلىك بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ. روتا دېجورنىسى تۇرسۇن سىدىقنىڭ ئۇسۇلىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. مىلتىقنى تارتماي ئۇخلاپ قالغان پوستنى ئويغىتىپ تەنقىد قىلىپ قويسا بولاتتى. بولدى تارقىلىڭلار،— دېدى. روتىدىكى جەڭچىلەر تارقىل-

شىپلا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەمەت موللىنى تەبرىكلەشتى . شۇندىلا ئۇنىڭ چىرايـ
غا بىرئاز كۈلكە يۈگۈرۈپ ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى .

ئىككىنچى باتالىئون كوماندىرى نۇر مۇھەممەت باكىيوپ پولك دىجورنىـ
لىقىنى قىلىۋاتقاندا يەنە بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى . بۇگۈنمۇ ئاي قاراڭغۇـ
سى ئىدى . ئەتراپ جىمجىت ، شامال شەپىسىمۇ يوق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن
ھېچقانداق تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورمان شۈنچىلىك قاـ
راڭغۇ ئىدىكى ، بەش قەدەم يىراقلىقتىكى نەرسىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتـ
تى . نۇر باكىيوپ بۈگۈن قانداقتۇر ئىنتايىن خۇش ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئاـ
ئىلىسىدىن خەت كەلگەن بولۇپ ، ئائىلىسىنىڭ خەتتە يازغان سۆزلىرى ھېلىمۇ
ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ ئۆزىدىن ئۆـ
زىگە كۈلۈمسىرەپ قويىاتتى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇياق ـ
بۇياققا قاراپ قويىاتتى ۋە تىڭ تىڭشايتتى . شۇنداق قىلىپ بىز تۇرغان ئۈچىنـ
چى باتالىئوننىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چەتتىكى قومۇشلۇققا جايلاشقان توققۇـ
زىنچى روتىغا قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن قانداق تېز كېلىپ
قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى . مىنگەن جەرەن ئات ئىنتايىن سەزگۈر ئىـ
دى . ئۇ ئاستا ئاتتىن چۈشتى ـ دە ، ئاتنى يېتىلەپ ، ئاۋايلاپ ئالغا ئىلگىرىـ
لىدى . ئۇ ۋاقىتلاردا مۇداپىئە رايون چېتىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلەردە كېچىدە
ئىككى كىشىلىك پوست قويۇلاتتى . ئۇنى ئىستروۋۇدىي[①] پوست دەيتتى . ئۇ
پوستلارنىڭ بىرى ئۆرە تۇرۇپ ، ئەتراپنى ئالدىن كۆزىتەتتى . يەنە بىر پوست
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يەردە دۈم يېتىپ يىراقتىكى غەيرىي ئاۋاز ـ شەپىلەرنى
تىڭشايتتى . بۇنداق تىڭشىغاندا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئادەم ياكى ئاتنىڭ تۇـ
ياق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى . دەل شۇ پەيتتە ئۆرە تۇرغان پوست پولك
دىجورنىدىن پرۇپوسكا[②] سورىدى . ئۇ جاۋاب بەردى . ئۆز ئادەم دەپ ئۇ
يېقىن كەلگەندە يەردە دۈم ياتقان پوست يۈگۈرۈپ كېلىپ :

---

① ئىستروۋۇدىي— ھەربىيلەر ئۆزئارا ئۈچراشقاندا سورايدىغان مەخپىي بەلگە .
② پروپوسكا— ئۆز ئادەم .

— يولداش پولك دىجورنى، ئالدىمىزدىكى قومۇشلۇقتا ئادەمنىڭ ئا-
ياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى. ئۇ دەرھال پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئەت-
راپنى تىڭشىغانىدى. راستىنلا بۇ ئاۋاز تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئۆمىلەپ ماڭغاندى-
كى ئاۋازىغا ئوخشىسا، يەنە تۇرۇپلا باشقىچە بىر تاۋۇشقا ئوخشايتتى.
پولك دىجورنىسى قولىغا ماۋزېرنى ئالدى- دە قېشىدىكى پوستقا ئەتراپقا
دىققەت قىل، دېدى، پوست بۇ گەپنى تازا چۈشىنەلمەي قىلىپ دەرھال قو-
مۇشلۇققا قارىتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇردى. پولك دىجورنىسى توختات
دەپ بۇيرۇق قىلغاندا پوست ئاپتوماتىدىكى يېرىم كورۇپكا ئوقنى ئېتىپ تۈ-
گەتكەنىدى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا ئورمان ئىچىدە پاتپاراقچىلىق باشلىنىپ،
قىسىم جىددىي ھالەتكە ئۆتتى. بىر توپ جەڭچىلەر ئوق چىققان تەرەپكە قا-
راپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ئوق ئاتقان تەرەپنى تەكشۈرۈپ كۆرسە قومۇش-
لۇقتا بىر يوغان قاۋان خارتىلداپ پۇتلىرىنى سوزۇپ ياتاتتى.

—يولداشلار، — دېدى نۇر مۇھەممەت باكىيوپ جەڭچىلەرنىڭ يېنىغا كې-
لىپ. ئۇ ماۋزېرنى ئاستا غىلاپىغا سالغاچ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋەتتى، —
بۇ جاڭگالدا ياۋا توڭگۇز كۆپ، دىققەت قىلمىساڭلار بۇنىڭدىن كېيىن بىر-
بىرىڭلارنىمۇ ئېتىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن. ئۇخلاپ قالساڭلار ئىش تېخىمۇ چا-
تاق بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دېدى- دە، لىككىدە ئېتىغا مىنىپ، ئالاقچى بىلەن كېتىپ
قالدى. دىجورنىنىڭ كېتىشى بىلەنلا بۇ يەردە قالغان جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى
پوستنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشسە، بەزىلىرى ئىنتايىن تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئوي-
غىنىپ، شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتكەن بۇ ئەنسىز كېچىگە لەنەتلەر ئوقۇ-
شۇپ، غۇدۇراپ ئۆز گەمىلىرىگە مېڭىپ، كۆزدىن غايىب بولۇشتى. نۇر باك-
يوپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ بىر ئورام تاماكىنى چەكتى ۋە
تاماكا قالدۇقىنى ئايىغى بىلەن بىرنەچچىنى دەسسىۋەتكەندىن كېيىن دىجور-
نىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ۋاقىت خېلى بىر
يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىرىنچەك-

لىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيدى-دە، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ تاماققا چىقتى. بۇ چاغدا جەڭچىلەر تاماق يەپ ھەربىي تەلىم-تەربىيىنى باشلىۋەتكەنىدى. تاماقخانىدا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئاشپەز كەلتۈرگەن ناشتىلىقنى تېز-تېز يېدى-دە، ئاندىن ئالدىراپ پولك شتاب باشلىقى ماتسوكقا بېرىپ بۈگۈن كېچە دىجورنىلىق جەريانىدا يولۇققان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. شتاب باشلىقى بۇ دوكلاتنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە، ئاندىن قول ياغلىقى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ياغلىقنى يەنە چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. شالاڭ چاچلىرىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ نۇر مۇھەممەت باكىيوپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىز كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— دېمەك، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئىنتايىن ھوشيار، دۈشمەننىڭ شەپىسىنى كۆرمەي، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان بولسا بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش، — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ.

— ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى، — دېدى نۇر مۇھەممەت باكىيوپ باشلىقنىڭ سۆزى تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ.

— سۆزلە، — دېدى شتاب باشلىقمۇ.

— رۇخسەت قىلسىڭىز، ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىئوندا روتا-ئىنىۋتلارغا بارىدىغان چىغىر يوللار ناھايىتى كۆپ، بۇ قىلىن ئورمان، قۇمۇشلۇق بەزىدە كىشىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنچى باتالىئونغا، قۇمۇشلۇق تەرەپكە بارىدىغان چىغىر يوللارغا ۋە ئايلانمىلارغا ياغاچ سانچىپ بەلگە قويۇپ قويساق؟ — دەپ يولىيورۇق سورىدى.

— بولىدۇ، لېكىن ياغاچ (بەلگە ياغىچى) بەك چوڭ بولۇپ كەتمىسۇن، دۈشمەنگە ئەرەنتۇ (بەلگە) بولۇپ بەرمىسۇن يەنە، — دېدى شتاب باشلىقى كىچىك ئۇزۇنچاق سېرىق بېشىنى يېنىك بىر سىلكىۋېتىپ.

يەنىسخەي ئەتراپىدا دېھقانلارنىڭ ئايرىم جاڭزىلىرى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى. ئۇرۇش مەرگىلىدە بۇ
جاڭزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ بىر قىسىملىرى ماناسقا، بىر قىسىملىرى شىخوغا
كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىگىسىز قالغان جاڭزىلاردىكى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ
چۈشكەن ۋە ئادەم ئاياغ باسمايدىغان بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى.
1945 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئورمانباغ (يەنسىخەي) نىڭ شىمالىي
تەرىپىدىكى قومۇشلۇق تەرەپكە ئورۇنلاشقان بىزنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونىڭ
يەتتىنچى روتىسىدىكى بىر گۇرۇپپا جەڭچى ئەتراپنى رازۋېتكا قىلغىلى چە-
قىپ، دۇربۇن بىلەن كۆزەتكەندە، يىراق يەردە ئەسكى تاملىق بىر جاڭزىنى
كۆرۈپ قالدۇ. دەرھال چىغىر يوللار بىلەن شۇ تەرەپكە يېقىن بېرىپ، ئا-
رىلاپ قارىسا، بۇ ئەسكىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن يوغان بىر قورۇ بولۇپ، بىر
تەرىپىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىرنەچچە ئېغىز تام ئۆي، يەنە بىر تەرىپىدە ئۇزۇن
كەتكەن كونا كالا قوتۇنى بار ئىكەن. قورۇدا لويلا، كۆكات، قومۇشلار ئۆ-
سۈپ كەتكەن. ئۇ يەر - بۇ يەردە شامال ئۇچۇرۇپ يەيدا بولۇپ قالغان توپا
دۆڭلەر بولۇپ، جەڭچىلەر ئۇ يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاراقنىڭ پۇرىقىنى سې-
زىپ قالدۇ - دە، ئۇ يەر - بۇ يەرنى مىلتىقنىڭ ئۈچى ۋە نەيزە بىلەن قېزىش-
تۇرۇپ بېقىپ ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى قايتىپ كېلىپ، كو-
ماندىر روتىغا دوكلات قىلىدۇ. كوماندىر روتا، بەلكىم ئاشۇ يەردە كۆمۈپ
قويغان بىر نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇنى چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك، دەي-
دۇ.

ئەتىسى ئۇ جاڭزىنى تەكشۈرۈشكە يەنە بىر گۇرۇپپا جەڭچىنى ئەۋەتىدۇ.
ئىزۋوت كوماندىرى قاسىم بۇ بىر گۇرۇپپا جەڭچىنى باشلاپ مۇداپىئە لىنىيىسى
قېشىدىكى چىغىر يوللاردىن ئۆتۈپ ھېلىقى جاڭزىغا بارىدۇ. بۇلار قورۇ ئىچى-
گە كىرىپلا ئەتراپنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ. لېكىن ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ.
بۇلار تازا دىققەت بىلەن بولۇشۇپ تۇرغاندا تۇساتتىنلا بىر جەڭچى:
— ۋوي قاراڭلار، مانا ماۋۇ يەردە ئىكەن، — دەپ چوڭ لاپاسنىڭ تام
تۈۋىدىكى بىر توپا دۆۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىزۋوت كوماندىرى بۇنى ھاراق

چىقىرىدىغان ئاززاڭمىكىن دەيدۇ. بۇلار هاراق ئاززىڭنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئاستىدىن بىر نەرسىنىڭ ئۇچى كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. بىرى ئۇنى تارتىپ باقسا بىر بىرزىنت پارچىسىنىڭ ئۇچى ئىكەن. «ۋاي كوماندىر ئىزۋوت، بۇنىڭ ئاستىدا يەنە كۆمۈكلۈك نەرسە باردەك قىلىدۇ» دەپ ۋارقىرايدۇ بىر جەڭچى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى كىلىپ كولاشقا باشلايدۇ. بىر دەم كولىغاندىن كېيىن بىرزىنت پارچىسىغا ئوراپ كۆمۈلگەن بىر نەرسە تېپىلىدۇ. بۇلار دەرھال يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ يۆگەكنى ئاچقان چاغدا كونا پالازغا يۆگەلگەن ئون دانە مىلتىق چىقىدۇ. جەڭچىلەر: «قورال تېپىۋالدۇق» دەپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر گۇرۇپپا جەڭچى ئون قورالنى ۋە بىر چوڭ خالتا گاۋلياڭدىن ئىشلىگەن هاراق ئاززىڭنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشىدۇ.

ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كوماندىر روتا بۈگۈنكى ئەھۋالنى دەرھال ماڭا دوكلات قىلدى. بۇ يەردىكى جەڭچىلەر خۇشاللىقىدا دەرھال مارلىدىن خالتا تىكىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاززاڭنى سېلىپ سالقىن جايغا ئېسىپ، ئاستىغا باكلاشكا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن تېمىپ چۈشكەن گاۋلياڭدىن ياسالغان هاراق باكلاشكىغا تولىدۇ.

روتا كوماندىرلىرى هاراقنى بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ تېتىپ باقىدۇ. لېكىن كوماندىر روتا، هاراقنى ھېچكىم ئىچىشكە رۇخسەت يوق، دەرھال پىلموت ئىزۋوتىغا بېرىڭلار، ئىستانكۋاي پىلموتقا ئىشلەتسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هاراقنى پىلموت ئىزۋوتىغا تاپشۇرىدۇ. كولاپ تېپىلغان قورالنى باتالىئون شتابىغا تاپشۇردى. كېيىن ئەھۋالنى پولكقا مەلۇم قىلدۇق. پولك كوماندىرى كۆمۈلگەن قورالنى تاپقان بۇ بىر گۇرۇپپا جەڭچىنى روتا ئالدىدا تەقدىرلەشنى، قورالنى بۆلۈمگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

شەنبە كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى جاندىن ئۆتەتتى. بۇ ئىپتىدائىي جاڭگالنى تېخىمۇ بىر سې

www.uyghurkitap.com

ھرلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئادەم ئالدى تەرەپتىن ئۇرغان شامال دەستىدىن كۆزنى ئېچىش قىيىن ئىدى. بۇ مەزگىل كەچ كۈز بولغاچقا، قاراڭغۇ چۈشسىلا جاڭگالنىڭ ئىچى قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرەتتى.

پولك دىجورنىسى بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ ئاچچىق سوغۇق دەستىدىن ئىختىيارسىز هالدا كۆزلىرىنى يۇماتتى ۋە مۈزلاپ ئىچىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن كۆز- قۇلاقلىرىنى پات- پات ئۇۋۇلاپ قوياتتى. باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ مۇداپىئەنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىرىنىڭ ئۈچىنچى باتالىئونىنىڭ گەمە ئۆيى يېنىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئات مىڭشتىن توختىغاندىن كېيىن كۆزنى ئېچىپ هەيران قالدى. «هەنىملا بولسا يېتىپ كېلىپتۇق» دېدى ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەپ، ئۇ مۈزلاپ كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى تەسلىكتە ئېلىپ ئاتتىن ئاستا ئاۋايلاپ چۈشتى- دە پۇتلىرىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇياقتىن- بۇ ياققا بىر نەچچە قەدەم ماڭدى. ئاندىن ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ ئۈچىنچى باتالىئونىڭ تاماقخانىسى (گەمە) غا كىردى. شۇ هامان ئۇنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك قورداقنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ ئاغزىغا سىرىقسۇ يىغىلغانىدى.

گەمىدە تاماق يېيىشكە ئولتۇرغانلار:

— ۋاي مانا قاراڭلار، ياخشى مېهمان ئاش ئۈستىگە دېگەندەك، تەلىيىڭ بارئىكەن، قارا، راسا پەيزى قىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق،— دېيىشىپ توختى مەمەتوپنى دەرهال ئۈستەلگە تەكلىپ قىلىشتى. ئولتۇرغانلار بۇ ئولتۇرۇشنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەنىدى. توختى مەمەتوپ ئالدىغا قويۇپ قويغان بىر تەخسە قورداقنىڭ گۆشىدىن ئاۋايلاپ بىر پارچىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. باتالىئون كوماندىرى بىر چىنە چاينى قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى- دە:

«ئوبدان تاماقلىنىپ، ئىسسىق- ئىسسىق چاي ئىچىپ ئىسسىنىۋالغىن، بۈگۈن هاۋا خېلىلا سوغۇق، ئابارۇنلار (مۇداپىئە رايونلار) نى ئارىلاپ پوستلارنى تەكشۈرۈپ كەلگۈچە مۈزلايسەن» دەپ مېهرىبانلىق قىلىپ مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويدى- دە، باشقىلار بىلەن پاراڭغا چۈشتى. توختى مەمەتوپ راسا

تاماقلىنىپ ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن: «رەھمەت سىلەرگە» دەپ ئورنىدىن
تۇردى ۋە بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. شۇنداق قى‍ـ
لىپ كۈنلەر بىرىنى بىرى قوغلىشىپ ئۆتتۈۋەردى. لېكىن ھېلىقى ھاراق ئارزى‍ـ
ڭى ۋە ئۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان قورال‌لار بۇ يەرگە قانداق كۆمۈلۈپ قالغان‍ـ
دۇ؟ دېگەن بۇ بىر سوئال قىسىم ئىچىدە بىر تېپىشماق بولۇپ قالغانىدى. لې‍ـ
كىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭمۇ سىرى ئېچىلدى.

بىر كۈنى، ئۇچىنچى باتالىئون كوماندىرى دوگان سوپىيوپ بىر ئىش
بىلەن يەنسخەي مەھەللىسىگە بېرىپ قېلىپ، مۇشۇ مەھەللىدىكى كونا ئادەم‍ـ
لەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قالدۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ، ئاشۇ جاڭزىنىڭ گې‍ـ
پى چىقىدۇ-دە، ھېلىقى ئارزاڭنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچى‍ـ
دىكى يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بىر مويسىپىت ئادەم بۇ جاڭزىنىڭ ئەھۋالىنى
سۆزلەپ بېرىدۇ:

— ئۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ جاڭزا ما فاملىلىك بىر دېھقاننىڭ جاڭزىسى ئى‍ـ
دى. ئۇ ئادەم باي بولۇپ مال-ۋارانلىرىمۇ كۆپ ئىدى، گومىنداڭ ئەمەل‍ـ
دارلىرى بىلەن قويۇق باردى-كەلدىسى بار ئىدى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا شال
تېرىيتتى، يەنە بىر ھاراق چىقىرىدىغان كىچىك شوپىڭى بار ئىدى. ساۋەن (
ساندىخوزا) دىن ھەر يىلى نۇرغۇن گاۋلياڭ قوناق يۆتكەپ ئەكېلىپ ھاراق
چىقىراتتى، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ما ئىسىملىك بۇ ئادەم ماناسقا كۆ‍ـ
چۈپ كەتكەن. گومىنداڭ ئۆز ۋاقتىدا، ئۆزىگە يېقىن پۇقرالارغا ئۆزىنى قوغ‍ـ
داش ئۈچۈن قورال تارقاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. بۇ كۆمۈلگەن قورال‌لار
شۇ بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم بۇ دېھقان كۆچىدىغان چاغدا، ھاراق چىقىرى‍ـ
دىغان ئارزاڭنى، ھاراق چىقىرىشقا ئۆلگۈرەلمەي قورال بىلەن قوشۇپ يەرگە
كۆمۈپ قويۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

— دېمەك، ھاراق ئارزىڭى بىلەن كۆمۈلگەن قورالنىڭمۇ سىرى ئەمدى
ئېچىلدى، — دېدى كومبات دوگان سوفىيوپ. ئۇ يەنسخەي مەھەللىسىدىن
قايتىپ كېلىپ باتالىئوندا بۇ كۆمۈلگەن قورالنىڭ سىرىنى باشقىلارغا سۆز‍ـ
لەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

## قىسىم ئالدىدا تەقدىرلەش

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى ، ئوتتۇرايۆنىلىشتىكى قىسىملار
جىڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرغان ھامان ، قىرىنداش
قىسىملار تەرىپىدىن شىخومۇ ئازاد قىلىندى . زىخرۇللام تۇرغان تۆتىنچى
پولك بىرىنچى باتالئون باجياخۇ ، يۈگجىخۇ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ جىڭ ، شى-
خو ئازاد بولغاندىن كېيىن كۈيتۇڭ دەرياسى بويىدا بىر مەزگىل مۇداپىئەدە
تۇرۇپ ، كېيىن يەنىسخەي تەبىئىي ئورمانلىقىغا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى . پۈ-
تۈن قىسىملار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن پولك باشلىقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-
شى بويىچە ھەر بىر باتالئون ، روتىلار ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە چىقىرىش بىلەن
ياخشى ئىش ئىزلار ۋە ياخشى ئادەملەرنى تەقدىرلەش ، بىرىنچى باتالئون
باجياخۇ ، يۈگجىخۇ ئۇرۇشىنىڭ خۇلاسىسىنى ، بولۇپمۇ زىخرۇللام تۇرغان بى-
رىنچى روتىنىڭ خۇلاسىسىنى ئوبدان چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى . بۇ ۋاقىتتا
بىرىنچى روتىدىكى جەڭچىلەر زىخرۇللامنىڭ ئۆزى يالغۇز دۈشمەنىنىڭ پوتەيلى-
رىگە ھۇجۇم قىلىپ ، پوتەيلەرنى پارتلىتىپ ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆر-
سەتكەنلىكىنى ئارقا - ئارقىدىن سۆزلەپ ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن
شەرەپ نامىنى بېرىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشتى .

شۇنداق قىلىپ باتالئون زىخرۇللامنى « كۈرەش قەھرىمانى » دەپ تەق-
دىرلەشنى پولك باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىشنى قارار قىلىپ بېكىتتى . قالغان
ئىككىنچى ، ئۈچىنچى باتالئونلار بىر قانچە ئون جەڭچى - كوماندىرغا « سا-
داقەت » ۋە « پىدائىي » مېداللىرىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ پولك شتابىغا
يوللىدى . نادىروپ زىخرۇللام بولسا قەددى - قامىتى كېلىشكەن ، بۇغداي
ئۆڭلۈك ، بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر كېلىدىغان ، ئۆزى گەۋدىلىك .
يۈزىدە ئازراق چېچەك ئىزى بار ، مىجەزى ئېغىر - بېسىق ، قوي كۆزلۈك ، ئوت
يۈرەك ، جاسارەتلىك يىگىت ئىدى . 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەن-

سىخەيدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىق بىر خىل ئاجايىپ خۇشاللىققا چۆمگەندى. چۈنكى ئۇ كۈنى پولك شتابىدىن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىيونلار ئۆز مۇداپىئە پوزىتسىيىسىدە بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملار پولك شتابىغا يىغىلسۇن دېگەن ئۇقتۇرۇش كەلگەندى.

ھەرقايسى روتىلار ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز روتىلىرىنى رەتكە تىزىپ، جەڭگىۋار ناخشىلارنى ئېيتىپ پولك شتابى ئالدىغا يىغىلدى. پولك شتابىنىڭ ئالدى خۇددى بىر بايرام تۈسىگە كىرگەندى. ھەممە جەڭچىلەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق ھېسسىياتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پولك باشلىقلىرى بىر- بىرلەپ كەمە ئۆيلەردىن چىقىشتى. بۇ چاغدا پولك دىجورنىسى پۈتۈن پولكقا دىققەت كوماندىسىنى بېرىپ، پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجىغا دوكلات قىلدى. پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا ئالدىغا يېقىنراق كېلىپ كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئېچىپ:

— ھۆرمەتلىك ئوفىتسېر- جەڭچىلەر، بۈگۈن سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ چوڭ يىغىن ئېچىشىمىزدىكى مەقسەت، بىز ئىلىدىن چىقىپ سەپەر ئۈستىدىكى جاپا- مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، باجياخۇ، يۈجىخۇنى ئىشغال قىلىشتا قېرىنداش قىسىملارغا يېقىندىن ياردەملىشىپ قانلىق جەڭلەرنى قىلدۇق. بۇ جەڭلەردە بىرىنچى باتالىيون بىرىنچى روتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەش نەپەر جەڭچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دۈشمەن پوتىيىنى پارتىلىتىشنى رەھبەرلىكتىن قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار يولداش زىخرۇللام باشچىلىقىدا ئۆز ھاياتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىدىن قورقماي دۈشمەن پوتىيىسىگە قەھرىمانلىق ۋە مەردلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ باردى. زىخرۇللام ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئىككى پوتىيىنى پارتىلىتىپ قېرىنداش قىسىملارنىڭ باجياخۇغا ھۇجۇم قىلىشىغا ھەم شۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاجايىپ تۆھپە قوشۇپ، قىسىملارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئېچىپ بەردى. زىخرۇللام باشلىق جەڭچىلەرنىڭ كۆرسەتكەن بۇ قەھرى-

مانلىقى ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب ئۇلارنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى.
زىخرۇللامغا ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن نام بېرىپ «باتۇرلۇق» ئوردېنى، قالغانلارغا «ساداقەت» مېداللىرى تەقدىم قىلىندۇ!— دېدى

بۇ قارار كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ خۇشاللىق، ئىپتىخارىنى قوزغىدى. پولك شتاب مەيدانىدا ئالقىش سادالىرى ياڭراپ، ھەممە قىن ـ قىنىغا پاتـ ماي قالدى.

قېيۇمبەگ غوجا كۆپچىلىكنىڭ ئالقىش سادالىرىدىن ھاياجانلىنىپ قولىـ نى كۆتۈردى:

— دىققەت، مەن بۈگۈن قوماندانلىق شتابىغا ۋەكالىتەن مۇشۇ «باتۇرـ لۇق» ئوردېنىنى يولداش زىخرۇللامغا تەقدىم قىلىمەن!— دېدى ئۇ كۈلۈمـ سىرەپ. شۇ ھامان پۈتۈن مەيداندا تەنتەنە ۋە كۈچلۈك ئالقىش سادالىرى تېخىمۇ ياڭراق ئاۋازدا جاراڭلاپ كەتتى.

زىخرۇللام باش كىيىمنى قىڭغىر كىيىپ، كېلىشكەن قامەتلىك بەستى بىـ لەن پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاس بېرىپ دىققەتتە تۇردى. پولك كوماندىرى زىخرۇللامغا قايناق مېھرى بىلەن ھەۋەسلىنىپ بىر قارىدى ـ دە، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ «باتۇرلۇق» ئوردېنىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويـ دى ۋە قولىنى مەھكەم قىسىپ:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، رەھمەت سىزگە. ۋەتەن ـ خەلق سىلەردەك باـ تۇر ئوغلانلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەي، داۋاملىق تىرىشىپ تېخىمۇ زور خىزمەت كۆرسىتىڭ!— دېدى.

زىخرۇللاممۇ:

— رەھمەت پولكوۋنىك، ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن جېنىم پىدا!— دەپ ھۆرـ مەت سالام بەردى ـ دە، كۆزىدە لىغىرلاپ تۇرغان خۇشاللىق، ھاياجانلىق ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمىكىن تېزلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيدان شاۋقۇن ـ چۇقانلىق ئالقىشلارغا تولغان بولۇپ، بىر توپ جەڭچىلەر زىخرۇللامنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتماقتا

ئىدى. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ھۇررا دەپ ۋارقىرـ
شىۋاتاتتى. پولك كوماندىرى يەنە كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇپ:
— قېرىنداشلار، زىخرۇللامدىن باشقا ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىئون
مەلۇم قىلغان جەڭچىلەر ۋە كادىرلارغا «ساداقەتلىك» ۋە «پىدائىي» مېـ
داللارنى تەقدىم قىلىمىز، — دېيىشى بىلەن يەنە كۈچلۈك چاۋاك چېلىندى.
مانا بۈگۈنكى خوشاللىق شۇنداق شاد - خۇراملىق بىلەن ئاخىرلاشتى.
شۇنىڭدىن كېيىن بولۇپمۇ زىخرۇللامنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى پۈتۈن
ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملار ئارا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ تېزلا تارقىلىپ،
جەڭگىۋار ھېكايىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى پولك بويىچە تەنتەنىلىك ئۆتكەن
خۇشاللىق پائالىيەت ئاياغلىشىپ ھەر قايسى باتالىئونلار ئۆز مۇداپىئە لىنىيـ
لىرىگە قايتىپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئورمانباغدىكى ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.
بۈگۈن ھاۋا خېلى ئىسسىق ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن پولك دوخـ
تۇرى ئابدۇجېلىل ئورمانباغنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئەتراپ
جىمجىت ئىدى. ئابدۇجېلىل دوختۇر بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي، قاراـ
قاش، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇ چىغىر يوللاردا كېتىپ بېرىپ، ئۆزىچە كۈـ
لۈپ قويۇاتتى - دە، يەنە تۇرۇپلا قاپىقىنى تۈرۈپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قاـ
رايتتى. بەزىدە قولىنى سېلىپ ئىتتىك - ئىتتىك ماڭسا، بەزىدە قولىنى كەينىـ
گە قىلىپ ئالدىرىماي ماڭاتتى. يول مېڭىۋاتقاندا ئاياغ ئاستىدا قۇرۇق قاـ
رىياغاچ شاخلىرى شىلدىرلاپ كەتسە خۇددى بىر ئادەم خۇپىيانە ئارقىسىدىن
كېلىۋاتقاندەك چۆچۈگەن ھالدا كەينىگە قاراپ قويۇاتتى. مانا شۇنداق قىـ
لىپ ئابدۇجېلىل بۇ ئەگرىدىن ئەگرى يوللار بىلەن ئايلانمىغا قانداق كېلىپ
قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. تۇساتتىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قېلىن ئورماننىڭ نېرىـ
سىدا ئادەملەرنىڭ گۇدۇڭشىغان بىر ئاۋازى كىرىپ قالدى. ئابدۇجېلىل كەيـ
نىگە قاراپ قويۇپ مېڭىشنى توختاتتى - دە، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشقا
باشلىدى.
ئۇ پۈتۈننىڭ ئۈچى بىلەن مېڭىپ شەپە چىققان تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى.

ئۇ ئۆزىنى لىككىدە ، بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەتراپ-
قا زەن قويۇپ قارىدى . ئاڭغىچە شەپكىسى بىر قارىياغاچنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ
قېلىپ ئۇنى ئاجرىتىمەن دەپ بېشىنى بوشراق سىلكىگەنىدى ، قارىياغاچ تې-
خى قاراس - قۇرۇس قىلىپ سۇندى - دە ، يەرگە چۈشتى . ئابدۇجېلىلنىڭ تې-
نى شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ ، ئالاق - جالاق بولۇپ ، ئۇياق - بۇياققا قارىدى .
ھەمدە ئۆزىنى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . لېكىن ھېلىقى شەپە ئاڭلانغان تەرەپ-
تە بىر نەچچىسى ئابدۇجېلىل تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئېڭىشىپ بىر نەرسە قى-
لىشىۋاتاتتى . ئابدۇجېلىل ئاۋاز چىقارماي تىخمۇ يېقىنراق بېرىپ قارىدى .
بۇلار ئارقا سەپتە ھارۋا ھەيدەيدىغان بىر قانچە پېشقەدەم جەڭچىلەر : ئاب-
دۇرېھىم « بولشىۋىك » ، ھوشۇر « ياگدۇزا » ، ئابدۇللا « توڭگۆز » ، ئەخمەت
« بەڭگى » لەر بولۇپ ، ئۇلار قولىنىڭ ئالقىنىدا بىر نەرسىنى ئۇۋۇلاپ ، پۈۋ-
دەپ ھەدەپ يانچۇقىغا سېلىشىۋاتاتتى . ئابدۇجېلىل بۇلار نىمە ئىش قىلىۋات-
قاندۇ دەپ ، بىر پەس تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن بىردىنلا مىيقىدا كۈ-
لۈپ قويۇپ : « ھە ، دىمەك بۇلار ياۋا كەندىرنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇۋۇلاپ نەشە
چەكمەكچى بولۇۋېتىپتۇ - دە ، ... قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇلارنىڭ يېنىغا بې-
رىپ تۇتۇۋېلىش كېرەكمۇ ياكى ۋارقىراپ چۆچۈتۈپ قاچۇرۇۋېتەيمۇ ؟ توختا ،
ئۇلارنى دوختۇرخانىغا بىردىن - بىردىن چاقىرىپ ، ئۆزلىرىنى ئىقرار قىلدۇ-
رۇپ ، ياسىغان نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلاي » دەپ ئويلاپ ئاۋاز چىقارماي
ئۆزى كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن دوختۇر
ئۇلارنى دوختۇرخانىغا چاقىرىپ كىرىپ ، بىردىن - بىردىن سورىدى . ئۇلار
دوختۇرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشنى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئى-
دى . چۈنكى بۇلارنىڭ نەزىرىدە بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كەندىر ئۇ-
ۋۇلىغان ئىشنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى .

— خوش ، ئابدۇرېھىم ، — دېدى دوختۇر شەپكىسىنى ئۈستەل تۆپىسىگە
قويغاندىن كېيىن باكىلاشكىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ قويۇپ ، ئابدۇ-
رېھىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — بۈگۈن چۈشتىن كېيىن نەگە بار-

دېگىلار؟

— ھېچ يەرگە بارمىدۇق. گەمىدە بولدۇق، دوختۇر، — دەپ كۈلدى ئابدۇرېھىم. ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك ھەممىسى دېگۈدەك بىر خىل جاۋاب بېرىشتى.

دوختۇر ئابدۇجېلىل تەمكىنلىك بىلەن چۈشتىن كېيىن كۆرگەن ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى. دوختۇرخانىنىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. ھەممىسىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك پۇتلىرى تىترەپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي تەرلىشىپ كېتىشىۋاتاتتى. بىردىنلا ئەخمەتنىڭ تىترەك ئاۋازى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— دوختۇر، — دەپ بېشىنى كۆتۈردى ئەخمەت پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، — بىز ئوتتۇز بەش - قىرىق ياشلاردىن ئاشتۇق. ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز، بىز ئوقۇمىغان قاراقورساق ئادەملەرمىز، بەزىلىرىمىز بايلارغا چاڭگۈك ئىشلەپ يۈرۈپ ئۇلاردىن قاتتىق تاياق يېگەندە، ھاقارەتلىنىپ، كەمسىتىلگەندە مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ دەردىمىزنى شۇنىڭدىن چىقىرىپ ئۆگىنىپ قاپتۇق. بۇ، ئەلۋەتتە ئىنتىزامغا، ھەربىي قانۇنغا خىلاپ ئىش. بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلسىڭىز سىز قىلسىز، يېنىمىزدا بار ئۇۋۇلغان نەرسىلەرنى تاپشۇرايلى، — دەپ باشقىلارغا قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەسكويىغا چۈشۈپ، ئورمانلىقتىكى ياۋا كەندىردىن يىغىۋالغان خۇددى چاشقان مايىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاپقارا نەشىلىرىنى يېنىدىن چىقىرىپ دوختۇرنىڭ ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇشتى.

دوختۇرنىڭ ئاچچىقى سەل ياندى بولغاي، كۆيۈنگەن ھالدا:

— بۇ زەھەرلىك نەرسە، سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق، بۇ ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈپ، مىللەتنى نادانلىققا، قالاقلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتلىققا تەھدىت سالىدىغان بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار، مەنمۇ بۇ ئىشنى ئۆزۈملا بىلىپ شىنابقا مەلۇم قىلماي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارمۇ خۇددى ئۈستـ

www.uyghurkitap.com

دىن ئېغىر يۆكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىك بىر ئۇھ تارتىشتى - دە، دوختۇرغا بۇ ئىشنى ئىككىنچى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىشىپ خىجالەت بولغان ھالدا دوختۇرخانىدىن ئاستا چىقىپ كېتىشتى.

بىر كۈنى مەن پولك دوختۇرخانىسىغا بارغاندا دوختۇر باتالىئوندا ئەخمەت قاتارلىقلارنىڭ سادىر قىلغان ئىشىدىن مېنى خەۋەرلەندۈرگەنىدى. مەنمۇ خاتاسىنى تۈزەتكەن بۇ ئىشنى قايتا سۈرۈشتە قىلمىدىم.

1945 - يىل 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قىشنىڭ سوغۇق ئاخشىمى ئىدى. ئورمانباغنى قېلىن قار قاپلىغان، جەڭچىلەر گەمە ئۈستى ۋە چىغىر يوللاردىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ ئېچىپ قويۇشتى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، پوستتا تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھوردىن قاش - كىرپىككە، بۇرۇتلىرىغا مۇز توڭلاپ، يىراقتىن قارسىڭىز ئۇلار خۇددى يېڭى يىل كېچىسىدىكى مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان قىش بوۋاينى ئەسلىتەتتى. جەڭچىلەر پۇتلىرىنىڭ ئۈششۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى ياكى پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئىسسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقتا ئىدى. جەڭچىلەر ئۆزلىرى تاشلار بىلەن ياسىۋالغان گەمە ئىچىدىكى ئوچاقلارغا ئوتنى شۇنچە كۆپ قالىسىمۇ تۈزۈك ئىسسىقى چىقمايتتى. بەزى گەمىلەردە ھۆل ياغاچلارنى تېرىپ كېلىپ قالىغاچقا، ئىس - تۈتەكنىڭ دەستىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. بۈگۈن ئىنتايىن سوغۇق، ھاۋا تۇتۇق بىر كۈن ئىدى. قۇياشمۇ ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىپ، قويۇق قارلىق ئورماندا سۇس قىزغۇچ ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئولتۇراي دەپ قالدى. ئىككىنچى باتالىئون كادىرلىرى باتالىئون شتابىنىڭ گەمىسىگە يىغىلىپ ئالدىراش بىرنەرسىلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. باشقا گەمىلەرگە قارىغاندا بۇ گەمە بىر ئاز كەڭرەك ھەم يورۇقراق ئىدى. بۇ گەمە ئوچىقىدىكى ئوتلارمۇ چاراسلاپ كۆيۈپ ئادەمگە خېلى ھوزۇر بېرەتتى. گەمىنىڭ ئىچى ئىشكىنى تولا ئېچىپ يېپىۋەرگەنلىكتىن ھوردىشىپ كەتكەن. شۇنىڭغا قارىماي بۇ گەمىلەردىكى جەڭچىلەرنىڭ ۋاقتى خېلى

خۇش ، ئۆزلىرى ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى . بەزىدە كۆڭۈللۈك چاقچاقلارمۇ ، قىزىق پاراڭلارمۇ بولۇپ تۇراتتى .

دەل شۇ چاغدا ئىككىنچى باتالىئون كوماندىرى نۇر مۇھەممەت باكىيوپ پولك دىجورنىلىقىنى قىلىپ قايتىپ بىرىنچى باتالىئون ئالدىدىن ئۆتكەندە بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ تالاغا چىقىپ نۇر مۇھەممەت باكىيوپنى كۆرۈپ قالدۇ- دە ، يۈگۈرۈپ كېلىپ :

— يولداش نۇر مۇھەممەت ، مۇزلاپ كېتىپسىز ، يۈرۈڭ ، گەمگە كىرىپ بىردەم هاردۇقىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ ،— دەپ سۆرەپ دېگۈدەك گەمگە باشلىدى . نۇر باكىيوپنىڭ كىرگۈسى يوق ئىدى ، چۈنكى كەچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى . لېكىن قورسىقى ئېچىپ بەكمۇ مۇزلاپ كەتكەن بولغاچقا گەمگە كىردى . گەمدە شۇنداق مەززىلىك بىر تاماق پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلدى . نۇر مۇھەممەت باكىيوپ ئۇ ياق- بۇياققا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— ۋاھ ، ئىشىڭىز كارى شورپا ئىكەن- دە ،— دەپ توۋلىۋەتتى- دە ، كېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى . يولداش توختى مەمەتوپ :

— ھە ، سەن ئىت بۇرۇن ئادەم بولغاچقا شورپىنىڭ پۇرىقىنى شۇنداق تېز بىلىۋالدىڭ — ھە ؟- دەپ چاقچاق قىلدى . شۇنىڭ بىلەن گەمە ئىچىدە كۈلكە- چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى . نۇر مۇھەممەت باكىيوپ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ ، شورپا قايناۋاتقان قازاننىڭ قېشىغا كېلىپ شورپىنىڭ پۇرىقىنى هىدلىغاچ قازانغا تازا سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن :

— ئاداش ، بۇ ، نېمىنىڭ شورپىسى ؟ — دەپ سورىدى . توختى مەمەتوپ :

— ئالدىرىما دوستۇم ، يېگەندە بىلسەن ، — دەپ مۇرىسىدىن تارتىپ ئەكېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ، — ئۆزۈڭ بىلسەن ، تۈنۈگۈن ئىنتايىن قېلىن قار ياغدى . سۇغا بارغان جەڭچىلەر جاڭگاللىقتىن ياۋا توشقاننىڭ ئىزىنى كۆرۈپتىكەن ، بۇنىڭدىن روتا خەۋەر تاپقاندىن كېيىن روتىدىن بىر نەچچە جەڭچى قولىغا تاياق- توقماقلارنى ئېلىپ قېلىن جاڭگالدا بىرەر-

ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە ئون نەچچە توشقاننى قوغلاپ يۈرۈپ چوماقلاپ تۇ-
تۇپ كېلىپتۇ! ئۇنى سويۇپ ھەممىمىز ئۆز گەملىرىمىزدە توشقان شورپىسى
قاينىتىۋاتىمىز. مەنمۇ تېخى ساڭا تېلېفون بېرەي دېگەنىدىم. ئالاغا چىقىشىم
ئىشىنىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالغىنىنى قارىماسەن، ئۆزۈڭمۇ خىزىر بوۋايدەكلا
ئالدىمدا تۇرىسەن،— دەپ، قوللىرىنى بىر- بىرىگە ئۇرۇپ ئۇۋۇلاپ قويدى
دى. نۇر مۇھەممەت باكىيوپ:
— مۇنداق دېگىن، ئاداش، بۈگۈن كەچلىك تاماقتا سىلەرگە ئەزىز
مېھمان بولۇپ، توشقان گۆشى بىلەن مەززىلىك توشقان شورپىسىنى ئىچكۈ-
دەكمەن. ئۇنداق بولسا مەن باتالىئونغا تېلېفون بېرىپ قوياي، ئۇلار ماڭا
قارىماي تامىقىنى يېۋەرسۇن،— دېدى- دە ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇب-
كىسىنى قولىغا ئالدى. بۇ چاغدا گەمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ تۈتىنچى روتىنىڭ
كوماندىرلىرى كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭمۇ ۋاقتى خۇش ئىدى. ئۇلار نۇر مۇ-
ھەممەت باكىيوپنىڭ ئالدىغا كېلىپ دىققەتتە تۇرۇپ چاس بەرگەندىن كېيىن
رۇخسەت ئېلىپ ئولتۇرۇشتى- دە، قىزغىن پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. دەل شۇ
چاغدا توختى مەمەتوپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:
— قېنى يولداشلار، ئۈستەلگە يېقىنراق كېلىڭلار، توشقان شورپىسى
تەييار بولدى،— دەپ كۆپچىلىكنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى.
باتالىئوننىڭ ئاشپىزى ئۈستەلنى سۈرتۈپ باكلاشكىلارنى، قەلەي قو-
شۇقلارنى، چوڭ- چوڭ توغرالغان بولكىلارنى، ئاندىن يوغان بىر جاۋۇردا
تۈت- بەش توشقان گۆشىنى جوزىغا ئەكېلىپ قويدى. توشقان گۆشى باشقا
گۆشلەرگە ئوخشاشمايدىكەن، بۇنىڭ گۆشىنىڭ رەڭگى ئاق، ئۆزى قۇرغاق
بولىدىكەن. سورۇندىكىلەر بەس- بەس بىلەن ئېغىز تېگىشكە باشلىدى.
ئۇلار توشقان گۆشى كۆرۈنۈشتە ئورۇقراق كۆرۈنگەن بىلەن تەمى ئوبدان ئى-
كەن دېيىشىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. نۇر باكىيوپ بىر پارچە گۆشنى قولىغا
ئېلىپ بىر- ئىككى چىشلەپ تېزلا يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن توختى مەمەتوپقا قا-
راپ:

— ئاداش ، توشقان گۆشۈگلار خىلى مەززىلىك بوپتۇ ، ئۇبدان پىشىپتۇ ،— دېيىشكە ، باشقىلارمۇ تەستىقلىغاندەك ھەئە دېيىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يېيىشتى . ھەش - پەش دېگۈچە جاۋۇردىكى مەززىلىك گۆش تۈگەپ قالدى . ئارقىدىنلا پۇراقلىق توشقان گۆشى شورپىسى كەلتۈرۈلدى . بۇلار ئۆز تاماق قاچىلىرىغا قۇيۇپ قويۇلغان شورپىسىنى ئالدىلىرىغا تارتىپ ، ياپىلاق قىلىپ كېسىپ قويۇلغان قاتتىق بولكىنى شورپىغا چىلاشتى - دە ، ئىچىشكە باشلىدى . ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تەرلەپ كېتىشكەندى .

— خوش ،— دېدى ئىككىنچى باتالئون كوماندىرى نۇر مۇھەممەت باكىيوپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىر قولىدا قۇلاقچىسىنى تۇتۇپ ، بىر قولى بىلەن كىرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقنى ئېلىپ پېشانە ، بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ،— سىلەرگە رەھمەت ، يولداشلار ، بۈگۈن خۇددى ئۆيدە قۇربانلىق گۆش يەپ شورپا ئىچكەندەك مەززە قىلدىم . مەن پولك دىجورنىسى ، بالدۇرراق قايناي ،— دەپ خوشلىشىپ تالاغا چىقتى - دە چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا مىنىپ تۈن قاراڭغۇسىدا چېغىر يوللارغا كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى .

## تۈيۈقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق

دېكابىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ، شىمالدىن كېلىدىغان سوغۇق شامال جاندىن ئۆتەتتى . ئۈچىنچى باتالئون شتابىدا ھەممە ئوفىتسېرلار قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى . كوماندىر باتالئون دوگان سوفىيوپ باتالئوننىڭ مۇداپىئە خەرىتىسىنى تامغا چاپلاپ قويۇپ :

— پولك شتابى بىزنىڭ باتالئونغا كىچىك مانېۋىر ( ھەربىي مەشق ) ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ،— دېدى . ئۇ قولىدىكى تاياقنىڭ ئۇچىنى خەرىتىدىكى بەلگىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— بۇ قې

تىم بىر روتىنىڭ دۈشمەن مۇداپىئەسىگە تاكتىكىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش مەشقىنى ئىشلەيمىز. بۇنداق مەشغۇلات رەسمىي ئۇرۇش ئۇستىدە كوماندىرنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ھەربىي سەنئىتىنى ئۆستۈرىدۇ. جەڭچىلەرنى يەر تۈزۈلۈشىدىن قانداق پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ساقلاپ دۈشمەننى يوقىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە زور ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مانېۋرنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ئۇ ماڭا قاراپ:

— شتاب باشلىقى، سىز دۈشمەن ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇڭ، — دېدى.

مەن تاياقنى قولۇمغا ئېلىپ خەرىتىگە قاراپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدىم:

— ھازىر دۈشمەن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇنۇ تاشيول جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكتىن دۈشمەن بىزنىڭ مۇداپىئەمىزگە ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنىڭ بۇ لىنىيەمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پولك شتابىغا تەھدىت سېلىپ، شىخو تەرەپكە ئۆتىدىغان قاتناش تۈگۈنىنى بۇزۇپ، چوڭ قىسىملىرىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچماقچى. شۇنداق ئىكەن بىزنىڭ يەتتىنچى روتىنىڭ ۋەزىپىسى تاشيول جەنۇبىدىكى ساي ئارىسىدىن كېلىدىغان دۈشمەننى توسۇپ، ھەرىكەتچان تاكتىكا بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش. سەككىزىنچى، توققۇزىنچى روتىلار ئىككىنچى سەپتە ئۆز ئىستىھكامىدا جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ. مىناميوت ئىززوتى باتالىئون شتابىدا بۇيرۇق كۈتىدۇ. سېۋەز ئىززوتى ئالاقىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ بۇ كەچلىك مانېۋرىمىز قىسىملارنىڭ كېچىلىك جەڭ قىلىش ماھىرلىقىنى ئاشۇرۇپ كوماندىرلارنىڭ قوماندانلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى مانېۋردا ھەربىر روتا، ئىززوتلار ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق ئورنىدا مەھكەم تۇرۇپ، ھەر مىنۇت، سائەتتە باتالىئون قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئارقىدىنلا يەتتىنچى روتىنىڭ كوماندىرى يۈسۈپجان دەرھال پۈتۈن رو-

تىنى يىغىپ سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى .

— بىزنىڭ روتا باتالىئونىنىڭ كەچلىك مانېۋىرىدا ، هەرىكەتچان تاكتىكا بىلەن تېز سۈرئەتلىك هۇجۇمغا ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ،— يۈسۈپجان تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى ،— سىلەر تاكتىكا دەرسىدە ، ئىزۋوتلارنىڭ هۇجۇمغا ئۆتۈش ئەمەلىي مەشغۇلاتلىرىنى ئىشلەپ كەلدىڭلار ، ئەمدى روتا بويىچە بۇ هەرىكەتلەرنىڭ بىردەك بولۇش - بولماسلىقىنى كۆرىمىز ، بۇ ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلەشنىڭ ئوبدان سىنىقى ، شۇنداقلا بۇ پۈتۈن روتا بويىچە ئېيتقاندا شەرەپلىك جەڭگىۋار ۋەزىپە .

ئۇ ئالدىدىكى خاتىرىنى قولغا ئېلىپ قارىدى - دە ئىزۋوتلارنىڭ مانېۋىرىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى : ئۈچىنچى ئىزۋوت زاپاستا تۇرىدۇ ، بىرىنچى ، ئىككىنچى ئىزۋوت ساي ئالدىدىكى دۈشمەن مۇداپىئەسىگە هۇجۇم قىلىدۇ . هەربىر ئىزۋوت ئارىلىقنى ئوبدان ساقلاپ ، دۈشمەن مۇداپىئەسىگە ئۆمىلەپ مېڭىپ تۇيدۇرماي ، تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىدۇ .

كېچە ئاي قاراڭغۇسى ، ئەتراپنى كۆرگىلى بولمايتتى . كۈن ئىنتايىن سوغۇق ، هەممە ياقنى ئاق قار قاپلىغان . بۇ جاڭگالنىڭ جانىنى قاقشىتىدىغان بورىنى بەزى يەرلەرگە قارلارنى قاپلاپ قويغان بولسا ، بەزى يەرلەرنى يالىڭاچلاپ قويغانىدى . ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ، خۇددى پۈتۈن ئورمان ئاق لىباس كىيىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ، ئورماندا هەتتا تۇڭ قاغىنىڭ ياكى جاڭگال دۈمباقچىسىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى . مۇشۇنداق بىر پەيتتە تاشيولنىڭ جەنۇبىي تاغ تەرىپىگە قاراپ ئىككى ئىزۋوت سەپ تارتىپ يول ئالدى . ئۈچىنچى ئىزۋوت ئارقىدا زاپاستا قالدى . ئۇ جەڭگە هازىر بولۇپ ، هوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى . بىرىنچى ، ئىككىنچى ئىزۋوتتىكى جەڭچىلەر سەپ تارتىپ دۈشمەن مۇداپىئەسىگە يېقىن قالغاندا مېڭىشىنى ئۆزگەرتىپ مىلتىقنى ئوڭ قولىدا ، ئوڭ يانپىشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قاردا سىيپىلاپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى . دەل مۇشۇ بىر دەقىقە جىمجىتلىقتا جەڭچى قادىر دىققەتسىزلىكتىن بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ تېيىلىپ كەتمىگەن بولسا ، مىل-

تىقنىڭ پايىنكى تاشقا تېگىپ بەتلەگىلىك ئوق (ئوق ئۇچىنى ئىبلۇۋەتكەن قۇرۇق دورا بار ئوق) ئېتىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. مانا جىمىكى بالانى تەرگەن ئەنە شۇ تۈيۈقسىز ئېتىلىپ كەتكەن بىر پاي ئوق بولدى. ئوق ئېتىلىپ كېتىشى بىلەنلا ئالدىمىزدىكى دۈشمەن سېزىپ قېلىپ پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇۋەتتى؛ چۈنكى بىر پاي ئوقنىڭ ئېتىلىپ كېتىشى بىلەن دۈشمەن مۇداپىئەسىدىكى ئوت توچكىلار پۈتۈنلەي ئويغىنىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا روتا كوماندىرى كۆزىتىش پونكىتىدا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «ھەي، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەسى پالاكەتلىك قىلمىغان بولسا ئون مىنۇت ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئېگىدە ئاستىدىن چىققان بولاتتۇق» دەپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ يەرنى قاتتىق تەپتى. بىرىنچى، ئىككىنچى ئىزۋوت دۈشمەن ئىستىھكامىدىن ئوق چىقىش بىلەن يەرگە مەھكەم يېپىشىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. ئۆلگۈرەلىگەنلىرى ئازگاللارغا، قار دۆۋىلىرىنىڭ كەينىگە يېتىۋالدى. بەزىلەر يېنىدىكى بەل گۈرجەكنى چىقىرىپ قارنى دۆۋىلەپ ئالدىغا دالدا قىلىۋالدى. ھەرىكەت قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر مۈزلاپ، بەدەنلىرىنىڭ ئېچىشىپ كەتكىنىگە قارىماي ئېگىكنى قارغا تىرەپ مىدىر قىلماي جىم تۇردى.

مانا تاڭمۇ ئاستا يورۇپ سۈبھى تەرەپ كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. سەھەرنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقى جان- جاندىن ئۆتۈپ باراتتى. بەزىلەر شۇ قەدەر مۈزلاپ كەتكەنىدىكىن، گەپ قىلىشقا ئاغزى كەلمەي قېلىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە روتا كوماندىرى يوسۇپجان يېشىل راكېتا ئېتىپ ھەممە ئىزۋوتلارنى بىردەك ئوق چىقىرىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، دۈشمەن ئوت كۈچىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسىنى ئىگىلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

يەرگە يېپىشىپ ياتقان ئىككى ئىزۋوت جەڭچى دەرھال ئاپتومات، مىلتىق، پىلىموتلاردىن بىردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ھەش- پەش دېگۈچە دۈشمەن ئاكوپىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىرنەچچە دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى. ئۆزىمىزدىن بەش- ئالتە جەڭچى ئېغىر يارىلاندى. مانا تاڭمۇ يورۇدى. روتىنىڭ تاكتىكىلىق ھۇجۇمى ئاياغلاشتى. بايىقى

مۇزلاپ پۈت - قوللىرى توڭلىغان جەڭچىلەر ئەمدى شۇنداق قىزىپ كەتتىكى ، كېچىدىكى سوغۇق ، ھارغىنلىق ، تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ ، ھەممىسى بىردەك روھلۇق ، جۇشقۇن قىياپەتتە ئۆز گازارمىلىرىغا قايتتى . ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن پۈتۈن روتا بويىچە يىغىن ئېچىلدى . روتا كوماندىرى ئاخشامقى مانېۋردىن قىسقىچە خۇلاسە يېزىپ چىقىپ مۇنداق دېدى :

— قېرىنداشلار ، ئاخشامقى روتىنىڭ تاكتىكىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش مانېۋرى ئومۇمي جەھەتتىن ئېيتقاندا ياخشى بولدى . لېكىن بىر قانچە سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن ئاز - تولا ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ كۆرۈلدى . بىرىنچىدىن ، جەڭچىلەرنىڭ ئادەتتىكى تاكتىكىلىق مەشغۇلاتى پۇختا بولغان ، ئەمما جەڭچىلەر يەر تۈزۈلۈشىدىن توغرا پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى نىقابقا ئېلىش جەھەتتە پىششىق ئەمەس . نېمىشقا بىر پاي ئوق تۇيۇقسىز ئېتىلدى ؟ بۇ ئوق دۈشمەننى ئويغىتىپ قويدى ، بىزنىڭ پىلانىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى ھەمدە ئۇقۇشماسلىقتىن بىر ئاز پاتىپاراقچىلىق بولدى . بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزدىن بەش - ئالتە يولداش يارىلاندى . ئەگەر تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق بىزنىڭ تاكتىكىلىق پىلانىمىزنى بۇزۇۋەتمىگەن بولسا ، ئۆز يولداشلىرىمىزدىن بۇنداق چىقىم بولمىغان بولاتتى . يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تەجرىبە - ساۋاق قىلىپ ، خىزمەتلەرنى ياخشى خۇلاسىلەپ ، قىسىمنىڭ تاكتىكا دەرسلىكىنى چىڭ تۇتۇپ ، جەڭچىلەر كېچىلىرى ئەتراپنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدىن توغرا پايدىلىنىپ ، ئۆزلىرىنى نىقابلاشقا ماھىر بولۇشى ، يەرنى سىيپىلىغاندا قورالنى قانداق تۇتۇش ھەققىدىكى تەلىملەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك . يىغىندىن كېيىن ئىزۋوت - ئوددېلېنىيىلەر بويىچە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ ئوبدان ھەرىكەتلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، خاتا ۋە ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ ئوبدان خۇلاسىلەڭلار ،— دېدى - دە ، سۆزىنى تۈگەتتى .

كۆرسەتمە بويىچە ئۈچىنچى باتالىئون ، باتالىئون بويىچە خۇلاسە چىقىرىپ : ئاجىزلىقلارنى تەجرىبە - ساۋاق قىلىش ، مۇنىڭدىن كېيىن تاكتىكا

دەرسلىكنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

قىسىملارنىڭ يەنىسەيدى ئورمانلىقىغا جايلاشقىنىغا ئۈچ ئايدىن ئېشىپ قالدى. بۇ مەزگىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرى بولغاچقا ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. قىسىمدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىچىدە ھەر خىل ئىدىيىۋى ئەھۋاللار بىخ ئۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. بەزىلەر بۇ يەردە يېتىۋېرەمدىكەنمىز، ئۇرۇش چېگە قاراپ ئىلگىرىلىمەمدىكەنمىز دەپ غۇلغۇلا قىلىسا، بەزى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە يېتىۋېرىدىغان ئىش يوق، بىز يۇقىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەڭلەر دېگىنى بويىچە ئىش قىلساق، ھامان بىر كۈنى قانداق قىلىشىمىز توغرۇلۇق بۇيرۇق كېلىدۇ. شۇ بويىچە ئىش قىلساقلا بولىدۇ دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، قىسىمدا نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەي بۇ ئورمانلىقتا ياتىمىز دېگەن ئىدىيىلەر كۆچىيىشكە باشلىدى.

1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچ، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ شۇۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. مەن بۈگۈن كەچتە پولك دېجورنىسى ئىدىم. كەچتە پوستلارنى تەكشۈرۈپ كېلىپ، يولدا ئازراق ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى باتالىئوندىكى نۇر مۇھەممەت باكىيوپنىڭ گەمىسىگە كىرىپ قالدىم. بۇ يەردە بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ بىلەن ئىككىنچى باتالىئون بەشىنچى، ئالتىنچى روتا كوماندىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. نۇر مۇھەممەت باكىيوپنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن، بەزى خەۋەرلەرنى ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئاڭلايتتى. كۆپ چاغلاردا غۇلجىدىكى ئەھۋاللار ۋە پولك - باتالىئونلار ئىچىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ھەممىدىن بۇرۇن نۇر مۇھەممەت باكىيوپ ئاڭلايتتى. نۇر مۇھەممەت باكىيوپ شۇنداق دېدى:

— ھازىر قىسىملاردا كوماندىر - جەڭچىلەر ئىچىدە زېرىكىش بار. بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەيمىز دېيىشىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر: بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ماناس كۆۋرۈك بېشىدا دۈشمەن بىلەن تىركىشىپ تۇرغان قېرىنداش قىسىملار نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچى تەرەپكە ماڭمايدۇ؟ ئۇلاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىچى قانچىلىك پۇ-

شۇپ كەتكەندۇ دېسە؛ يەنە بەزىلەر: بىز ھەربىي ئادەم بۇيرۇقنىڭ قۇلى، قوماندان قاچان بۇيرۇق قىلسا بىز شۇ ھامان ئالغا قاراپ ھۇررا دەپ ماڭىمىز دەۋاتىدۇ، بۇ سۆزغۇ توغرا، بىز ھەربىي ئادەم، بىراق، بۇ يەردە سەۋەبنى ئۇقمايلا بىكار يېتىۋاتىمىز، شۇنىڭغىلا ئادەمنىڭ ئىچى پۇشىدۇ،— دېدى.

ئالتىنچى روتىنىڭ كوماندىرى دەرھاللا:

— راست، نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەي ماناس دەريا بويىدا توختاپ قالدۇق؟— دەپ سورىدى. بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ:

— بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزنى سوۋېت ھۆكۈمىتى باشتىن- ئاخىر قوللاپ، بىزگە كۆپلەپ ماددىي ئەشيا ۋە بەزى يېنىك قوراللارنى ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمىز سوۋېت تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر سوۋېت تەرەپ بىرنىمە دېمىسە، سوۋېت تەرەپنىڭ بىرەر ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بولمىسا بۇ ئۇرۇش ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالارمۇ؟ چوقۇم سوۋېت تەرەپ بىرنىمە دېگەن بولسا كېرەك،— دېدى. بۇ چاغدا گەپ قىلماي سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان بەشىنچى روتا كوماندىرى:

— مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىمەي توختاپ قېلىشىمىز سوۋېت خەلقى گېرمان ئۇرۇشىدا نەچچە مىليون ئادەمنى قۇربان قىلدى. ئۇرۇشنىڭ جاراھىتى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر گېرمان ئۇرۇشى غەلىبە قىلدى. ياپون تەسلىم بولدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىيتقاندا ئۇرۇشنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن تىنچلىق شارائىت ناھايىتى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان قوراللىق ئۇرۇشىمىزنى توختىتىپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش دېگەن ئويدا بولدىمۇ قانداق؟— دېدى.

ئۇزۇنقۇلاق نۇر مۇھەممەت باكىيوپ دەرھال سۆز قىستۇرۇپ:

— مېنىڭ ئېسىمدە، ئاداش توختى مەمەتوپ، سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن، گېنېرال فەلنوپ بىزگە پامىر ئېتىكىدە ھەربىي تەلىم - تەربىيە

بىرىۋاتقاندا مۇنداق بىر سۆزنى قىلغان: «سىلەر شىنجاڭلىق بالىلار، يېقىن ئارىدا سىلەر شىنجاڭغا شىنجاڭ خەلقىنى گومىنداڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىشقا ياردەمگە بارىسىلەر» دېگەندە بىز قېنىمىزغا پاتماي خۇش بولۇپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن بارىدىكەنمىز دېسەك، گېنېرال فەلىنوپ: «ياق. سوۋېتنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتى يوق، ھەرگىزمۇ مۇستەقىل قىلمايدۇ. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىك تۈزۈم تىكلەنگەن، سوۋېتكە قوشنا جۇڭگونىڭ ئۆلكىسى بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دېگەنىدى. گېنېرالنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە ھازىر گومىنداڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىپ تىنچلىق بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى. مەنمۇ دەرھال سۆز قىستۇردۇم:

— يېقىندا غۇلجىدىن كەلگەنلەردىن بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. بىزنىڭ خەلق ۋەكىللىرىمىز گومىنداڭ مەركەز ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەن گەپلەر بارئىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھەممىمىز: ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئەمدى ئۇرۇش بولمايدىكەن، بىزلەرمۇ ئائىلىمىزگە قايتىدىغان ئوخشايمىز، دېيىشتۇق. نۇر مۇھەممەت باكىيوپ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، بۈگۈنكى ئۆزئارا گەپلەشكەن سۆزلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمەيلى. بۇ گەپ قىسىم ئىچىگە تارقىلىپ كەتسە جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالدۇق؟ دېگەن پاراڭ ھەر كىم ئۆز پەرەزلىرىنى، قاراشلىرىنى دەپ ئۇياق- بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ ئاخىرى چىقمايدىغان پەرەزلەر ۋە شەخسىي قاراشلار بىلەن ئاخىرلاشتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى قوماندانلىق شتابى قىسىم رەھبەرلىرىگە ۋە كادىرلارغا ئوچۇق چۈشەندۈرمىگەنىدى. پەقەتلا قوماندانلىققا بويسۇنۇش، يۇقىرىدىن قانداق بۇيرۇق قىلسا تۆۋەندە شۇنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەربىي

قسمنىڭ تەشكىلچانلىق ، ئىنتىزامچانلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ ئاساسي ئىپا- دىسى ئىدى .

ئاخىرى ھەممىز باتالىئوندىكى زىرىكىش كەيپىياتىغا قارىتا خىزمەت ئىشلەپ ، بىز ھەربىي ئادەم يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈش ۋە بۇيرۇقتا بوي- سۇنۇش ھەققىدە كۆپرەك چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك دېگەن خۇلاسە بىلەن پاراڭلىرىمىزنى ئاياغلاشتۇردۇق . مەنمۇ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، تالاغا چىقىپ ئېتىمنى مىندىم- دە شىۋىرغاننىڭ ھۇۋلاشلىرىغا جور بولۇپ پوستلارنى تەكشۈرۈشكە كەتتىم .

قىسىم باشلىقلىرى كادىر- جەڭچىلەر ئىچىدىكى ئىدىيىۋى ئەھۋاللارغا قارىتا چۈشەندۈرۈش تەربىيىسى بېرىشتىن تاشقىرى يەنىسخەي مۇداپىئە رايو- نىدىن چىقىپ ، ئەتراپنى رازۋېت قىلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى . بۇ ۋەزىپە ئۈچىنچى باتالىئون كوماندىرى دوگان سوفىيوپقا تاپشۇرۇلدى . دوگان سو- فىيوپ بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇردى . مەن يەتتىنچى روتا كوماندىرى قاسىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ ئىككى ئىزۋوت ئەسكەرنى باشلاپ ساندىخوزا تەرەپنى راز- ۋېت قىلىپ ، ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ كېلىشنى ، بۇ جەريان- دا ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى بۇيرۇدۇم . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر شۇنچە خۇشال بولۇپ جانلىنىپ كەتتىكى ، ئىسقىرتىش ، چاۋاك ئاۋازى گەمىنى بىر ئالدى . روتا كوماندىرى قاسىم ئىككى ئىزۋوتنى ئېلىپ تاشيولنى ياقىلاپ يەنىسخەي ئورمانباغ مۇداپىئە رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى- گە ، يەنى ساندىخوزىغا قاراپ يول ئالدى .

يەنىسخەي ئورمانباغ بىلەن ساندىخوزا ئارىلىقى ئون سەككىز كىلومېتىر كېلەتتى . بۇرۇن ساۋەن ناھىيىسى ساندىخوزىنىڭ شىمالىغا توقسان كىلومېتىر كېلەتتى . ئۇ يەرلەردە قۇملۇققا يېقىن جايلاشقان داگەي ، شوگەي دېگەن بىرمۇنچە كەنتلەر بولۇپ ، قاتناش ئىنتايىن قىيىن ئىدى . 1945 - يىللاردا ساندىخوزىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . بۇ يەردە مىللىي ئارمىيە ئوت- تۇرا يۇنىلىش ئارقا سەپ قىسىملىرىنىڭ خادىملىرى پۈتۈن شىخەنزە ، ئالاۋ-

سۇن ، يەنسخەيلەردە تۇرۇۋاتقان قىسىملارنى بولكا بىلەن تەمىنلەيدىغان ناھايىتى چوڭ بولكىخانا بار ئىدى ، بولكا ئېچىتقۇلىرى چوڭ - چوڭ تۇڭلارغا قاچىلانغان بولۇپ ، بولكا ئېچىتقۇ زالىغا كىرسىڭىز ئېچىتقۇ پۇرىقى بۇرنىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ ، ھەتتا كۆزىڭىزدىن ياش چىقىرىۋېتەتتى . يەتتىنچى روتا ساندىخوزىغا كىرىپ يەر شارايىتىنى پۇختا ئىگىلەپ ، قىسقا ، چۈشىنىشلىك بىر خەرىتە سىزىۋالدى .

ئېچىتقۇنىڭ پۇرىقى پۈتۈنلەي پۇرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن قىزىقچىلىقتا كوماندىر - جەڭچىلەردىن بىرنەچچىسى ئازراقتىن ئېچىتقۇنى ئىچىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى قېيىپ ، پۇت - قوللىرىنى باشقۇرالماي قالدى . بۇنى كۆرگەن روتا كوماندىرىنىڭ راسا ئاچچىقى كېلىپ دەرھال ئۇلارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ يەنسخەيگە قايتىشقا بۇيرۇدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە روتا كوماندىرى تۈنۈگۈن خىمىرتۇرۇچ ئىچكەن جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرسە ، ئۇلارنىڭ كوماندىرىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ ، ئىچى سۈرۈپ كېتىپتۇ . بۇ ئەھۋالنى دەرھال پولك دوختۇرخانىسىغا مەلۇم قىلدى . پولك دوختۇرخانىسىدىن دوختۇر ئابدۇجېلىل بىلەن ئىككى نەپەر سېستىرا كېلىپ تەكشۈردى . دوختۇر ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن :

— نېمە يېگەنىدىڭ ؟— دەپ سورىدى . بۇ چاغدا جەڭچىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ گەپ قىلىشماي يەرگە قارىۋالدى . دوختۇر جىددىي تۈردە :

— نېمىشقا جىم تۇرىسىلەر ، گەپ قىلمامسىلەر ؟— دەپ تەكرار سورىدى . كوماندىر ئىززۋوت گەپ قىلماي يېتىۋالدى . شۇ چاغدا بىر جەڭچى بېشىنى ئاستا يەردىن كۆتۈرۈپ :

— تۈنۈگۈن ساندىخوزىغا بارغاندا بولكىخانىدىكى ئاچچىق بولكا ئېچىتقۇسىنى ئىچكەنىدۇق ،— دەپ جاۋاب بەردى . دوختۇر :

— دېمەك ، بولكا ئېچىتقۇسى زىيان قىپتۇ ، سەن كوماندىر تۇرۇپ ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدىڭ ،— دېدى - دە ، دورا بەردى . دوختۇر بۇ ئەھۋالنى پولك شتاب باشلىقى ماتسوكقا دوكلات قىلدى . شتاب باشلىقى

ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولدۇ، قولىنى كەي-
نىگە تۇتقان ھالدا قاتتىق- قاتتىق دەسسەپ ئۇياقتىن- بۇياققا ماڭدى.
يانچۇقىدىن ئاپئاق ياغلىقىنى ئېلىپ يۈز- كۆزىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ
تېلېفوننى قولىغا ئالدى- دە ئۈچىنچى باتالىيون كوماندىرىنى تېلېفونغا چا-
قىرتىپ باتالىيون كوماندىرىغا:

— يەتتىنچى روتا بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرىنىڭ ئىنتىزامسىزلىقى ئۇ-
چۈن ئۇنىڭغا باتالىيون بويىچە ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان قىلىنسۇن، — دەيدۇ-
دە، ئاچچىقى بىلەن تېلېفوننى قاتتىق بېسىپ قويۇۋېتىدۇ. تېلېفوننى قوبۇل
قىلغان باتالىيون كوماندىرى دوگان سوفىيوپ دەرھال مېنى يېنىغا چاقىرتىپ
ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ماڭا چۈشەندۈردى. مەن كوماندىر روتا قاسىمنى
چاقىرتىپ ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، روتىدىكى ئايرىملارنىڭ
ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا تەنقىدىي قاراپ، ئاچچىق ساۋاق ئېلىشنى جېكىلى-
دىم. بولكا ئېچىنقۇسى ئىچىپ قويغان بۇ ۋەقە ئىزۋوت كوماندىرىغا قاتتىق
ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆتىنچى باب

# ئورمانباغدىكى يېڭى يىل كېچىلىكى

## گەمە ئۆيدىكى ئولتۇرۇش

ھەش - پەش دېگۈچە يېڭى يىلمۇ يېتىپ كەلدى. يەنىسخەي ئورمانباغدىكى جەڭچىلەر قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىنى، شۇۋرغانلىق قاراڭغۇ كېچىلىرىنى، قاراڭغۇ زەي گەمىلەردە كۈن - ئايلارنى ساناپ، بەزىدە مۇزلاپ، بەزىدە ئاچچىق كۆلۈپ، بەزىدە تاتلىق شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. 12 - ئاي ئاخىرلىشىپ تېخىمۇ قاتتىق سوغۇق باشلانغانىدى. سوغۇق دەستىدىن تۈكلۈكمۇ مۇز بولۇپ چۈشەتتى. گەمە ئىچىمۇ شۇنداق سوغۇق، ئوت قالىسىڭىز ھوردىشىپ كېتەتتى. سېسىق زەي تۇپا دەستىدىن چىققان بىر تۈرلۈك سېسىق پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى، تەڭلىك - باراۋەرلىكى ئۈچۈن جېنىنى ئايىماي كۆرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ھېچ نەرسە سۇندۇرالمايتتى. مانا بۈگۈن 1945 - يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈن كېچىسى ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، ئورمانباغنى قاپلىۋالغان تۇمان ئاستا - ئاستا تارقىلىپ ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى. بۈگۈن ھاۋانىڭ شۇ قەدەر سوغۇق بولۇشىغا پىسەنتمۇ قىلماي جەڭچىلەر ئورمانباغدىكى چىغىر يوللارنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشىغا قار بوۋايلارنى ياسىۋەتكەن. بەزىلەر بولسا قاردىن پوستتا تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ شەكلىنى ياساپ قويغانىدى. ئادەتتىمۇ پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ مىدى-

رىشنى دېمىسە قار بوۋايدىن ئايرىغىلى بولمايتتى. چۈنكى پوستىنكى جەڭ-چىلەرنىڭمۇ قاش، كۆز، بۇرۇت، كىرپىك ۋە ھەممە يېرىنى قىراۋ باغلاپ كەت-كەن. قارىسىڭىز ئورمانباغ خۇددى ئەپسانىۋى چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ-غا-رايىپ تىلسىملارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

تەبىئەت 1946-يىلنى ئاجايىپ تىلسىملىرى بىلەن قارشى ئېلىۋاتاتتى. بۇ ئاخىرقى كۈندە پۈتۈن پولك بويىچە يېڭى يىل كۆڭۈل ئېچىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىشتى.

كېچىسى ئابارونلاردىكى، يەر ئاستى گەملەردىكى، باتالىئونلاردىكى كوماندىر-جەڭچىلەر يىغىلىپ بۈگۈنكى يېڭى يىل كېچىسىنى مەنىلىك ۋە خۇ-شال-خۇراملىق ئېچىدە ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. كۆڭۈل ئېچىشنى باشلاش ۋاقتىغا ئاز قالدى، ھەر بىر باتالىئوننىڭ باشلىقلىرى پولك شتابىغا بېرىپ، باشلىقلارنىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ كېلىشكە كەتتى، روتىلارمۇ ئۆز ئالدى-غا تەييارلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. ئۈزۈن ئۆتمەي باتالىئون باشلىقلىرى جەڭچىلەر بىلەن يېڭى يىلنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز باتالىئونلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. بۈگۈن كەچ ھەممىدىن قىزىپ كەتكىنى بىرىنچى باتالىئون بىرىنچى روتا گەمە ئۆيى بولدى. چۈنكى جەڭچىلەر، كوماندىرلار مۇساجان روزىنىڭ يۇرەكنى چەككۈچى زىل تەمبۇر ئاۋازى بىلەن جاراڭلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدى. ئاشپەزلەر بۈگۈن كەچكى تا-ماققا سەۋزە توغراپ، ئۇستىگە مەززىلىك كالا گۆشى بېسىلغان، راسا ئوخ-شىغان پولۇ ئېتىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ھەممىنىڭ يېڭى يىلنى با-ياشات، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. بىرىنچى روتا گەمە-سىدىكى ئۈزۈن ئۇستەلگە تاماق قاچىلىرى، ھەربىر قاچىنىڭ يېنىغا بىردىن قو-شۇق، بىر جۈپتىن چوكا، ئوتتۇرىغا توغرالغان بولكىلارنى، زاكۇسكا ئۈ-چۈن بىر نەچچە كىچىك تەخسىگە تۇزلانغان سەي، تەخسىلەرگە توغرالغان قې-زا قويۇلغانىدى، ھەتتا يوغان بىر تەخسىگە غۇلجىنىڭ سۈت ۋە ماي قويۇپ يېقىلغان ئۇششاق توقاچلىرىمۇ تىزىپ قويۇلغان. بۇ نەرسىلەر جەڭچىلەرنىڭ

ئۆيلىرىدىن كەلگەن نەرسىلەر ئىدى. كەچ سائەت ئون بىردا پۈتۈن ئىز-
ۋوتلاردىكى كادىرلار (ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن باشقا) نىڭ ھەممىسى جەم
بولۇشۇپ ئۇسسەل ئەتراپىغا يىغىلدى. كىمدۇر ئارىدىن بىر جەڭچى: «قىرىپ
يولداشلار، ھەممىڭلار ئاتىغىنىڭلارنى چىقىرىڭلار» دېدى. شۇ زامان بىرىنـ
چى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئىزۋوتلاردىن كەلگەنلەر يېنىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىكى
يىل كېچىلىكى ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى قويدى. يەنە بەزىلەر پولك
خوجىلىقىدىن بېرىدىغان بىلمۇركانال دەيدىغان تاماكىلارنى چىقىرىپ ئۇسسەلـ
گە قويدى. ھەممەيلەن يېڭى يىل كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىمىنىڭ باشلىنىشىنى
تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق. بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توخـ
تى مەمەتوپ تۇيۇقسىزلا: «مۇنۇ قىزا ۋە ئۇششاق توقاچلار نەدىن كەلدى؟»
دەپ سورىغانىدى، بىرىنچى باتالىئون بىرىنچى روتىنىڭ كوماندىرى يۇسۇپـ
جان جاۋاب بېرىپ: «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئەۋەتكەنىكەن، ئۆتكەندە جەڭچىـ
لەر بىلەن ئازراق ئېغىز تېگىپ، قالغىنىنى مەخسۇس ئورمانباغ يېڭى يىل كېـ
چىلىكىگە ئېلىپ قويغان،» دېۋىدى، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.
كۈلكە توختىغاندىن كېيىن يۇسۇپجان مېھمان بولۇپ كەلگەن دوگان سوفـ
يوپ، نۇر مۇھەممەت باكىيوپ ۋە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ھەر بىرىڭلارنى
مۇنۇ قىزىغا، ئۆينىڭ ئۇششاق توقاچلىرىغا ئېغىز تەگسۇن دەپ ئالدىڭلارغا
قويىدۇق» دېدى. مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئۆز نەپسىڭلاردىن ۋاز كېـ
چىپ، بىزنى ئەسلەپ ئېلىپ قويغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت» دېدىم. باشقىلارمۇ
قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ماڭا قوشۇلۇپ رەھمەت ئېيتىشتى. شۇنداق قىلىپ
ئولتۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ
ساھىبخان بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالـ
ئوندىن كەلگەنلەر ۋە بىرىنچى باتالىئوننىڭ روتا ـ ئىزۋوت كوماندىرلىرى ئولـ
تۇرۇشتى. توختى مەمەتوپ قاتارلىق يولداشلار زىياپەتنى باشلاشقا ئالدى-
رايتتى. ھەرقايسىسى ئۆز چىنلىرىگە ئالدىراش ھاراق قۇيۇشتى.
توختى مەمەتوپ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ بارلىق ئوفىتسېرلارغا بىر

قۇر قاراپ چىقىپ ئاندىن قەدەھ سۆزى باشلىدى:
— يولداشلار، بىز ئۆزۈندىن بۇيان ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئۆلۈمدىنمۇ، جاپادىنمۇ قورقماي ھەرەمباغ، لياڭشاڭ، جىڭ، شىخولاردا دۈشمەن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدۇق. نۇرغۇنلىغان سەپداشلىرىمىز ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ ئەزىز جانلىرىنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن پىدا قىلدى. بىز ئامان قالغانلار قىسىم بىلەن مۇشۇ تەبىئىي ئورمانلىققا كېلىپ، يەر كولاپ يەر ئاستى ئۆيلەردە ئىسسىق- سوغۇقلاردا، ئاق قار، كۆك مۇزلاردا بەزىدە قايغۇرۇپ، بەزىدە خۇشال بولۇپ مۇشۇنداق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. مانا بۈگۈنكىمۇ تۆت ئايدىن ئاشتى. بۈگۈن مانا 1945 - يىلنى ئۇزىتىپ 1946 - يىلنى قارشى ئېلىۋاتىمىز. بىز ئۆزۈشتىن بۇرۇن يېڭى يىل كېچىسنى ئىسسىق ئائىلىمىزدە ئاتا - ئانىمىز، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمىز، خوتۇن- بالىلىرىمىز، سۆيۈملۈك يارۇ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەندۇق. ھازىر ئۇلار بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، سېغىنىۋاتىدۇ، ئەسلەۋاتىدۇ. بىزمۇ ئۇلارنى سېغىندۇق، ئەسلەۋاتىمىز، تىنچلىق بولغان بولسا بىزمۇ بالا - چاقىلىرىمىز، دوست- يارەنلىرىمىز بىلەن ئۆتكۈزگەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى. ئۇ كۈنلەر ئالدىمىزدا، تەييار ئازدۇر- كۆپتۇر نەرسىلىرىمىز بىلەن يېڭى يىلنى قارشى ئالدۇق دەۋاتىمىز، تازا زەن قويۇپ قاراپ باقسام، ھەممىمىزنىڭ قەلبىمىزدە يانغان كۆزلىرىمىزدە ئائىلىمىزنى، يىراقتا قالغان تۇغقانلىرىمىزنى سېغىنىۋاتقانلىقىمىز ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت، قايناق ھېسسىيات، دۈشمەنگە نەپرەت چىقىپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، جەڭچىلەردە ياكى ئوفىتسېرلاردا بولسۇن بىر خىل زېرىكىش بار. بەزىلەر ئاغزىمىزدىن چىقىرىمىز، بەزىلەر ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايمىز. قاچانغىچە بۇ جاڭگالدا تۇرۇۋېرىمىز، ئالغا ئىلگىرىلىمەيمىزمۇ، دەپ غۇدۇڭشىپ قويىمىز. يولداشلار بىر نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز كېرەككى، بىز ھەربىي ئادەملەر بۇيرۇققا بويسۇنىمىز، قاچان يۇقىرى بۇيرۇق چۈشۈرىدىكەن، بىز دەرھال نەگە بار دېسە، شۇ يەرگە بارىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كوماندىر يولداشلار جەڭچىلەرگە ئوبدان خىز-

مەت ئىشلىشىمىز كېرەك. ئۇرۇش دېگەندە ئالدىراپ كېتىشكە، يەڭگىللىك قى-
لىشقا بولمايدۇ، — دېدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇياقتا تۇرغان دۆگىلەك سا-
ئەتنىڭ ستېرېلكىسى ئون ئىككىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. توختى مەمەتوپ سا-
ئەتكە قاراپ قويۇپ بېشىدىكى شالاڭ چېچىنى قولى بىلەن يېنىككىنە كەينىگە
قايرىپ قويۇپلا يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئاغزى، پېشانىلىرىنى
سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپقا بىر نەزەر سالدى-دە، — قېنى، ھەممىڭلارنىڭ يەن-
سىخەي ئورمانلىقىدىكى ئۆتكۈزۈۋاتقان يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!
قېنى ئالدىڭلاردىكىنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ چىنىنى كۆتۈرۈپ ھەرقايىس-
سىنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىنىسىنى ئۇرۇشتۇرۇپ چىقتى ۋە قولىدىكى ھاراقنى
كۆتۈرۈپ بىراقلا ئىچىۋەتتى-دە، ئىچكەن قېرىق جىن بولغاچقا بىر سەسكە-
نىپ قويدى-دە ئاچچىق سەيدىن بىرئاز ئېلىپ كاپپىدە ئاغزىغا سالدى،
ئاندىن قولى بىلەن ئېغىز ئېپى چۆرىسىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇنداق بولسا
ئوفىتسېرلار، مەن سىلەرگە بىر كىشىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دەپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈن بىزنىڭ يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش ئولتۇرۇشىمىز-
غا باتالىيونىمىزنىڭ بىرىنچى روتا بىرىنچى ئىززۋوت كوماندىرى نادىروپ زىخ-
رۇللام (بۇرۇن ئوددېلېنىيە كوماندىرى ئىدى، كېيىن ئىززۋوت كوماندىرى بول-
دى) قاتناشتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار
بار. ئۇ يۇنجىخۇ، باجياخۇ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلىق بىلەن دۈشمەن پوتىيىنى
گرانات تاشلاپ پارتلىتىپ قېرىنداش قىسىملارنىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈش يولىنى
ئېچىپ بەرگەن قەھرىمان يىگىت، — دەپ زىخرۇللامنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە
ئۇرۇپ قويدى. زىخرۇللام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت چاسىنى بەرگەن-
دىن كېيىن، يولداشلارنىڭ ھەممىسىگە قاراپ قويۇپ ھەربىيلەرگە خاس چاق-
قانلىق بىلەن ئولتۇردى. شۇ ھامان گەمىنىڭ ئىچىنى گۈلدۈراس ئالقىش سا-
دالىرى بىر ئالدى (زىخرۇللامنى بۈگۈنكى بىرىنچى روتا يېڭى يىل كېچىلىكىگە
قاتناشقان ئۈچىنچى باتالىيوننىڭ بەزى ئوفىتسېرلىرى بۇرۇن تونۇمايتتى).
چاۋاكتىن كېيىن پاراڭ قىزىپ كەتتى. بەزىلەر ئۆتكەنكى ئۇرۇشلارغا بولغان

ئىشلارنى سۆزلەشسە ، بەزىلىرى ئۆزئارا كۈلكىلىك چاقچاقلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ پاراڭ - چاقچاقلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە يانغان مۇھەببەت سېغىنىش ئۇچقۇنلىرىنى ئاللىقاچان ئىپسىدىن كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. تۇختى مەمەتوپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلاپ ، — يولداشلارغا دەپ قويىدىغان يەنە بىر خۇشاللىقىمىز ، بۇگۈنكى يېڭى يىل ئولتۇرۇشىمىزغا ئىككىنچى باتالىئون كوماندىرى نۇرمۇھەممەت باكىيوپ ، ئۈچىنچى باتالىئون كوماندىرى دوگان سوفىيوپ ۋە ئۈچىنچى باتالىئون شتاب باشلىقى ساۋدانوپ زاھىر يولداشلار قاتناشتى ،— دېيىشى بىلەن چاۋاك چېلىندى. ئاكغىچە ياڭيۇ بىلەن قورۇلغان سەي كەلتۈرۈلدى. پاراڭ كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن گەمە ئىچى قىزىپ كەتتى. شۇ ئارىدا كىمدۇ بىرى: « قېنى يولداشلار ، ئەمسە ھازىر بىر ئاز ساز ئاڭلىساق ، مۇساجان روزى ، تەمبۇرنى قولىڭىزغا ئېلىڭ ، يېقىملىق ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىڭ ، بىزمۇ جور بولۇپ ئاڭلايلى » دېيىشىگە ، بىرىنچى روتا كوماندىرى بىر تۇغرام قىزىنى راسا ئىشتىھا بىلەن يەپ تۇرۇپ : « مەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلاي ، بۇگۈن ھەر بىرىڭلارغا ئازدۇر - كۆپتۇر بىرنېمىلەرنى تەييارلىدۇق ، مەن بىرىنچى روتىغا ۋەكالىتەن سىزلەرنىڭ قاتنىشىپ بەرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. ھەقىقەتەن بۇ يەرگە كەلگىلى تۆت ئايدىن ئاشتى. كۈزدە كەلگەن ، كۈز كېتىپ ، قىش كىردى. بۇ يەردە يېتىۋەرمەستىن يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. قېنى ئالغا تېزرەك ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈن مۇشۇ بىر قەدەھنى كۆتۈرۈۋېتەيلى. ئادەم ئىزى چۈشمىگەن مۇشۇ يەردە يەر ئاستى گەمىدە ئۆتكۈزگەن يېڭى يىل ئۇنتۇلماس يېڭى يىل كېچىلىكىدۇر ، ھۇررا ! » دەپ چىنىنى كۆتۈردى. باشقىلارمۇ « ھۇررا ! » دېيىشىپ يەنە ئىچىشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە مۇساجان روزى قولىغا ناخول بېكىتىپ تەمبۇرنى چېلىشقا باشلىدى. سورۇن ئەھلى خەپشۇك دېيىش بىلەن ھەممە جىم بولۇپ ئىشتىياق بىلەن ساز ئاڭلاشقا باشلىدى. بىردىنلا مۇساجان روزى « يار سېنىڭ دەردىڭ يامان » دېگەن ناخشىنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭغا ھەممە قوشۇلۇپ ئېيتىپ گەمىنىڭ ئىچىنى كۆتۈرۈۋېتىشتى. سائەت ئىككى بولغاندا

www.uyghurkitap.com

ئاشپەز پولۇنىڭ پىشقانلىقىنى دېدى. بىر يۇرۇش ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ساز توختىشى بىلەن تەڭ تاماقمۇ كەلتۈرۈلدى. ھەممە ئىشتىھا بىلەن بۇ ئوخشىغان پولۇنى تويۇپ يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن يەنە بىر ھازا غىچە بىر يەدە ناخشا ئاڭلىغاندىن كېيىن سازچى ۋە ساھىبخانىلارغا رەھمەت ئېيتىشىپ ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇش بولغان گەمدىن چىقىشىپ تەرەپ-تەرەپلەردىكى ئۆز گەمىلىرىمىزگە قايتىپ كەتتۇق. بۈگۈنكى يىڭى يىل كېچىلىكى ئەنە شۇنداق مەنىلىك، تەنتەنىلىك ھالدا ۋە قىزغىن خۇشاللىق كەيپىياتتا ئۆتتى.

1946 - يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بىر ئايدىڭ كېچىسى ئىدى. ئۈچىنچى باتالىئوننىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى، توققۇزىنچى روتا ئوفىتسىرلىرى سەككىزىنچى روتا گەمىسىگە يىغىلىپ ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشتى. بۇنداق كۆڭۈل ئېچىشلار ھەر شەنبە كۈنلىرى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۈگۈنكى جوزا يىڭى يىل كېچىسىدىكىدەك مول بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا يامان ئەمەس تەييارلىق قىلىنغانىدى. بۇ كۈنلەردە گەمىنىڭ ئىچىمۇ خېلى ئىسسىپ قالغانىدى. ئولتۇرۇش باشلىنىپ كۈلكە راسا ئەۋجىگە چىققاندا تۇيۇقسىزلا ئۈچىنچى باتالىئون كوماندىرى دوگان سوفىيوپ:

— دىققەت، — دېدى ئورنىدىن دەس تۇرغان پېتى قولىنى كۆتۈرۈپ، — تىنچلىنايلى، چاقچاق، ئويۇن-كۈلكىسىمۇ يوخادىن چىققۇچە قىلىشىۋالدۇق. ئەتىياز كىرىپ قالدى، ئىچىڭلارمۇ پۇشۇپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپىم بار. بىرىنچى باتالىئوندىكى بىرىنچى روتا بىرىنچى ئىززۋوت كوماندىرى ياردەمچىسى زىخرۇللام جىلىڭ، يۈگجىخۇ، باجياخۇدىكى ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئىسمى-جىسمىغا لايىق قەھرىمان ئوردېنىغا ئېرىشتى. بىلىسىلەر، نادىرۇپ زىخرۇللام بىزنىڭ تۈتىنچى پولكتىن چىققان قەھرىمانىمىز. بۇ، مۇشۇ ئولتۇرغان يولداشلار ئۈچۈنمۇ ئاجايىپ شان-شەرەپلىك ئىش، بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز، ئەلۋەتتە. بىز زىخرۇللامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلى-

سام ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىنچىلىق ، جاپالىق ، ئىچىنىشلىق تۇرمۇشلارنى بې-
شىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ، ھەتتا گومىنداڭچىلار ئەسكەرلىككە تۇتۇپ قاتتىق ئىش-
لەتكەن يەردىن جېنىنى تىكىپ قېچىپ قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ
بۈگۈنكى پۈتۈن پولكىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى . بىزنىڭ باتالىيوندىكى
يولداشلار زىخرۇللامنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تولۇق بىلمەيدۇ . بۈگۈن ھەممىمىز
زىخرۇللامنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتسەك ، قانداق
دەيسىلەر ؟

ھەممىسى بىردەك :

— ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى ، ئاڭلايلى ،— دېيىشتى . ئاڭغىچە بې-
رىنچى باتالىيونغا تېلېفون بېرىپ زىخرۇللامنى تەكلىپ قىلدۇق . بىر ئازدىن
كېيىن كۆپچىلىك زىخرۇللامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ، سۆزگە تەكلىپ قىلىش-
تى .

زىخرۇللام تارتىنچاقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىكى شەپكىسىنى
سەل-پەل كۆتۈرۈپ ، پېشانە تەرلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، قولىنى
كۆتۈرۈپ يولداشلارغا ھۆرمەت سالىمىنى بەرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئېغىر-
بېسىق ۋە تارتىنچاقلىق بىلەن كۆپچىلىككە قاراپ :

— مېنىڭ سۆز قابىلىيىتىم ئانچە ياخشى ئەمەس . مەن كوماندىر باتالى-
يون دېگەندەك ئانچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولسامۇ يولداشلار مېنىڭ
ئىشىمغا بەك يۇقىرى باھا بېرىۋاتىدۇ . مېنىڭ ئۆتمۈشۈم ۋە ئىش ئىزلىرىمغا
مۇشۇنچىلىك ئېتىبار بېرىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندىن كېيىن ئاۋۋال باشلىقلار-
غا ، ئاندىن پۈتۈن سەپداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ،— ئۇ
شۇنداق دېدى-دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە ھەربىيچە سالام بېرىۋەت-
كەندىن كېيىن ، ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكە تەمشەلدى . ئوفىتسېر-جەڭچىلەر
ئولتۇرۇپ سۆزلەشنى ئۆتۈنۈشتى . زىخرۇللام ئولتۇرغاندىن كېيىن شەپكىسى-
نى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ يانچۇقىدىن سەل كىرلىشىپ قالغان ، چۆرىسىنى
ئاق يىپ بىلەن مېغىز چىقىرىپ ئىشلىگەن ھاۋارەڭ تاۋار قول ياغلىقنى ئېلىپ ،

يۈز- كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ياغلىقنى يانچۇقىغا سالدى- دە ئەتراپىقا بىر قۇر قاراپ قويدى. ئاندىن ئالدىرىماي ئېغىر- بېسىقلىق بىلەن سۆزىنى باشلىدى،— مەن غۇلجا ناھىيە قىشلاقتام يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. دادام نادىرئاخۇن— كەمبەغەلچىلىك، غۇربەتچىلىكتە بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئېتىزلىرىدا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيتتى. بايلارنىڭ تىل- ھاقارەت، ئېغىر ئەمگەكلىرى ئۇنىڭ بەللىرىنى ۋاقىتسىز مۈكچەيتىپ قېرىتىۋەتكەنىدى. پۈتۈن ھاياتى قاتمۇقات زۇلۇمدا ئۆتكەن دادام ئازاب ئىچىدە دۇنيادىن بىلەن خوشلاشتى.

مەن دادامدىن بەك كىچىك يېتىم قالدىم. شۇنىڭ بىلەن جاپاكەش ئانام گۈلزىرەخان مېنى يېتىلەپ يۈرۈپ، بايلارنىڭ نىنىنى يېقىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ، شۇلارنىڭ ئاشقان- تاشقان تاماقلىرىنى يەپ، كونا كىيىملىرىنى كىيىپ تۇرمۇش كەچۈردۇق. ئون ئىككى ياشقا كىرگەندىن باشلاپ مەنمۇ قولۇمغا تاياقنى ئېلىپ، بايلارنىڭ قوي- كالىلىرىنى باقتىم. قورسىقىم تويغۇدەك تاماق يېمەيتتىم. مەن ئەتىگىنى كۆكىرىپ قالغان قاتتىق- قۇرۇق كۆمەچ نانلار بىلەن چاينى ئىچىپ ماللارنى ھەيدەپ چىقىپ كېتەتتىم. «كىچىك بالا دېگەن يالىڭاياغ چوڭ بولىدۇ» دەپ بايلار ماڭا چوقاي تارتىشقىمۇ بىر پارچە تېرىنى ئاياپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. خالتامدا بىر پارچە كۆمەچ، پۈتۈم يالىڭاياغ، يادا كالا بىلەن چىقىپ كەتسەم، پۇتلىرىم يېرىلغان، كالپۇكلىرىم شورلاشقان ھالدا ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كېلەتتىم. يادا كالا بىلەن تەڭ قايتسام، بايلار: «سەن ھۇرۇن ماللارنى ئوبدان تويغۇزماي كېلىپسەن» دەپ ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللايتتى، ئۇراتتى. ئانامنىڭ يوقىدىن شۇ غۇربەتچىلىك تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈۋاتاتتىم. كېچىسى مالغا ئوغرى كېلىدۇ دەپ مېنى ئاپامنىڭ يېنىغا كەتكۈزمەيتتى. ئېغىلدا سامانلىقنىڭ ئىچىدە يېتىپ تاڭلارنى ئاتقۇزاتتىم. ئۇ چاغدا كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن «بىزنىڭ مۇدھىش تۇرمۇشىمىز مۇشۇنداق باشلىنىپ، مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ» دەيتتىم. كېچىلىرى قورسىقىم ئېچىپ ئۇنسىز يىغلايت-

تىم ، ئاپامنى سېغىناتتىم ، بەزىدە ھەپتىلەپمۇ ئاپامنى كۆرمەيتتىم. بايلارنىڭ
ئالدىدا مېنىڭ ئىتىم «يېتىمئوغلاق» ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن
قانداقتۇر تۇيۇقسىزلا قىزىتما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆيدە يېتىپ قالدىم.
بىچارە ئانام مېنىڭ يېرىلغان پۇت ـ قوللىرىمغا سۆيەتتى، باشلىرىمنى
سىلايتتى. كۆزىدىن ئاققان ياشلار خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك
يۈز ـ كۆزلىرىمگە تۆكۈلەتتى. مېنى باغرىغا بېسىپ ھاردۇقى چىققاندەك، پە ـ
غانى بېسىلغاندەك يىغلىۋالاتتى ـ دە ئاستا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ بېشىمنى
سىلاپ تۇرۇپ: «قانداق قىلىمىز، بالام، دادىڭ رەھمەتلىك بولسىغۇ سەن ـ
دەك كىچىككىنە بالىنى بۇ بايلارنىڭ ئىشىغا سېلىپ قويمايتتى. بۇ كۈنلەرمۇ
ئۆتۈپ كېتەر، سەنمۇ چوڭ بولارسەن، بىرەر ھۈنەر ئۆگەنسەڭ، مېنى خار
قىلماسسەن، بالام، سەن ئازراق چوڭ بولغۇچە چىداپ تۇرايلى»، دەپ
ماڭا تەسەللى بېرىپ، تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۆيدە شۇنداق
ئوت كاۋاپ بولۇپ قىزىرىپ ياتسام، خوجايىن: «سەن ھۇرۇنلۇق قىلىپ يال ـ
غان ئاغرىپ يېتىۋالدىڭ» دەپ مېنى قاتتىق ئۇرۇپ ـ دەسسەپ كېسىلىمنى تې ـ
خىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۆز ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالدىم.
بىچارە ئاپام تاياققا چىدىماي، مېنىڭ ئۈستۈمدە دۈم يېتىۋېلىپ خوجايىنغا
يالۋۇرۇپ مېنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ قىلىپ زار ـ زار يىغلاپ كەتكەنىدى. شۇن ـ
داق قىلىپ مېنىڭ ئېچىنىشلىق دەرد ـ ئەلەملىك تۇرمۇشۇم يېشىمنىڭ چوڭ بو ـ
لۇشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەن مۇشۇنداق كىچىك
مالايلىق تۇرمۇشۇمدا خوجايىنلارنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپلا قالماي، بەلكى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىشى ـ
غىمۇ ئۇچراپ كەلدىم. مەن بايلارغا يالللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ۋاقىت ـ
لىرىمدا، بىر كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باجگىرى بىرقانچە چېرىكلى ـ
رىنى باشلاپ چىقىپ يېزىدىكى پۇقرالارغا زورلۇق قىلىپ، مال بېجى، تۇياق
بېجىنى، ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرمىدىڭلار، مال سانىنى يوشۇردۇڭلار، دەپ ئۆز
قېرىنداشلىرىمىزنى تېرەككە باغلاپ قاتتىق ئۇرغانلىقى، بىرنەچچە ئايالنىڭ

www.uyghurkitap.com

نومۇسغا تېگىپ ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان قاتتىق نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكىمنى يۇرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا پۈكۈپ قويغانىدىم. مەن مانا مۇشۇنداق چاپا ـ مۇشەققەتلىك ئېچىنىش ـ ئازابلىق، باراۋەرسىزلىك تۇرمۇشنى چىشىمنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈپ ئەمدى يىگىرمەبىر ياشقا كىرىپ، راسا قۇرامىغا يەتكەن چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا، زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەۋاتقان غەزەپ ـ نەپرىتىدىن ئەنسىرەپ، ھەممە يەردە پوتەي ياساپ، ئاكوپ كولاپ ئۆزلىرىگە گۆر كولاشقا كىرىشتى. بىر كۈنى مەن ئېتىزدىن كەچرەك ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، ئەسكەر تۇتۇشقا چىققان گومىنداڭ چېرىكلىرى يولدا مېنى گەپ ـ سۆز قىلمايلا تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرى تۇرغان گازارمىغا ئاكوپ كولاشقا ئاپاردى. ئەمگەك ئېغىر، قورساق تويغۇدەك تاماق يوق. بىردەم دەم ئېلىپ ئولتۇرساڭ مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرىدۇ. بىر كۈندە ئون نەچچە سائەت ئەمگەك قىلىمىز ھەتتا ئىچىشكە قانغۇدەك سۇمۇ بەرمەيتتى. مەن بەك ئورۇقلاپ بىرتىبرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم. مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مېنىڭ قەلبىمدە زورلۇق ـ زوراۋانلىققا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىمنى قوزغىتىپ، قوزغال دەيدىغان بىر روھ مېنى ئويغىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن ئويلىمىغان، ساۋاتسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن زادى بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن؟ دەيدىغان سوئالغا جاۋاب تاپالمايتتىم. بۇ سوئال مېنى ئازابلاپ ئۇخلاتمايتتى.

1944 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا، بىر كۈنى كېچىسى جىمى ئادەم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، پوستتا تۇرغان ئەسكەرمۇ مىلتىقنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى غايىب ئاۋاز يەنىلا ماڭا ئارام بەرمەيتتى. مەن غەيرەتكە كېلىپ بۇ دوزاختىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش، نىجاتلىق ئىزدەشكە ئىرادە باغلىدىم ـ دە،

ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇ يەردىن قېچىپ چىقتىم. بۇرۇن مەن ئۇلاستاي تاغلىرىدا پارتىزانلار بار ئىكەن، دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما ئۇلارنى خۇددى بىر قۇتقۇلدۇرغۇچىدەك ھېس قىلىپ يۈرەتتىم، قېچىپ چىققاندىن كېيىن پارتىزان دېگەن سۆز ماڭا خۇددى كېچىدىكى مەشئەلدەك دىلىمنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى. مەن ئۇلاستاينى نىشان قىلىپ يۈرۈپ تاغقا چىقىپ كەتتىم.

مۇشۇ گەپ بىلەن ھېكايىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانلارنىڭ دۈمبىسىدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ھەممىسى چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىشىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. زىخرۇللامنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ـ نەپرەتتىن يېنىپ كەتكەندى. ئۇ خۇددى شۇ ئىشلارنى ھازىر بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تىترەپ ھاسىراپ كەتكەندى. تەرنى ئېرتقاندا قول ياغلىق تۇتقان قولىمۇ تىترەۋاتاتتى. زىخرۇللام چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئالدىدىكى مۇزلاپ قالغان چايدىن قانغۇدەك بىر ئوتلىۋالدى ـ دە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— راست دېگەندەك. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە نىلقىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىرىدا ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىغانىكەن. بۇ 1944 ـ يىلى 9 ـ ، 10 ـ ئايلار مەزگىلى ئىدى.

ئۇلاستاي دېگەن تاغلىق رايون نىلقا ناھىيسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان كۆكتامىر تېغىنىڭ كۈنگەي باغرىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپىدە ئېسىبوسىن دەپ ئاتالغان بىر ئېگىز چوققا بار ئىكەن. مەن مانا مۇشۇ چوققا تەرەپكە قاراپ، تاغ ئارىسىدىكى يوللار بىلەن مېڭىپ مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ پارتىزانلارنى ئىزدەپ ماڭدىم. ئۇلاستاينىڭ باش تەرىپىدىكى كۆكساي ئېچىگە كىرىپ بىر كەمبەغەل قازاق چارۋىچىنىڭ يالغۇز كىگىز ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. ئۇ چارۋىچى مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، بەكمۇ غەمخورلۇق قىلدى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئاچ قورساق يول يۈرۈپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. ئاياغسىز پۇتلىرىم يېرىلىپ تاشلار-

غا ئۇرۇلۇپ قاناپ كەتكەنىدى . چارۋىچى بىكەن(قازاق) نىڭ بويى پاكار-راق ، ئورۇق بولسىمۇ يۈز - كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ، كۆزلىرى ئۆتكۈر ، ئۆزى كەمبەغەل ، ئاق كۆڭۈل ، قىرىق بەش ياشلار ئەتراپىدىكى كىشى ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيىمۇ ئادەتتىكى كىگىز ئۆي بولۇپ كىگىزلىرى كونىراپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ، ئۆيگە كونا بىر پارچە شىرداق بىلەن بىرنەچچە ئوغلاق تېرىسى سېلىپ قويۇلغان . تېرىنىڭ ئۈستىدە يېرىم يالىڭاچ ئون بىر ياشلاردىكى بىر قىزچاق بىلەن تۆت - بەش ياشلاردىكى كۆزلىرى دۈپدۈگ-لەك ، چاچلىرى قاپقارا ، بۇرنى پاناقراق ، ئاقپىشماق ، ئوماق ، قىپيالىڭاچ بىر ئوغۇل بالا قولىدا قۇرۇت يېگەچ ئويناۋاتاتتى . مېنى كۆرۈپ ئۇلار ئويۇن-نى توختاتتى - دە ، كىگىزنىڭ چېتىگە مۆكۈنۈپ ، مەندىن قورققاندەك هالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى . بىكەننىڭ ئايالى ئوتتۇز بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر قازاق ئايال بولۇپ ، ئۆزى مۇلايىمغىنە ، كۆزلىرى چە-رايلىق ئەمما تولىمۇ مىسكىن چىراي ئىدى . ئۇ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاي قاي-نىتىۋاتقانىكەن . مېنى كۆرۈپ ئىشىك ئورنىدىن تۇردى - دە ، كۆڭلەكلىرىنىڭ يىرتىق جايلىرىنى قولى بىلەن يۆرۈپ تۇتۇۋېلىپ ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى . كىچىككىنە بىر خالتىنى كىرىگىدىن ئېلىپ چوگۇنگە چاي سالدى . خالتىنى يەنە جايىغا ئېلىپ قويۇپ ، كىر دەستىدىن رەڭگىنى بىلگىلى بولماي-دىغان ، تولا يامىلىپ توقۇمدەك قېلىنلىشىپ كەتكەن بىر داستىخاننى ئەكەل-دى - دە ، ئۇنى ئېچىپ سالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى سىقىمدەك ئىرىم-چىك ، بىرقانچە قاتتىق قۇرۇت قويدى . بىر ياغاچ چۆچەكنى ئېلىپ بىر خالتى-دىن توشقۇزۇپ ئارپا تالقىنى ئالدى ، ئاندىن يولدىشىغا يەرنىڭ تېگىدىن بىر قاراپ قويۇپ چاي قۇيۇشقا باشلىدى . ئۆتكۈر چېچەن بىكەن ئاغا دەر-هال گەپ قىستۇرۇپ :

— هەي تۇۋۇسقانىم ، رەنجىمە ، ئۆيدە بارى ئۇسى تالقان ، نانىمۇ جوق ، جىبىگىلىك ئۇيالىپ جاتىر ، — دېدى .

— ۋاي رەھمەت ، — دېدىم ئورنۇمدىن قوزغىلىپ ، — تالقان بولسىمۇ

بىر ئىسسىق چاي ئىچسەملا بولدى ،— دەپ يەڭگەمگە قاراپ رازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. يەڭگە بىلىنەر- بىلىنمەس مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى- دە ، ئىككى چۆچەككە چاي قۇيۇپ ، بىر قوشۇقتىن ئارپا تالقىنىنى چىنىلىرىگە سېلىپ بەردى. مەنمۇ شۇ قاتاردا بېكەن ئاغاي ئۆز قولى بىلەن ياسىۋالغان بىر تەرىپى سەل يېرىلىپ قالغان يوغانراق تۇستاغاندا① تالقاننى سېلىپ تويغۇدەك ئىچىۋالدىم. قورسىقىم تويغاندىن كېيىن ، مەن داستىخاندىن سەل نېرى ئولتۇرۇپ چېكەمنى بىر ئىرتىۋېتىپ مەقسىتىمنى ئاق كۆڭۈل بېكەن ئاغايغا ئوچۇقلا دېدىم. بېكەن ئاغاي گېپىمنى ئاڭلاپ:

— ھوي جارايسىن ، جىگىت ، سېنى تاپقان ئەكىڭگى راقمىت ،— دەپ دۈمبەمگە ئۇرۇپ قويدى ۋە ئىنتايىن روھلانغان ھالدا ،— ھوي قاتىن ، بول ، ئاناۋ ئورامالدى ئالىپ كېل ،— دەپ بىر كونا قول ياغلىقىغا ئازراق ئارپا تالقىنى ، قۇرۇت ، ئىرىمچىك سېلىپ باغلاپ قولۇمغا تۇتقۇزدى- دە ، مېنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ بىر تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ ،— سېن ئۇسۇ جولمېن جۈرىبېرسېڭ ، پارتىزانداردى تاباسىڭ ، ئاق جولدى بول ،— دەپ ئۇزىتىپ قويدى. مەن بېكەن ئاغا كۆرسىتىپ قويغان پارتىزانلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ، ناھايىتى تەسلىكتە پارتىزانلار قوشۇنىغا كېلىۋالدىم ، كېلىپلا مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش قولۇمغا نەيزە ئالدىم. ئۇ چاغدا پارتىزانلاردا قورالمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ناھايىتى ئاز ئادەمدىلا قورال بولۇپ كۆپچىلىكتە نەيزە بار ئىكەن. ئاددىي بولسىمۇ قولۇمغا قورال ئالغىنىمغا ، دۈشمىنىمگە قارشى جەڭ مەيدانىغا كەلگىنىمگە ئىچ- ئىچىمدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم.

سۆز شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە دوگان سوپىيوپ:

— ئەمدى بىرئاز دەم ئالايلى ، زىخرۇللام چارچاپ قالدى. داۋامىنى ئەتە ئاڭلايلى ،— دېدى. بىراق بەك تەسىرلىنىپ كەتكەن جەڭچىلەر تېخىچىلا

---

① تۇستاغان— چاي ئىچىدىغان ياغاچ چىنە.

كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. چۈنكى كۆپچىلىكمۇ ئاشۇنداق جەبىر-جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ياشلار ئىدى. شۇڭا بەزىلىرىنىڭ كۆزىدە غەزەپ ئوتى ھېلىمۇ يالقۇنجاپ تۇراتتى. بەزىلەر بىر-بىرىگە: «زىخرۇللامنىڭ ئۆتمۈشى ھەققەتەن ئېغىر ئىكەن، ئۆزىمۇ ئىرادىلىك، غەيرىتى بار يىگىت بولغاچقا، شۇ جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئۆز ئارزۇسىغا ئاخىرى يېتىپ، پارتىزانلارنى تېپىپتۇ» دېيىشتى.

— مەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى زىخرۇللام ئالدىدىكى باكلاشكىنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئولتۇرۇپ، — پارتىزانلارغا يېڭىدىن قاتناشقاندا دەسلەپ ئۇلارنىڭ ئېتىنى دالادا دالدى جايلارغا ئاپىرىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئىشىنى قىلدىم. ماڭا بىر چولاق قۇيرۇق كۆرەڭ قاشقا ئاتنى بەردى. مەن دائىم پارتىزانلارنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتىم. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغا قاراشقا يېتىشەلمەيتتىم، پارتىزانلار ئۇرۇش قىلغاندا ئاتلىرىغا مىنىپ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى كەچتە پارتىزانلار نىلقىدىن تاغ يولى ئارقىلىق ئىلىغا يۆتكەلمەكچى بوپتۇ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ پارتىزانلار ئارقىسىدىن ماڭدىم. يېرىم يولغا بارغاندا مېنىڭ ئېتىم ئورۇق ھەم ئاجىز بولغاچقا، ئۇلارغا يېتىشىپ ماڭالماي سەپتىن چۈشۈپ قالدىم، بۇ چاغدا پارتىزانلار ئىچىدە يېشى خېلى چوڭ بىرى ئۆزىنىڭ يېتەك ئېتىنى ماڭا بەردى. شۇنىڭ بىلەن 1944-يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى غۇلجىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئالتىشۇئار مەھەللە دېگەن يەردىن باشقا پارتىزانلار بىلەن بىللە شەھەرگە ۋە شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان گومىنداڭ ۋالىي مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدۇق.

— مەن دائىم قانداق قىلىپ قولۇمدىكى نەيزىنى مىلتىققا ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئويلاپلا يۈردۈم، — زىخرۇللام يولداشلارغا تەكشى بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن باكلاشكىدىكى سۇدىن قانغۇدەك بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋېلىپ ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى. يولداشلار شۇ قەدەر كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاۋاتاتتىكى سورۇندىكىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بىر تال موخوركا يۆگەپمۇ چەكمىگەنىدى. زىخرۇللام سۆزىنى توختاتقاندىن كېيىنلا، ھەممە چوقچۇر بىر

نەپەس ئېلىشتى ـ دە يەنە زىخرۇللامغا قاراشتى .
— لېكىن ،— دەيدۇ زىخرۇللام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،— نەيزىمۇ ئەينى ۋاقىتتا چوڭ رول ئوينايتتى . پارتىزانلار لياگشاك بۇتخانىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا مەن ئەشۇ نەيزە بىلەن پارتىزانلارغا تام تېشىپ بەردىم . بىر كۈنى لياگشاك بۇتخانىسى ئۇرۇشىدا ئۆزۈمگە قولايلىق يەر تۇزۇلۇشىدىن پاي- دىلاندىم ـ دە ، دۈشمەن پوتىيسگە سەزدۈرمەستىن يېقىنلاپ بىرىپ بىر دانە گرانات تاشلاپ پوتەينى پارتلىتىپ دۈشمەننىڭ پوتەيدىكى پىلموتىنى سايرى- ماس قىلىپ قويدۇم ـ دە ، دەرھال ئىچىگە كىرىپ بىر پىلموت ، بىر مىلتىق ئا- چىقتىم ، پىلموتنى شۇ ۋاقىتتىكى پارتىزانلار باشلىقى قاسىم ئاكىغا بەردىم . مىلتىقنى ماڭا مۇكاپات قىلدى . شۇ چاغدىلا نەيزىنى مىلتىققا ئالماشتۇرۇپ ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ چىڭ تۇتتۇم .
پارتىزانلار باشلىقى قاسىم ئاكا بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ : « يارايسەن ، ئۇكام ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق ھەم چاققانلىق قىلدىڭ ، شۇنداق تېزلىك بى- لەن پوتەيگە يېقىنلاپ بىرىپ دۈشمەن پوتىيىنى ماھارەت بىلەن بۇزۇپ تاشلى- دىڭ . بۇ ئەبلەخلەر خېلىدىن بېرى بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئوق ياغدۇرۇپ ، بىرقانچە قېرىنداشلىرىمىزنى ھاياتىدىن ئايرىدى . نۇرغۇن گۇناھسىز پۇق- رالارنىڭ قېنىنى ۋەھشىيلىك بىلەن تۆكتى . مانا ئەمدى ئۆزلىرى ئەجىلىنى يې- دى » دەپ كۆزۈمگە بىر قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى .
ئۇ بىر يۇتۇم چاينى ئىچىپ ئاندىن قول ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتكەچ بىر ئاز سۈكۈتتە تۇردى . بۇ چاغدا زىخرۇللامنىڭ كۆزلىرىدىن غە- زەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى . باشقىلارمۇ لەۋلىرىنى چىشلىشىپ غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ ، بىئارام بولماقتا ئىدى . بەزىلىرى غەزەپ ئىچىدە موخوركىلى- رىنى كۈچەپ يۇگەپ ئۇنىڭدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ كەينى ـ كەينىدىن شو- راپ نەپرىتىنى موخوركا ئارقىلىق يەگمەكتە ئىدى . بەزىلەر بولسا كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خۇددى بىرىلىپ دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك دىققەت بىلەن ئولتۇرۇ- شاتتى . بۇ چاغدا گەمىنىڭ ئىچى ھەم قاراڭغۇ ، ھەم گەمىنىڭ بىر خىل سىبىق

زەي پۈرىقى كېلىپ دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ ئېچىشتۇرۇۋاتقاندەك بولسىمۇ ھېچـ
كىمدە سەسكىنىش سېزىمى كۆرۈنمەيتتى. قارا چىراغنىڭ ئىسىدا گەمە ئىچى
سۈس يورۇغان گۆردەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر شۇ تاپتا سىرتتىن بىرى گەمە ئىـ
چىگە كىرگەن بولسا ئىدى، ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ رەڭگىرويىنى بايقاشىمۇ
مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. چىراغنىڭ پۈرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسىغا يىقىن ئولـ
تۇرغان ئوفىتسىرلارنىڭ رەڭگىرويى خۇددى تۆمۈرچىلەرنىڭ ئات تاقىلىغاندىـ
كى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ، بۇرۇتلىرىنىڭ ئۈستى، پېشانىسى ۋە قاپاقلىرىنىڭ
ئاستى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەنلىكتىن، ئېغىزلىرىنى ئاچسا چىشلىرى ئاق
سەدەبىنەك كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— ھەممەڭلار بىلىسىلەر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى زىخرۇللام
كۆپچىلىككە دىققەت نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئىنقىلاب ئوتى پۈتۈن
ئىلى رايونىدا لاۋۇلداپ ياندى. گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ئىستىھكاملىرى تارـ
مار قىلىنىپ، دۈشمەنلەر ھەرەمباغ ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. مەن قولۇمدىكى
مىلتىقنى مەھكەم تۇتۇپ، غۇلجا شەھرىدە بۇرۇنقى سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىـ
سى تۇرغان قوروغا باردىم. ئۇ يەردە بىر قۇر ئەسكەرلىككە كىرىش رەسمىيىـ
تىنى ئۆتەپ قويغاندىن كېيىن يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىگە سەپلەندىم. شۇ كۈنـ
دىن باشلاپ نادىروپ زىخرۇللام دەپ فامىلە ئىشلەتتىم. كېيىن قاتناشقان قىـ
سىم ئالدىنقى سەپكە مېڭىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. مەن بىر يېزا
بالىسى، كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆز يېزامدىن ئايرىلمىغان، ھەتتا غۇلجا شەـ
ھىرىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدىم. بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىپ ھەيران قالدىم. بىزـ
نىڭ يېزىلىرىمىز بىلەن شەھەرنىڭ ئاجايىپ زور پەرقى بارئىكەن. شەھەر كوـ
چىلىرىنىڭ چەت- ياقىلىرىدا تۈۋرۈكلەر قاتار قويۇلغان بولۇپ سىملار تارتىـ
لىپ بىر- بىرىگە ئۇلاشقانىدى. كېچىسى كوچىلاردىكى ھەربىر تۈۋرۈكتە چىـ
راغلار يېنىپ تۇرىدىكەن. ھېلىقى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقىنىمدا كىمدۇر بىرىـ
نىڭ قولىغا بىر قارا نەرسىنى ئېلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن
بۇ نېمىلەرنى سورىسام، يېنىپ تۇرغانىنى ئېلېكتر دەيدىكەن، ھېلىقى سۆزـ

لەشكەن قارا نەرسىنى تېلېفون دېيىشتى. بۇلارنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالغاندىم. بۇ نەرسىلەر ھەرگىزمۇ ھېلىقى بىزنىڭ سەھرادىكى قارا چىراغلارغا ئوخشاشمايتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا نىسبەتەن يېڭىلىق ئىدى. بەزىدە تۇنجى كۆرگەن نەرسىلىرىمنى ئۆزۈمچە بىر نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ قويۇپ سەپداشلىرىمنىڭ كۈلكىسىگە قالغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن قىسىمدىن بۇيرۇق كېلىپ يۈرۈشكە تەييارلاندۇق. مەنمۇ ئاللىقاچان مىلتىقىمنى پاكىز سۈرتۈپ، مايلاپ، ئۆزۈمگە تارقىتىپ بەرگەن بىر يۈز يىگىرمە تال ئوقنى پاترون تاسمىغا قىستۇرۇپمۇ بولغانىدىم. ئىككى دانە گراناتنى بېلىمگە مەھكەم باغلاپ ئېسىۋالدىم. دەل مۇشۇ پەيتتە قىسىم يىغىلىش سىگنالى چېلىندى. مەن ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز روتام ئالدىغا بېرىپ ئۆزۈم بار ئىزۋوتقا بېرىپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن «ئالغا مارش!» دېگەن قوماندا بېرىلدى، بىز ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ ئاخىرى يەنسخەي ئورمانلىقىغا كېلىپ مۇداپىئە تۇتتۇق ... — زىخرۇللام ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. «بارىكاللا، زىخرۇللام» دېگەن كۈچلۈك چاۋاك سادالىرى ئىچىدە ئولتۇرۇش تارقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# يەنىسخەي ئورمانلىقىدىن يۆتكىلىش

ئورمانباغدىكى ھايات بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىۋاتاتتى. ھەرقايسى باتالئونلار ئۆز مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى مۇستەھكەم ساقلاپ، ھەربىي تەلىم ۋە سىياسىي تەربىيىنى بوشاشتۇرماي قاتتىق مەشىق قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەسكەرلەردە زېرىكىش كەيپىياتى ئېغىر ئىدى.

ئائىلىسىدىن ئايرىلغانغا ئۇزۇن بولغان جەڭچىلەر ئائىلىسىنى، ئۆز يۇرتىنى سېغىناتتى، ھېچكىمگە گەپ خۇش ياقمايتتى. بۇ قاراڭغۇ ئورماندا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بۈگۈن كۈن ئىنتايىن ئوچۇق. 1946 - يىلى ماي ئايلىرىنىڭ ئىللىق سۆرۈن شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ھەممە ياق ياپيېشىل، ھەر ياڭزا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن. ھەر خىل جاڭگال قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى ئۈچىنچى باتالئون كوماندىرى دوگان سوفىيوپنى خىيالغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، زەي گەمىگە كىرمەستىن بىر دەسسەپ-ئىككى دەسسەپ ئورمانلىقنى ئايلىنىپ يۈردى. تۇساتتىنلا دوگان سوفىيوپ تۇرغان قارىياغاچنىڭ ئۈستىدىكى قارىغوجىنىڭ سايرىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ قارىياغاچ ئۈچىغا قارىدى. بىرنەچچە قارىغوجا قارىياغاچ ئۈستىدە سايراۋاتاتتى. يىراقتىن سېغىزخانىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى: «ۋاھ، بىز ئورمانباغقا كەلگىلى بىر يىل بولاي، دەپ قالدى. زىمىستان قىش باشلىنىش بىلەن بۇ ئۇچار قۇشلار ئىسسىق تەرەپلەرگە ئۇچۇپ كەتكەنى-

دى. مانا ئەمدى ياز بولۇشى بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتا ـ
ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئەلۋەتتە!» ئۇنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇر
بىر خىل سېغىنىش تۇيغۇسى قوزغالدى. يۈرىكىنىڭ تەكتىدە قانداقتۇر بىر يې
رى پېژىلداپ كۆيگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇمۇ سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىنى
سېغىنغانىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆز ئۆيى، ئۆز يۇرتىغا ئىنتىلىش
قاپلىغانىدى. ئۇ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ بىرىنچى باتالىئونغا قان
داق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. ئۇ، بىرىنچى باتالىئون
كوماندىرى توختى مەمەتوپنى كۆرۈپ توختىدى. ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن
ئاستا توختى مەمەتوپنىڭ قولىدىن چەتكە تارتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا:
«ئاداش، بۇ يەردىن يۆتكىلىدىغان بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم» دېدى
توختى مەمەتوپنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ. توختى مەمەتوپ راستمۇ؟ دېگەن
دەك ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئاندىن: «راست ئېنىق ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېدى. دو
گان سوفىيوپ: «قويغىنا، ئاداش، ئېنىق ئاڭلىمىسام بۇ گەپنى ساڭا كۆتۈ
رۈپ كېلەتتىممۇ» دېگەندىن كېيىن توختى مەمەتوپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى
ئۇرۇپ قويۇپ: «ئاداش، ئەھۋالدىن قارىغاندا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەي
دىغان ئوخشايمىز» دېدى. دوگان سوفىيوپ ھاياجىنىدىن توختى مەمەتوپنىڭ
قولىنى مەھكەم سىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خوشاللىقىدىن چاقناپ كەتكەنىدى.
ئەتراپتا يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. جەڭچىلەر، ئوفىتسېرلار
ھەممىسى چوڭقۇر ئۇيقۇدا ئىدى. «ئاداش، — دېدى توختى مەمەتوپ بىر
كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، — بىز ھەربىي ئادەملەر، قاچان، قەيەرگە بې
رىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشسە، شۇ ھامان ئالغا دەپ كېتىۋېرىمىز. سەن ئول
تۇرۇپ تۇر، مەن ئاستا گەمىگە كىرىپ چىقاي» دېدى ـ دە، چەبدەسلىك بى
لەن گەمىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي ئازراق ھاراق بىلەن بىر قۇتا
كونسېرۋا ۋە ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۆزىمۇ كېلىپ ھېلىقى كۆتەكنىڭ
بىر چېتىدە ئولتۇردى. ئىستاكانغا ئازراق ھاراق قۇيۇپ، ئۆزى بىر ـ ئىككى
يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، دوگان سوفىيوپقا تۇتۇپ: «قېنى ئاداش، بۈگۈن

كى خۇش خەۋەر ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەت» دېدى. دوگان سوفىيوپ ھاراققا قا-
راپ تۈكۈرۈكنى يۇتۇپ قويۇپ ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ بىر قارىۋىتىپ گۈيىندە قى-
لىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن كونسېرۋا قۇتىسىدىن بىر پارچە گۆش ئېلىپ ئاغزىغا
سالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كوماندىر ئوبدان مۇڭداشتى. ئۇلار پا-
مىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە بىرگە تۆل ئالغان بەكمۇ يېقىن دوستلاردىن ئى-
دى. «توختى مەمەتوپ ئاداش، بۇ خەۋەرنى زادى قەيەردىن ئاڭلىدىڭ،
دېگىنە؟» دەپ تەكرار سورىدى ئۇ. «دوگان سوفىيوپ ئاداش، تۈنۈگۈن
بىزنىڭ شتاب باشلىقىمىز ساۋدانوپ، پولك شتاب باشلىقى ماتسوك يېنىغا
بىر ئىش بىلەن بارغانىكەن، ماتسوك ساۋدانوپنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ
قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ مۇشۇ خەۋەرنى دەپتۇ. ئۇ بۇنى ئۆزۈڭلا بىل،
ساۋكېرىت (ھازىرچە قەتئىي مەخپىي دېگەن گەپ)» دېيىشى بىلەن بىر سېۋەز
كېلىپ ئۈچىنچى باتالئوندىن تېلېفون كەلدى، دەپ دوگان سوفىيوپنى چاقى-
رىپ كەتتى. دوگان سوفىيوپ كېتىشى بىلەن توختى مەمەتوپ قايتىپ يەنە ھې-
لىقى ياغاچ كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى، بۇ ئاداش
زادى نېمە دەيدىغاندۇ. بۇ گەپ راستمىدۇ؟ شەرققە بارساق قەيەرگە بارار-
مىز؟ ئېسىگە تۇيۇقسىزلا خەرىتە چۈشتى- دە، گەمىگە كىرىپ بىر ھازا يېيىل-
غان خەرىتىگە قارىدى- دە، سىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي كارىۋاتقا ئۆزىنى
تاشلاپ ياتتى، ھارغانلىقتىنمۇ شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى. توختى مەمەتوپ ئويى-
غانغاندا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ يەنە بىردەم ئويلاپ
ياتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچچىق موخوركىدىن بىر ئورام يۆگەپ
چەكتى، تاماكىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقىنى قاتتىق بىر شورىدى- دە، يەرگە
تاشلاپ، پۇتى بىلەن دەسسەپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە خەرىتىنى ئې-
لىپ قاراشقا باشلىدى، يەنىلا بىلەلمىدى. زادى قەيەرگە بارىدىغاندىمىز؟!
ھازىر ئۇنىڭ قولى زادىلا ئىشقا بارمايتتى.

www.uyghurkitap.com

# يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى

بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىزدە باتالىيون كوماندىرلىرى ، سىياسى رەھبەرلەر ، باتالىيون شتاب باشلىقلىرى پولك شتاب مەجلىسخانىسىغا كەلـ سۇن دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى . ھەممىنىڭ كۆڭلىدە نېمە خەۋەر بارـ دۇ ؟ دېگەن بىرلا ئوي بارئىدى . كوماندىرلار ئاتلىرىغا مىندى ـ دە ، ئورمانـ باغدىكى چىغىر يوللاردا ئىلدام يۈرۈپ پولك شتابى چوڭ گەمە مەجلىسخانىـ سىغا يېتىپ كېلىشتى . بۇ چاغدا سائەتمۇ ئەتىگەن توققۇز بولغانىدى . مەجـ لىسخانىغا پولك باشلىقى قىيۇمبەگ خوجا ، ئارقىدىن پولك شتاب باشلىقى ماتسوك كىردى . ھەممە كوماندىرلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى . شتاب باشلىقى ماتسوك ئالدىغا بىر ـ ئىككى ماڭدام مېڭىپ ئاندىن ئولتۇـ رۇڭلار ، دېدى . قىيۇمبەگ خوجامنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە ھەربىي فورما بەكمۇ ياراشقانىدى . ئۇ ، ئورنىدىن قوپۇپ ئۆتكۈر قارا كۆزلىرىنى كۆپچىلىككە تىكىپ :

— يولداشلار ، بىزنىڭ قىسىم 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئوتتۇرىسىدا بۇ ئورمانباغقا كەلگەن . ھازىر 1946 ـ يىلى كىرىپ مانا يەنىلا كۈزگە يېقىنلىـ شىپ قېلىۋاتىدۇ . ھەممىمىز بىرلىكتە ئورمانلىقنىڭ چىغىر يوللىرىدا ئاچچىق شاماللىق كۈز ئايلىرىنى ، قاتتىق شىۋىرغانلىق سوغۇق قىش كۈنلىرىنى ئۆتـ كۈزدۇق . بارلىقىمىز ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىـ دەك ياشىدۇق . بەزىدە خۇش بولۇپ ، بەزىدە زېرىكىپ دېگەندەك ئاخىرى بۇ ئورمانباغقا ئۆگىنىپمۇ قالغاندۇق . لېكىن بىز ھەربىي قوشۇن ، جەڭگىۋار قوـ شۇن . قوماندانلىق قانداق قىلىشنى بۇيرۇسا شۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك ،— ئۇ ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ تامىقىنى قىرىپ قويدى ـ دە ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىمدا يۇقىرى قوـ ماندانلىقتىن بۇيرۇق كېلىپ ، بىزنىڭ قىسىم يەنىسخەي ئورمانلىقىدىن يۆتكىـ لىپ ، ماناس دەرياسى كۆۋرۈك بېشىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشنى

ئۇقتۇرۇش قلدى ،— سۆز ئارىسىدا ئۇ بىرىنچى باتالىئون كوماندىرى توختى مەمەتوپ ، دوگان سوفىيوپقا مەنىلىك قاراپ قويدى ۋە ،— قاچان قوزغىلىش ، قانداق قوزغىلىش ھەققىدە كونكرىت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ناچالنىك شتاب ماتسوك سىلەرگە چۈشەندۈرىدۇ ،— دېدى . قىيۇمبەگ خوجامنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا شتاب باشلىقى :

— يولداشلار ، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي ، بىز بۇ ئورماننىڭ ئىچىدە جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدۇق . ئەمدى بۇ چىغىر يوللاردىن چىقىپ چوڭ داغدام يولدا سەپەر قىلىمىز . لېكىن بۇ يولىمىز چوڭ يول بولسىمۇ ھەرگىز تۈپتۈز ئەمەس ، ئەگرى ـ توقاي ، بۇ يوللار ئورمانلىقتىكى چىغىر يوللارنىڭ داۋامى . ئالدىمىزدا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار ، نۇرغۇن كۆرەشلەر بار ،— ئۇ مېڭىپ چوڭ قەدەم بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىغا چاپلىشىپ كەتكەن شالاڭ سىرىق چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ قويدى . كۆكۈچ زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مەيدە يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ بىر قۇر قاراپ چىقتى ،— بىز بەش كۈن ئىچىدە يەنىسخەيدىن يۆتكىلىپ چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىمىسەك بولمايدۇ . بىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ توپتوغرا شىخەنزىگە بارىمىز . يەنىسخەي بىلەن شىخەنزىنىڭ ئارىلىقى قىرىق نەچچە كىلومېتىر . پىيادە بىرقانچە كۈن يول يۈرىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق پۇختا بولسۇن . ئارقا سەپ ترانسپورت ھارۋا بىلەن ئارقىدىن ماڭىدۇ . ئالدى بىلەن رازۋېت روتا ، ئاندىن ھەربىر باتالىئون ئۆز رېتى بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭىدۇ . باتالىئونلار پولك شتابى بىلەن ئالاقىچىلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ . قالغان ئارقا سەپ ۋە تەمىناتقا دائىر ئىشلارنى زۇنۇن ئاكا ئورۇنلاشتۇرىدۇ .

زۇنۇن ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ : « يولدا يەيدىغان نورما زاپاس ئېلىۋېلىنسۇن ! » دېيىشىگىلا كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . زۇنۇن ئاكا قۇۋراق ئادەم بولغاچقا گەپنى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشتىن باشلايتتى . بۇ ،



www.uyghurkitap.com

تومتاقلا ئېيتىلغان سۆز كۆپچىلىككە ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ بۇ سەپەردىكى قونالغۇ، جەڭچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى، ئارقا سەپ خىزمىتى ھەققىدىكى تەييارلىقلارنى تەپسىلىي سۆزلىگەندىن كېيىن، ھەرقايسى گەمىلەردىكى ئۇستەل، كارىۋات، ئورۇندۇقلارنى يىغىپ باتالىيونلار مەسئۇل بولۇپ بىر يوغانراق گەمىگە ئەكىرىپ قۇلۇپلاپ قويۇشنى تاپىلاپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئاخىرىدا پولك كوماندىرى قىيۇمبەگ خوجا كۆپچىلىككە قاراپ:

«يولداشلار، ۋەزىيە چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ باشقا پىكىر بارمۇ؟» دېدى. ئۈچىنچى باتالىيون كوماندىرى دوگان سوفىيوپ رۇخسەت ئېلىپ: «ئاكوپ، پوتەيلەرنى قانداق قىلىمىز؟» دېدى. پولك كوماندىرى دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ئاكوپ، پوتەيلەر شۇ بويىچە قالىدۇ. پوتەيلەرنى، ئوت توچكىلارنى چۆمكەپ يوشۇرۇپ قويۇڭلار» دېدى. يەنە پىكىرىڭلار بارمۇ دەپ سورىغاندا كۆپچىلىك باشقا پىكىر يوق دەپ تۈۋلاشتى. توساتتىنلا ئارقا تەرەپتىن بىرسى: «ئوق- دورىلارنى قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى. پولك كوماندىرى دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ئوق- دورىلارنى جەڭچىلەر ئۆزلىرى كۆتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ ماڭسۇن، قالغان زاپاس ئوق- دورىلارنى ئارقا سەپ قورال بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلار مەسئۇل بولۇپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ» دېدى. ھەممە بىردەك چۈشىنىشلىك دەپ ۋارقىراشقاندىن كېيىن، پولك كوماندىرى: «مەجلىس تامام، قايتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىجرا قىلىڭلار» دەپ چىقىپ كەتتى.

يىغىندىن كېيىن ھەممە كوماندىرلار دەرھال ئۆز باتالىيونلىرىغا قايتىشتى. كوماندىرلار قايتىپ ئۆز باتالىيونلىرىغا كەلگەندە جەڭچىلەر خۇددى چوڭ خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرغاندەك تالادا توپ- توپ بولۇشۇپ بىر- بىرىگە كۈسۈرلىشىپ خەۋەر يەتكۈزۈشۈۋاتاتتى. باتالىيون كوماندىرىنى كۆرۈپلا، ئەنە كەلدى دەپ ھەممىسى ئۈۋىسىدىن چىققان قۇشلاردەك چۇرقىرى-

شىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىشىۋالدى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرلىرى
چاقناپ، چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئورمانلىقىدىن
يۆتكىلىپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىش خەۋىرى بۇرۇنلا روتىلاردىكى جەڭچى-
لەر ئارىسىدا مىش-مىش گەپ بولۇپ تارقىلىپ بولغانىكەن. باتالىئون كو-
ماندىرى ئىككىمىز ئورىۋالغانلارغا «ۋۇي، نېمە بولدۇڭلار؟ قەۋەتلا خۇشال-
غۇسلەر» دەپ مەنىلىك قاراپ كۈلدۇق. «راستمۇ باشلىق» دېدى ئۇلار.
بىز: «ھە راست-راست» دەپ چاقچاق قىلىپ قويۇپ گەمىگە كىرىپ كەتتۇق.
ئىشىكنىڭ ئالدىدا قالغان جەڭچىلەر شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ بىر-بىرى-
نى قۇچاقلىشىپ، ئۇزاقتىن كۈتكەن كۈنلەرنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا، ئۆز-
لىرىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلەشتى. بىز گەمىگە كىرگەندىن كېيىن با-
تالىئونىنىڭ كاتىپىنى چاقىرتىپ: ھەر بىر روتىغا ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار. بۈگۈن
چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە روتا كوماندىرلىرى ۋە ئىزۋوت كوماندىرلىرى
باتالىئون شتابىغا كەلسۇن» دېدۇق.

چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە باتالىئوندىكى ئىزۋوتتىن يۇقىرى
كادىرلار يىغىلدى. باتالىئون كوماندىرى، سىياسىي رەھبەر ۋە مەن بىللە
مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدۇق. بىز ھەممىسىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ چىق-
تۇق، كادىرلارنىڭ چىرايلىرىدا بىر خىل خۇشاللىقنىڭ ئىزناسى چىقىپ تۇر-
سىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ خۇشاللىقنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. بەزىلەر
كۆڭلىدە راستمۇ-يالغانمۇ دېگەندەك باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قا-
راپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئارىلىقتا باتالىئون كوماندىرى سۆز قىلىپ:

— يولداشلار، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىزنىڭ قىسمىمىز ئورمانلىقى-
دىن يۆتكىلىپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان بولدۇق. بىزنىڭ باتالىئون
ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولۇشى كېرەك، — دېيىشى
بىلەن مەجلىسخانىدا گۈلدۈراس چاۋاكلار ياڭراپ كەتتى. كومبات سۆزىنى
داۋاملاشتۇرۇپ، — يۆتكىلىش تەييارلىقى پۇختا ئىشلەنسۇن. قورال، ئوق-
دورىلارنى ھەر بىر جەڭچى ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئۆزى ئېلىپ يۈرىدۇ. زاپاس

ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى باتالىيون قورال بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك قۇرۇتقان نان، يەڭگىل يېپىنچىلارنى ئېلىۋالسۇن، قالغان نەرسىلەرنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭكىنى ئايرىم تۈگۈچ قىلىپ چېگىپ، ئىسىم ـ فامىلىسىنى يېزىپ باتالىيونغا تاپشۇرسۇن، گەمىدىكى كارۋات، ئۈستەللەرگە روتا ـ ئىزۋوتلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ پولك ئارقا سەپكە تاپشۇرۇلسۇن. گەمە، ئوت توچكىلارنى بۇزماي ئۈستىنى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىپ يوشۇرۇپ قويۇلسۇن، — دەپ پولك شتابىدا ئېچىلغان يىغىننىڭ روھىنى ئۆز باتالىيونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يەتكۈزدى. ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر خۇشاللىقىدىن «ھۇررا» توۋلاپ سەكرىشىپ كەتتى.

ئۈچ كۈنگىچە ئورمانباغنىڭ ئىچى قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. قۇياشمۇ خۇددى ئورمانباغدىكى قايىنام ـ تاشقىنلىق ھاياتنى تەبرىكلەۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى. جەڭچىلەر بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرىگە سىرداش ماكان بولغان ئورمانباغدىن ئايرىلىپ، شەرققە قاراپ يولغا چىقتى. بەزىلەر ئورمانباغدىن قىيالمايۋاتقاندەك پات ـ پات كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئۈچ كۈنلۈك جاپالىق يول ئازابىنى تۈگىتىپ، ئىسسىق ئاپتاپتا كۆيۈپ پىشقان جەڭچىلەر شىخەنزىگە يېتىپ كېلىپ، كونا شىخەنزە ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. بەزى باتالىيونلار، روتىلار چېدىرلارنى تىكىپ ئولتۇردى. بەزىلىرى پۇقرالارنىڭ كونا تام ئۆيلىرىگە، ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئورۇنلاشتى. شىخەنزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق، شىمالىي تەرىپى قارىياغاچلىق بولۇپ، شەرقىي تەرىپى ماناس دەرياسىغا تاقىلاتتى. شىخودىن قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ ئالدىن ماڭغان قېرىنداش قىسىملار: كەڭساي ئۈچىنچى پولك، سۈيدۈڭ بىرىنچى پولك، غۇلجا ئازاد نىشانلىق پىيادە ئىككىنچى پولك، ئايرىم ئاتلىق بىرىگادا، تارباغاتاي ئالتىنچى ئاتلىق پولك، ئارتىللېرىيە دىۋىزىيون، موڭغۇل

دىۋىزىئون، خۇيزۇ دىۋىزىئون، يەنىسخەي ئورمانىدا مۇداپىئەدە تۇرغان غۇلجا تۆتىنچى زاپاس پولكمۇ شىخەنزىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ قىسىملار تەگرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چوقان تېغىدىن تارتىپ، ماناس دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ ساۋەن (كونا ساۋەن) نىڭ شەرقىگە بولغان ئاتمىش بەش كىلومېتىر شىمالىي بىلەن جەنۇبىي كەڭلىكىدە توغرا سەپتە تۇردى. شەرقىي بىلەن غەربىي چوڭقۇرلۇقى يەنىسخەيگە قەدەر ئاتمىش كىلومېتىر مۇداپىئە رايونىنى تەشكىل قىلدى. يېڭىلمەس، غالىب بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ قىسىملار دۈشمەنگە قادىلىپ، ئۇرۇمچىگە قاتتىق تەھدىت سالدى. نەتىجىدە ئۇ تەرەپتىكى گومىنداڭچىلار ئېغىر ئەندىشە، پاتىپاراقچىلىقتا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىر قىسىملىرى ئۆز ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يولغا سېلىپ، قاتتىق ئەندىشىدە قالغانىدى.

## ئەسكەرلەرنى بوشىتىپ قىسىملارنى رەتكە سېلىش

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركەز ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبەت باشلانغانىدى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارلا بىلەتتى. بۇ ئىشنى تاكى بىتىمگە قول قويغانغا قەدەر قىسىملار ئىچىدە مەخپىي تۇتۇلۇپ كەلگەنىدى. سۆھبەت بىر قانچە قېتىم بولۇپ، ئارىدا بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانىكەن.

1946 ـ يىل 6 ـ ئايلارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىخەنزە ۋە ماناس دەريا بويىلىرى تەبىئەت دۇنياسى يېشىللىققا پۈركەنگەن چاغ بولۇپ، ئىللىق، يېقىملىق ياز ھاۋاسى ئادەمنى ئىنتايىن ھوزۇرلاندۇراتتى. تېرەكلەرنىڭ، قارىياغاچلارنىڭ ئۇچلىرىغا قونۇۋالغان ھەر خىل جاكىگال قۇشلىرى يېقىملىق سايراپ ئادەملەرگە بىر خىل خۇشاللىق بېغىشلايتتى. كۆپكۆك ئېچىلىپ كەتكەن

كاككۇككۈللىرى سۇمبۇل چاچ ئىلى ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئەسلىتەتتى.

ھەر يەردىن كەلگەن قىسىملار شىخەنزىگە يىغىلدى. ئۇزۇندىن بۇيان
ئايرىلىپ كەتكەن دوستلار، ئاغىنىلەر، يۇرتلۇقلار تاسادىپەن بىر- بىرى بىـ
لەن ئۇچرىشىپ، بىر- بىرى بىلەن قۇچاقلىشاتتى. بەزىلەر ۋاقىتسىز ئايرىلـ
غان سەپداشلىرىنى ئەسلەپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشاتتى. بۇ دەل
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركەز ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈ-
ۋاتقان مەزگىل بولۇپ، سۆھبەت ئۈستىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئون بىر
ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچە ماددىسىدا بىر مەزگىل كېلىشىم قىلالـ
مىغان بولسىمۇ ئاخىرى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ ئون بىر ماددىلىق بىتىمگە قول
قويۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئون ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى ساقلاپ قالىدۇ
دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ئۆز قوشۇنلىرىنى قىسقارتىپ،
خىللاشتۇرۇپ تەشكىل قىلىشنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن زور
كۆلەمدە جەڭچىلەرنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىپ ئائىلىسىگە قايتۇردى. بۇ
ئىشلاردىن بۇرۇن قىسىم ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا بەزىلەر ئۇرۇش بولمايدىكەن
دېسە، بەزىلەر بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت قىلىۋېتىپتۇ.
ھەربىيلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆپ ساندا بوشىتىدىكەن، قىـ
سىملارنى بىر- بىرىگە قوشۇپ قىسىم ناملىرىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئەمدى ئۇ-
رۇش بولمايدىكەن، بىزنىڭ روتىدىكى قوراللارنى يىغىپ كەتتى، پەقەت كو-
نا گېرمانكىلارلا قالدى، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ئاز
كۈن ئۆتمەي غۇلجا زاپاس تۆتىنچى پولكقا قاراشلىق باتالىئونلارنىڭ ئاسا-
سىي رەھبىرىي كادىرلىرى پولك شتابىغا يىغىلدى. پولك كوماندىرى قېيۇم-
بەگ غوجا، يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى: «تۆتىنچى
پولك رەتكە سېلىنىپ، غۇلجا تۆتىنچى پولك دېگەن نامى ئەمەلدىن قېلىپ،
ماناس دەريا بويىدا تۇرۇۋاتقان بۇرۇنقى غۇلجا ئازاد نىشانلىق پىيادە ئىك-
كىنچى پولكى بىلەن قوشۇلۇپ بۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىك-
كىنچى پولك نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى پولك قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن

ھەر ئىككى پولكتىن ئۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋە كوماندىرلار ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇ. ئىككى پولك ئادەم سانى ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئادەمدىن بىر مىڭ بەش يۈز ئادەمگە قىسقىرايدۇ. يېڭى رەتكە سېلىنغان پولك رەھبەرلىك باشقىدىن تەشكىل قىلىندۇ. پولك كوماندىرى يەنىلا قىيۇمبەگ غوجا بولىدۇ. سىياسىي مۇئاۋىن ھاشىم گۆھەرباقى، شتاب باشلىقى ماتسوك ھەربىيدىن چېكىندۇ. ئورنىغا ئۈچىنچى باتالىئون شتاب باشلىقى ساۋدانوپ زاھىر بولىدۇ. مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مەزەمخان بولىدۇ. خوجىلىق باشلىقى يەنىلا زۇنۇن ئاكا بولىدۇ.» ئۇ ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ بولۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن ئالدىن غۇلجىغا كېتىشىم مۇمكىن. ئەگەر مەن كېتىپ قالسام مېنىڭ ئورنۇمغا مۇۋەققەت پولك كوماندىرى ۋەزىپىسىنى مەزەمخان ئۆتەيدۇ» دەپ پولك يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە: «بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى تەشكىل قىلىنغان غۇلجا ئىككىنچى پولكىنىڭ ۋەزىپىسى شىخەنزە ۋە ماناس كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتىدۇ. بىرىنچى باتالىئون ماناس كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي بېشىدا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىئون ماناس كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبى ۋە ئىككى قاسنىقىدا تۇرىدۇ» دېدى.

ئۆز ۋاقتىدا ماناس كۆۋرۈكىنى دۈشمەن ئاللىقاچان ئوت قويۇۋەتكەن بولغاچقا، پەقەت سايدىكى ئېقىن سۇ ئارقىلىقلا ئۆتۈشكە بولاتتى. 6-، 7-ئايلاردا دەريا سۈيى بەك ئۇلۇغ ھەم تېز ئاقاتتى. دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈشمۇ قىيىن ئىدى.

قىسىملارنى رەتكە سېلىشتا باشقا قېرىنداش قىسىملارمۇ ئوخشاشلا رەتكە سېلىندى ۋە قىسقارتىۋېتىلدى. ئۇن بىر ماددىلىق بىتىم بەلگىلىمىسى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئون ئۈچ مىڭ كىشى بولۇش، ئۇلار شىمالىي شىنجاڭ — ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدا تۇرىدۇ. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەردە تۇرىدىغان ئاز ساندا مىللىي قوشۇن قۇرۇشقا بولىدۇ دېگەن كېلىشىم بار ئىدى. مۇنداق رەتكە سېلىپ چوڭ قىسقارتىشتىن كېيىن ئائىلىگە قايتقان، ھەربىيدە قالغان جەڭچىلەرنىڭ ئىچىدە شاد-خۇراملىقمۇ، يىغا-

زارمۇ كۆپ ئىدى. چۈنكى مۇدھىش ئۇرۇشنى بىرگە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بەزى يولداشلىرىمىزنى پاجىئەلىك ئۇرۇش ئايرىدى. بەزى يولداشلار پۈت-قوللىرىدىن ئايرىلدى. بەزىلىرى بۇ ئىشلارنى ئويلاپ يىغا-زار قىلسا، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلىرىنى، ئائىلىسىنى باللىرى بىلەن پات ئارىدا كۆرۈشىدىغىنىنى ئويلاپ ئىچ-ئىچىدىن خۇش بولاتتى.

## ماناس دەرياسى كۆۋرۈك بېشىدا پوستتا تۇرۇش

ئارىدا ئىككى تەرەپ سۆھبىتىدە بىتىمنىڭ قوشۇمچە ئىككىنچى ماددىسىدىكى مىللىي ئارمىيە ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالماي سۆھبەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. قىسىملار رەتكە سېلىنغاندىن كېيىنكى غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى پولك ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا دۈشمەنگە روبىرو تۇرۇپ ئورۇنلاشتى. ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي بېشىدا ئىككىنچى پولكنىڭ بىر پوتىيى بولۇپ، پوستتا تۇرغانلارغا قارشى تەرەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۈشمەننىڭ كۈندۈزدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرى، ماناس دەرياسىنىڭ شەرقى، ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھارۋا، ماشىنلار، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كىر يۇيۇۋاتقان، كىرلارنى چاتقاللارغا يېيىۋاتقان ئەھۋاللىرى ئوچۇقلا كۆرۈنەتتى. دۈشمەن تەرەپمۇ ئۇرۇش ھالىتى يوق قىياپەتتە يۈرەتتى. كۈندۈزلىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرى دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ قالايمىقان ئىدى. بىر كۈنى كەچتە، بىرىنچى روتا ئىزۋوتىدىكى قادىر تۇرسۇن بىلەن ھەسەن توختى ئىككىيلەن (ئۇ چاغدا كۆۋرۈك بېشىدىكى پوتەيگە ئىككىدىن پوست قويۇلاتتى) پوستتا تۇراتتى. يېرىم كېچە بولغاندا دۈشمەن تەرەپتىكى پوتەي ئۈستىدە قارا-قۇرا بىرنېمىلەر كۆرۈندى. بۇلار دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان بولسىمۇ قارا-قۇرا نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى. بۇلار پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. تۇساتتىنلا سۇغا چوك-

www.uyghurkitap.com

ﻜﺪﻩ ﺑﺮ ﻧﻪﺭﺳﻪ ﭼﯘﺷﻜﻪﻧﺪﻩﻙ ﺋﺎۋﺍﺯ ﺋﺎﯕﻼﻧﺪﻯ. ﺷﯘ ﻛﯜﻧﻰ ﻛﯧﭽﯩﺴﻰ ﺋﺎﻱ ﻗﺎ- ﺭﺍﯕﻐﯘ ﺋﯩﺪﻯ. ﺑﯘ ﺋﯩﻜﻜﯩﺴﻰ ﺋﯚﺯ- ﺋﯚﺯﯨﺪﯨﻦ ﺗﯩﺖ- ﺗﯩﺖ ﺑﻮﻻﺗﺘﻰ. ﺗﻮﺯﯗﻝ، ﻗﯩﺮﯨﺸ- ﻗﺎﻧﺪﻩﻙ ﻣﺎﯞﯗ ﮬﺎۋﺍﻧﻰ ﻗﺎﺭﯨﻤﺎﻣﺪﯨﻐﺎﻥ. ﺋﯘﻻﺭ ﮬﻪﺗﺘﺎ ﻧﻪﭘﺴﯩﻨﻰ ﺋﯩﭽﯩﮕﻪ ﺗﺎﺭﺗﯩﭗ، ﺩﻩﺭﻳﺎﺩﯨﻦ ﻛﯚﺯﯨﻨﻰ ﺯﺍﺩﯨﻼ ﺋﯜﺯﻣﻪﻳﺘﺘﻰ. ﺑﯘﻻﺭ ﺋﺎﺧﯩﺮﻯ ﺩﯛﺷﻤﻪﻥ ﺋﻪﺳﻜﻪﺭﻟﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﺩﻩﺭﻳﺎ ﺑﻮﻳﯩﻐﺎ ﻳﻮﺷﯘﺭﯗﻥ ﻛﯩﻠﯩﭗ ﺗﻮﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯧﻠﯩﻖ ﺗﯘﺗﯘۋﺍﺗﻘﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﺩﻯ. ﻗﺎ- ﺩﯨﺮ ﺗﯘﺭﺳﯘﻥ ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﺑﺎﺗﺎﻟﻴﻮﻥ ﺷﺘﺎﺑﯩﻐﺎ ﺗﯧﻠﯧﻔﻮﻥ ﺋﺎﺭﻗﯩﻠﯩﻖ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ ﺩﻭﻛﻼﺕ ﻗﯩﻠﺪﻯ. ﺩﻭﻛﻼﺗﻨﻰ ﺋﺎﯕﻠﯩﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺑﺎﺗﺎﻟﻴﻮﻥ ﺩﯨﺠﻮﺭﻧﯩﺴﻰ ﺩﻩﺭﮬﺎﻝ ﻛﯚﺯﯛﺭﯛﻙ ﺑﯧﺸﯩﻐﺎ ﻛﻪﻟﺪﻯ. ﺋﯘ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ ﺋﯧﻨﯩﻖ ﻛﯚﺭﮔﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﮬﻪﺭﯨﻜﯩﺘﯩﻨﻰ ﺩﺍۋﺍﻣﻠﯩﻖ ﮬﻮﺷﻴﺎﺭﻟﯩﻖ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﯚﺯﯨﺘﯩﺸﻨﻰ ﺗﺎﭘﺸﯘﺭﯗﭖ ﻗﺎﻳﺘﺘﻰ.

## « ﺗﯩﻞ » ﺗﯘﺗﯘﺵ

ﺋﯘﺭﯗﺵ ﻣﻪﺯﮔﯩﻠﻠﯩﺮﯨﺪﻩ ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻨﯩﯔ ﺑﯩﺮﻩﺭ ﺋﻮﻓﯩﺘﺴﯧﺮ ﻳﺎﻛﻰ ﺋﻪﺳﻜﯩﺮﯨﻨﻰ ﺗﯩﺮﯨﻚ ﺗﯘﺗﯘﭖ ﻛﯧﻠﯩﺶ « ﺗﯩﻞ » ﺗﯘﺗﯘﺵ ﺩﻩﭖ ﺋﺎﺗﯩﻼﺗﺘﻰ. ﺷﯘ ﺗﯘﺗﯘﻟﻐﺎﻥ ﺩﯛﺷﻤﻪﻥ ﺋﺎﺩﻩ- ﻣﯩﺪﯨﻦ ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻨﯩﯔ ﺋﯩﭽﻜﻰ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ، ﭘﯩﻼﻧﯩﻨﻰ ﺑﯩﻠﯩﺶ ﻣﻪﻗﺴﻪﺕ ﻗﯩﻠﯩﻨﺎﺗﺘﻰ.

ﻣﺎﻧﺎﺱ ﺩﻩﺭﻳﺎﺳﻰ ﻛﯚﺯﯛﺭﯛﻛﺪﻩ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﺗﻪﺭﻩﭖ ﺗﯩﺮﻛﯩﺸﯩﭗ ﺗﯘﺭﯗۋﺍﺗﻘﺎﭼﻘﺎ، ﺋﻪﺳﻜﻪﺭ ﭼﯧﻜﯩﻨﺪﯛﺭﯛﺵ ﺑﺎﺷﻼﻧﻤﯩﻐﺎﻥ، ﻣﺎﻧﺎﺱ ﺩﻩﺭﻳﺎﺳﻰ ﺗﻪﺑﯩﺌﻰ ﮬﺎﻟﺪﺍ ﮬﻪﺭ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﺗﻪﺭﻩﭘﻨﯩﯔ ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﻣﯘﺩﺍﭘﯩﺌﻪ ﭼﯧﮕﺮﯨﺴﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺑﻪﻟﮕﯩﻠﻪﻧﮕﻪﻧﺪﻯ.

ﺑﯩﺰﻧﯩﯔ ﻗﯩﺴﯩﻤﻠﯩﺮﯨﻤﯩﺰ ﺋﯚﺯ ﻣﯘﺩﺍﭘﯩﺌﻪﺳﯩﺪﻩ ﺑﯘﻳﺮﯗﻕ ﻛﯜﺗﯜﭖ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺭﻩﭘﺘﯩﻦ ﮬﻪﺭ- ﺑﯩﻲ ﻣﻪﺷﯩﻖ ﮬﻪﺭﺑﯩﻲ ﺗﻪﻟﯩﻢ- ﺗﻪﺭﺑﯩﻴﯩﺴﻰ ﺋﯧﻠﯩﭗ ﻣﺎﯕﺴﺎ، ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺭﻩﭘﺘﯩﻦ ﺋﺎ- ﻛﻮﭘﻼﺭﺩﺍ ﻣﻪﺩﻩﻧﯩﻲ ﻛﯚﯕﯜﻝ ﺋﯧﭽﯩﺶ ﭘﺎﺋﺎﻟﯩﻴﻪﺗﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺋﯧﻠﯩﭗ ﺑﯧﺮﯨﯟﺍﺗﺎﺗﺘﻰ. ﺑﯩﺮ ﻛﯜﻧﻰ ﺑﺎﺗﺎﻟﻴﻮﻥ ﺷﺘﺎﺑﯩﺪﺍ ﺋﺎﻟﺪﯨﻤﯩﺰﺩﯨﻜﻰ ﺩﯛﺷﻤﻪﻥ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ ﺗﻪﮬﻠﯩﻞ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺋﻮﻟﺘﯘﺭﺍﺗﺘﯘﻕ. ﺑﺎﺗﺎﻟﻴﻮﻥ ﻛﻮﻣﺎﻧﺪﯨﺮﻯ ﻣﯘﻧﺪﺍﻕ ﺑﯩﺮ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ ﺳﯚﺯﻟﻪﭖ ﻗﺎﻟﺪﻯ. ﺋﯘ: « ﭘﻮﻟﻚ ﺑﺎﺷﻠﯩﻘﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﺋﻮﻳﯩﺪﯨﻦ ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﺪﺍ، ﺋﺎﻟﺪﯨﻤﯩﺰﺩﯨﻜﻰ ﺩﯛﺷﻤﻪﻥ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻨﻰ ﺗﻮﻟﯘﻕ ﺑﯩﻠﯩﺶ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺑﯩﺮﻩﺭ ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻨﻰ ﻳﻪﻧﻰ ﺑﯩﺮﻩﺭ ‹ﺗﯩﻞ› ﺗﯘﺗﯘۋﺍﻟ- ﺳﺎﻕ ﻳﺎﺧﺸﻰ ﺑﻮﻻﺗﺘﻰ » ﺩﯧﺪﻯ. ﺋﯘ ﺷﯘﻧﺪﺍﻕ ﺩﻩﭖ ﮬﻪﻣﻤﯩﻤﯩﺰﻧﯩﯔ ﻛﯚﺯﯨﮕﻪ ﻣﻪﻧﯩﻠﯩﻚ

قاراپ قويۇپ ، ئاندىن مېنىڭ پىكرىم توغرىمۇ ؟ دېگەندەك يەنە ھەممىگە سەپ-سالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا بىرىنچى روتا كوماندىرى كومباتقا قاراپ: « يولداش كومبات ، بۇ ۋەزىپىنى بىزنىڭ بىرىنچى روتىغا تاپشۇرۇڭ ، بىز ئو-رۇندايلى » دېدى ، « سەن قانداق ئورۇندىماقچى ؟ » دەپ سورىدى كوم-بات. روتا كوماندىرى : « بىزنىڭ ئامالىمىز بار. چۈنكى بىز كۆۋرۈك بېشىدا پوستتا تۇرىمىز. دۈشمەن ئەھۋالىنى تولۇق بىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكىتى بەك قالايمىقان ھەم چېچىلاڭغۇ ، ئۇلار كۈندۈزى دەريادا چۆمۈل-دۇ. كېچىسى قىمىر قىلماي ئۇخلايدۇ. ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرسىڭىز ، مەن كېچىدە ئۈچ جەڭچىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ دۈشمەندىن بىرنى تىرىك تۇ-تۇپ كېلىمەن » دەپ كۆلۈپ قويدى.

كومبات كوماندىرلارغا قاراپ قويۇپ ، روتا كوماندىرىغا : « بۇ دەريا-نىڭ سۈيى ئۇلۇغ ھەم ئىتتىك ، جەڭچىلەر دەريادىن قانداق ئۆتىدۇ ؟ بولدى قويۇڭلار » دېدى. ئېرەنسىزلىك بىلەن قىلىنغان بۇ سۆز ، روتا كوماندىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ ئىچىدە : توۋا ، كومبات بىزگە نېمىشقا ئىشەنمەيـ-دىغاندۇ ؟ دەپ ئويلىدى. « يولداش كومبات ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ ۋەزىپىنى بىزگە تاپشۇرۇڭ ، مېنىڭ ئامالىم بار. » كومباتنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچى-قى كەلدى. ئۇ روتا كوماندىرىغا قاراپ كەسكىن تۇردە : « ئامالىم بار ، ئا-مالىم بار دەۋەرگىچە ئەھۋالنى كونكرېت سۆزلەپ مېنى قانائەتلەندۈر-مەمسەن ؟ » دېدى. روتا كوماندىرى ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويۇپ : « بىزنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتتا غۇلجا شەھەر ئايدوڭلۇق بىر قانچە جەڭچى بار ، ئۇلار سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ، ئايدوڭلۇك بۇ جەڭچىلەر كىچىك ۋاقتلىرىدىن تارتىپ ئىلى دەرياسى بويىدا پادا باقىدىكەن ، ئۇلار دەريادىن ئۆتكەندە كالىنىڭ قۇيرۇ-قىغا ئېسىلىپ ئۆتىدىكەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا دەريادىن تولا ئۆتكەچكە سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا بولۇپ كەتكەنىكەن ، مېنىڭچە شۇ جەڭچىلەرنى كېچىدە ئۇ تە-رەپكە ئۆتكۈزۈپ 〈تىل〉 تۇتۇپ كېلەلەيمىز. »

كومبات بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن قول ياغلىقى بىلەن يۈز ۋە

بويۇنلىرىدىكى تەرنى ئېرتتى. ئاندىن: «مۇنداق چوڭ ئىشنى پولكقا مەلۇم قىلاي، ئەگەر ئۇلار ماقۇل كۆرسە مەن ساڭا تېلېفون بېرىمەن. ئەگەر تېلېفون بەرمىسەم، يۇقىرى رەھبەرلىك رۇخسەت قىلماپتۇ دەپ بىلسەڭ بولىدۇ» دېدى. كومبات پولك شتابىغا كېلىپ ماڭا بۇ تەكلىپنى بەردى. مەن مەزەمخان ۋە ھاشىم ئاكام بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم.

روتا تېلېفونى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. سېۋەز تېلېفوننى ئېلىپ، سىزنى كومبات چاقىرىدۇ دەپ روتا كوماندىرىغا مەلۇم قىلدى. روتا كوماندىرى خۇددى كىچىك باللاردەك ئىككى سەكرەپلا تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئۇ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتكەندى. تېلېفوندىن كومباتنىڭ: «سىنىڭ پىلانىڭغا پولك باشلىقلىرى قوشۇلدى ھەم بۇ ۋەزىپىنى تەلىپىڭ بويىچە ساڭا تاپشۇردى. ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭلار. دۈشمەن تۇيۇپ قېلىپ، بىزنىڭ جەڭچىلەرنى ئەسىرگە ئەكەتمىسۇن. تاللىغان جەڭچىلىرىڭ سۇ ئۈزۈشكە، باش چۆكۈرۈشكە ماھىر، ئۆزى ھوشيار، چاققان بولسۇن، ھاڭۋاقتىلىق قىلىدىغان بولسا ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ» دېگەن يوليورۇقى ئاڭلاندى. روتا كوماندىرى كەسكىن ئاۋاز بىلەن: «خوپ» دېدى ـ دە، تېلېفوننى قويۇپ، بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرىنى چاقىردى: «ئىزۋوتىڭدا غۇلجا ئايدۆڭلۈك جەڭچىلەر بار ئىدىغۇ، ئۇلار قانداقراق جەڭچىلەر؟» دەپ سورىدى. ئىزۋوت كوماندىرى دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار ئىشەنچلىك» دېدى. روتا كوماندىرى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا بىر نەچچە قېتىم مېڭىۋەتكەندىن كېيىن ئىزۋوت كوماندىرىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ تۇرۇپ: «بىزگە بىر ۋەزىپە بار. ئۇ بولسىمۇ ‹تىل› تۇتۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان، قاۋۇل، چاققان جەڭچىلەر بولۇشى كېرەك. چۈنكى ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى تېز ئاقىدۇ. ھازىر كۈن ئىسسىق بولغاچقا سۇ كۆپ، چاققانراق جەڭچىلەر بولمىسا سۇدىن يوشۇرۇن ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدۇ» دېدى. ئىزۋوت كوماندىرى ئىزۋوتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى ئايدۆڭلۈك ئۈچ جەڭچىنى چاقىرتىپ كىردى. ئۇلار ئىبراھىمجان، ياقۇپ، نۇ-

رۇللام ئىدى. ئۇلار ئىزۋوت كوماندىرىغا ھۆرمەت سالىمنى بەرگەندىن كې-
يىن: «بۇيرۇقىڭىز بويىچە كەلدۇق» دەپ دوكلات قىلىشتى. كوماندىر ئىزۋوت
ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى ۋە قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئالدىغا كې-
لىپ: «سىلەر سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. «بىلىمىز» دېدى
ئۇلار بىردەك. «ماناس دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتەلەمسىلەر؟» «ئۆتىمىز.»
كوم ئىزۋوت: «گېپىڭلارغا قارىغاندا سىلەر ئىلى دەرياسىدا سۇ ئۈزۈپ باق-
قانىكەنسىلەر. لېكىن ئىلى دەرياسى چوڭ بولغان بىلەن ئاستا ئاقىدۇ. ما-
ناس دەرياسى كىچىك بولغان بىلەن ناھايىتى تېز ئاقىدۇ. دەريا ئېقىنى
ئوخشاش ئەمەس.» كوم ئىزۋوت شۇنداق دېيىشىگە بىر جەڭچى سۆزلەشكە
ئىجازەت ئېلىپ: «ئىلى دەريا سۈيىنىڭ ئۈستى ئاستا بولغان بىلەن ئاستى
تېز ئاقىدۇ. بەرىبىر ئوخشاش» دېۋىدى، باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشتى.
«ئۇنداق بولسا قېنى دەريادىن ئۆتۈش پىلانىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار؟»
ئۈچ جەڭچى بىر- بىرىگە قاراشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىمجاننىڭ يېشى
چوڭراق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر چەبدەس يىگىت ئىدى.
ئىبراھىمجان كوم ئىزۋوتنىڭ كۆزىگە قاراپ: «ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى جە-
نۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاققاچقا يىرىم كېچىدە كۆۋرۈك بېشىدىن بىر يۈز ئەل-
لىك- ئىككى يۈز مېتىر يۇقىرىدىن سۇغا سەكرەيمىز- دە، قىيپاش ئۈزۈپ ئا-
خىرى كۆۋرۈك ئۇدۇلىدىن چىقىمىز» دېدى. كوم ئىزۋوت ئىبراھىمجاننىڭ سۆزى-
نى تازا زەن قويۇپ ئاڭلىدى- دە: «بۇ ئۇسۇلۇڭلار بولىدىكەن، دەرياغا
چۈشكەندە، بىر- بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ قالماڭلار، دۈشمەن تەرەپتىكى قىر-
غاققا چىققاندا بىرىڭلار ئالدىغا بېرىپ، قالغان ئىككىڭلار ئالدىنقىسىنى
قوغداڭلار! ئەگەر دۈشمەن سېزىپ قالسا چاققانلىق بىلەن ئۈزۈڭلەرنى دەر-
ياغا ئېتىپ تۆۋەن تەرەپتىكى بىزنىڭ تۆتىنچى پوست ئالدىدىن چىقىڭلار.
مەن تۆتىنچى پوستقىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويىمەن. ئەمما بۇ ۋەزىپىنى ھېچكىمگە ئېيت-
ماڭلار، مەخپىي تۇتۇڭلار، خوش، سىلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ،
جەڭچىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. بۇ ئۈچ جەڭچى بىر يەرگە بېرىپ

www.uyghurkitap.com

پىلان تۈزۈشتى. ئىبراھىمجان: «ئۆزىمىز بىلەن بىرىدىن ئاپتومات، بىتەرلىك
ئوق، تانا ھەم ئازراق جوۋبۇ ئېلىۋالىمىز» دېدى ئۆز ھەمراھلىرىغا.
كېچە جىمجىت ھەم تۇم قاراڭغۇ ئىدى. كەچكى مەشقتىن قايتىق چارچى-
غان جەڭچىلەر ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بىرىنچى ئىزۋوتنىڭ
بۇ ئۈچ جەڭچى باشقىلارغا سەزدۇرمەي بىر- بىرلەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كې-
يىملىرىنى كىيىپ، كۆۋرۈك بېشىغا قاراپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ۋاقىت دەل يېرىم
كېچىدىن ئۆتكەن بولۇپ جەڭچىلەر ئۈن- تىنسىز كېتىپ باراتتى. تۇساتتىنلا:
«ئىبراھىم ئاكا» دېدى ياقۇپ قورقۇمسىراپ، ياقۇپ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا
كىرگەن قاراقۇمچاق، بويى ئېگىزرەك، بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق، قاش- كۆزلە-
رى تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئىبراھىمجان ھەيرانلىق بى-
لەن توختىدى. تۈن قاراڭغۇ بولغاچقا ياقۇپنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۇققىلى
بولمايتتى، ياقۇپنىڭ ئىبراھىمجاننى تۇتقان قوللىرى تىترەۋاتاتتى. ئىبراھىم-
جاننىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلدى. ياقۇپ نېمىدىن قورقۇۋاتقاندۇ؟ ياقۇپ بىر
پارچە تۇمارچە قاتلانغان خەتنى ئىبراھىمجاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى- دە:
«ئاكا، مەن ئەمدى يىگىرمە ياشقا كىردىم. قېرى، ئاغرىقچان دادام بار،
ئانام خەقلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىپ جان باقاتتۇق. مەن يادا بېقىپ تاپقان
پۇلۇمنى ئۆيگە خەجلەپ ئاغرىقچان دادامنىڭ قىينچىلىقىمۇ بىلىنمەيتتى. بىز
ھازىر جاننى قولغا ئېلىپ كېتىپ بارىمىز. ئەگەر مەن قايتىپ كېلەلمەي قال-
سام، بۇ خەتنى كىيىم- كېچىكىم بىلەن قوشۇپ ماڭا تەلمۈرۈپ قالغان ئاتا-
ئانامغا تاپشۇرۇپ بېرەرسىز. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ بىر ئوغۇللۇق قەرزىمنى
ئادا قىلالمىدىم، ئۇلار مەندىن رازى بولسۇن» دېدى- دە، كۆڭلى بۇزۇل-
دىمۇ بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئىبراھىمجان دەرھال چۈشەندى. راست،
ئۇرۇش بولىدىكەن ئادەم ئۆلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنى ئويلاپ قويمىسىمۇ بولماي-
دۇ. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئەخمەق، يۈر كەتتۇق، سېنى ساق-
سالامەت قايتۇرۇپ كېلىمەن» دەپ ياقۇپنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى-
دە يولغا راۋان بولدى.

بۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، ئۆزلىرى كۈندۈزى كۆرۈپ قويغان
جايدىن، يەنى كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىن ئىككى يۈز مېتىر نېرىراقتا ئۆزلىرىنى
سۇغا ئاتتى. ئۇلار قىيپاش ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. سۇ ناھايىتى سوغۇق ھەم
ناھايىتى تېز ئاقاتتى. ئۇلار دەل ئۆزلىرى مۆلچەرلىگەن يەردىن ئون- ئون
بەش مېتىر تۆۋەنرەك جايدىن دۈشمەنلەر بار قىرغاققا ساق- سالامەت چىقىشـ
تى. ئەتراپ جىمجىت، كېچىنىڭ بۇ جىمجىتلىقىنى پەقەت دەريا سۈيىنىڭ شارـ
قىرىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. بۇلار ئاستا دەريا بويىنى ياقىلاپ بۇزۇلـ
غان كۆۋرۈك ئاستىغا كەلدى. ئىبراھىمجان: «مەن ئۈستىگە چىقاي، سىلەر
مېنى قوغداڭلار» دېدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا سالغان دۈشمەن پوتەيگە يېـ
قىنلاپ كېلىپ بېشىنى يەرگە قويۇپ تىڭشاپ باقتى. پوتەيدىكى پوستنىڭ قاتـ
تىق ئۇخلاۋاتقان خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىبراھىمجان چاققانلىق بىلەن
پوتەيگە چىقىپ ئۇخلاۋاتقان پوستنىڭ گېلىنى بوغۇپ جۆبۇدا ئاغزىنى چاپلىـ
دى. ھېلىقى دۈشمەن ئۈن- تىن چىقىرالماي قالدى. ئۇ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۆـ
ۋەنگە چۈشتى. تۆۋەندە تۇرغان ئىككى جەڭچى دەرھال ياردەمگە كېلىپ
دۈشمەننىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى. ئۇچى دۈشمەننى سۆرەپ
سۇغا سەكرەشتى- دە، تۇتقان «تىل»نى ئېلىپ تۆتىنچى پوستنىڭ يېنىدىن
چىقىشتى. تۆتىنچى پوستتا ساقلاپ تۇرغانلار دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىشىپ
ئۇلارنى دەريا قىرغىقىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى ۋە ئەھۋالنى دەرھال كومانـ
دىر باتالىئونغا خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغانـ
دى. كومبات بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرىنچى روتىغا يېتىپ كېلىپ، دۈشمەن ئەسـ
كىرىنىڭ قوللىرىنى يېشىپ ئىسسىق چاي بەردى. ئۇ ئالدىدا قارشىلىق قىلىپ
چاي ئىچىشكە ئۇنىمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ياۋاشلاپ ئىسسىق چاينى ئىچتى.
تاڭمۇ ئاتتى. ئۇ ئۇياق- بۇياققا ئەنسىز قاراپ قوياتتى. بەكمۇ قورقۇپ
كەتكەنلىكتىن چىرايىدا قان قالمىغانىدى. كومبات جەڭچىلەرگە: «بۇنى ئوبـ
دان تاماقلاندۇرۇڭلار، ئۇرماڭلار، قورقۇتماڭلار» دېدى- دە، گەمىدىن
چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى دەرھال پولك باشلىقلىرىغا مەلۇم قىلدى. پولك

www.uyghurkitap.com

رازۋېت بۆلۈمىدىن ئادەم ئەۋەتتى. سوراق قىلىشقا كىرىپ كەلگەندە ھېلىقى دۈشمەن ئەسكىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

كومبات: «بۇنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟» دېدى كومروتىغا قاراپ، كومروتا: «بىزنىڭ ئىزۋوتتىكى مومۇزا دېگەن تۇڭگان جەڭچى بىلىدۇ» دېدى. «چاقىرىڭلار» دېدى سۈرلۈك قىياپەتتە، كومبات بۇيرۇق قىلىپ، مومۇزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى مۇسا بولۇپ بۇ خۇيزۇ جەڭچى ئىدى. گەمىگە مۇسا كىرىپ كەلدى، كومبات سوراقنى باشلىدى. «ئېتىڭ نېمە؟» دۈشمەن ئەسكىرى: «ۋاڭ گو» دەپ جاۋاپ بەردى. «سەن قەيەرلىك؟»، «گەنسۇلۇق»، «قاچان ئەسكەر بولغان؟» «مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئەسكەر بولمىغان، مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەلگەن»، «بۇ يەرگە، ماناس بويىغا قاچان كەلدىڭ؟»، «1945 - يىلى 8 - ئايلاردا»، «سەن قايسى قىسىمنىڭ ئەسكىرى؟» «يېڭى ئىككىنچى جۈن سىلىڭبۇسى بىۋاستە قىسىملاردىن»، «كونكرېت قايسى قىسىمدىن؟»، «ئالاقچى لىيەندىن». كومبات: «سەن بىزگە ماناس بويىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قىسىم ۋە ناملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟» دەپ سورىغاندى. ھېلىقى چېرىك تۇرۇپ كېتىپ: «ئازراق بىلىمەن، بىلگىنىمنى ئېيتىپ بېرەي، سىلەر مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار» دەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. «بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، سەن ئەھۋالنى بىزگە قالدۇرماي تولۇق ئېيتىپ بەرسەڭ بىز سېنى ئۆلتۈرمەيمىز. سەن قەيەرگە بارىمەن دېسەڭ، شۇ يەرگە ئەۋەتىمىز» دېدى. چېرىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ كومباتقا تېڭىرقاپ قاراپ قالدى. تەرجىمان قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن كومباتنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ يىغلاپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن چېرىك بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ياش يۇقى كۆزى بىلەن ئەتراپقا يەنە بىر سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن: «مەن دەي، مەن دەي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى، — بىز تەرەپتىكى سىلەرگە قارشى تۇرۇۋاتقان قىسىملار، يېڭى ئىككىنچى جۈن سىلىڭبۇسى، بىۋاستە قىسىملار، تېۋۈيىڭ، بىرىنچى سىلىڭبۇسى بىلەن بىرىنچى ئاتلىق تۇەن. ئۇن بىرىنچى ئاتلىق شىنىڭ ئوتتۇز بىرىنـ

چى ، ئوتتۇز ئىككىنچى تۇەنى . زاپاس يەتتىنچى شىنىڭ ئۇچىنچى يىگى ، قىرىق بەشىنچى شىنىڭ ئىككىنچى تۇەنى ، ئەللىك سەككىزىنچى شىنىڭ ئىككى يىگى ، ۋاقىتلىق ئۇچىنچى شى يەتتىنچى تۇەنىنىڭ بىر يىگى قاتارلىقلار . »

بۇ چىرىك راست گەپ قىلىۋاتامدۇ ؟ ياكى قارىسىغا بىرنېمىلەرنى دەپ بىزنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ كومبات چىرايىغا سۇرلۇك تۇس بېرىپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى : « سىلەرنىڭ بۇدۇيىڭلاردىكى ئەسكەرلەر نېمە ئويلايدۇ ؟ » چىرىك كومباتقا يەرنىڭ تېگىدىن بىر قاراپ قويدى - دە ، ئاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى : « بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئۇرۇش بولۇشتىن قورقىدۇ . كۆندە قىمار ئوينايدۇ ، هاراق ئىچىپ مەست بولۇشۇۋالىدۇ . باشلىقلار ئازراق كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئەسكەرلەرنى ئېسىپ قويۇپ ئۇرىدۇ . ئەسكەرلەر بەك بىزار بولۇۋاتىدۇ » دېدى . كومبات : « بۇ ئەسىرنى پولك رازۋېت بۆلۈمگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار ، ئۇلار قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ . باشلىقلار ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن ،— دېدى كوم ئىزۋوتقا قاراپ ،— بۈگۈنكى سوراقنىڭ ئەھۋالىنى رەتلەپ بېرىڭلار . بۇنىڭغا قوشۇپ ‹تىل› تۇتقان ئۇچ نەپەر جەڭچىنى تەقدىرلەش ھەققىدىكى دوكلاتنىمۇ تەييارلاڭلار ، پولكقا دوكلات قىلىمىز . » ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، شەپكىسىنى قولىدا تۇتقىنىچە زېمىلەنكىدىن چىقىپ كەتتى .

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى . كۆن ئىنتايىن ئىسسىق ، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا قىسىملارغا يىغىن بارلىقى ئۇقتۇرۇلدى . تۇيۇقسىز ئۇقتۇرۇشتىن ھەممىز ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدۇق . جەڭچىلەر جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپتۇدەك دەپ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ يۇرەتتى . بارلىق كادىرلار يىغىن زالىغا كىرىشتى . يىغىنغا شىخەنزە ئەتراپىدىكى بارلىق قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى كەلگەنىدى . زال بىر تۇرلۇك تۇس ئالغان . شۇ ئارىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتاب ئورگىنىدىن كەلگەن كىشى سالماق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى . ھەممىز ئورنۇمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت سالىمىنى بەردۇق . ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى . زالنىڭ ئىچىدە چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك شۇ

قەدەر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. باشلىقمۇ بىرگە جاۋاب سالىمىنى بەر-
گەندىن كېيىن يولداشلارغا ئۇدۇل قاراپ سۆزىنى باشلىدى:
— يولداشلار، مەن ھازىر سىلەرگە يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ كەلگەن
ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزىمەن: يولداشلار، ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتتە ۋە پەنە
جۇڭگو ۋەزىيىتىدە چوڭ بۇرۇلۇش بولماقتا. 1945 - يىلى 8 - ، 9 - ئايلار-
غىچە دۇنيا مىقياسىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئې-
رىشتى. پۈتۈن جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشمۇ ئۇزۇل-
كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى
ئاستىدا ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغىنىدەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىمۇ
شىخو، جىڭ، ساۋەن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئىشغال قىلىپ
دۈشمەنگە دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ۋەزى-
يەتتە گومىنداڭ دائىرىلىرى قوراللىق كۈچ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئوتى-
نى ئۆچۈرۈش، مىللىي ئارمىيىنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، شىن-
جاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ شىنجاڭدا قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىشنى خالايدى-
غانلىقىنى ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسىنى بىل-
دۈردى.
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ خېلى بۇرۇنلا مەخپىي ھالدا ئوبۇلخەيرى تۆرە،
رەخىمجان سابىرھاجى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆزلىرى-
نىڭ سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتكەنىدى. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز گو-
مىنداڭ مەركىزىنىڭ ۋەكىلى بىلەن نۇرغۇن قېتىم مۇرەككەپ كەسكىن كۈرەشلەر-
نى ئېلىپ بېرىپ، 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىككى تەرەپ قوراللىق
توقۇنۇشنى توختىتىش، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش
توغرىسىدا ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىم كېلىشىمگە كەلگەن بولسىمۇ، لې-
كىن ئون بىر ماددىنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتى مىللىي ئارمىيىنىڭ تەش-
كىللىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئىككى تەرەپتە زور ئىختىلاپ يۈز بەر-



www.uyghurkitap.com

گەچكە ، سۆھبەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. 1946 - يىلى 5 - ئايدا سۆھبەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئون بىر ماددىلىق بىتىمگە ئىككى تەرەپ ئىمزا قويىدى. ئون بىر ماددىلىق بىتىمدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تىركىشىپ تۇرغان قىسىملارنى ئىككى تەرەپ بىر ۋاقىتتا چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوشۇنلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي رايونلىرىغا بىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. مىللىي ئارمىيە شتابى ، غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى پولكى ۋە مۇستەقىل توپچىلار باتالىئونى ، ھەربىي مەكتەپ غۇلجا شەھىرىدە تۇرىدۇ. تىكەس ئاتلىق بىرىنچى پولك سۈيدۇڭ ناھىيە كۈرەدە تۇرىدۇ. شىخو پىيادە بىرىنچى پولك شىخودا تۇرىدۇ. چۆچەك پىيادە ئۈچىنچى پولك چۆچەكتە تۇرىدۇ. ئاتلىق ئىككىنچى پولك قوبۇقتا تۇرىدۇ. ئاتلىق ئۈچىنچى پولك ئالتاي سارسومبۇدا تۇرىدۇ.

ئۇقتۇرۇش شىخەنزىدە تۇرۇۋاتقان قىسىملارنىڭ پۈتۈن پولك ، باتالىئوندىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارغا ئىغىز ئارقىلىق تەپسىلىي ئۇقتۇرۇلدى. ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن يىغىن زالىدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. بەزىلەر بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ ، ياخشى بوپتۇ ، بىز بۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز ، دېيىشتى. ئاخىرىدا يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق: «ئوفىتسېرلار ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز قىسىمىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار» دېدى. بىردىنلا زالنىڭ ئىچىدە ۋاڭ - چۇڭ باشلىنىپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ زالدىن چىقىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى. بەزىلەر ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ، ئۆتكەندە پولكتا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر راست چىقىپ قالدى دېسە ، يەنە بەزىلەر ، راست ، شامال چىقمىسا ، دەرەخ لىڭشىمايدۇ ، دېگەندەك بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ دېگەن مىش - مىش گەپلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلاپ تۇراتتۇق. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست گەپلەر ئىكەن دېيىشەتتى.

ئۇلار بۇ خەۋەرنى جەڭچىلەرگە تېزرەك ئۇقتۇرۇشقا ئالدىراپ ئۆز قىسىملىرىمىزغا يۈرۈپ كېتىشتى.

باتالئون كوماندىرى پولك يىغىندىن ناھايىتى مەمنۇن ھالدا قايتىپ
كەلدى ـ دە ، ئىنتى ئالاقچى بالىغا تۇتقۇزۇپلا ئۆز كەمىسىگە كىرىپ كەت-
تى . ئالاقچى ئاتنى باغلاپ قويۇپ بىرىنچى باتالئون كوماندىرىنىڭ ئالدى-
غا كىردى . باتالئون كوماندىرى خۇشاللىقىدا ئالاقچىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ
سەزمەي قالدى . شۇڭا ئۇ « ئالاقچى » دەپ چاقىردى . ئالاقچى ئۇنىڭ يېنى-
دا ھازىر بولدى . « كاتىپنى چاقىر » دېدى ئۇ . تاقەتسىزلەنگەن كومبات قو-
لىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئىشكىنىڭ تۈۋىگە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى .
ئالاقچى كاتىپنى باشلاپ كىردى . كومبات كاتىپقا : « دەرھال پۈتۈن باتال-
ئونىدىكى كوماندىر ئىززۇتتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارغا ئۇقتۇرۇش قىل ، چۈشتىن
كېيىن سائەت ئىككىدە باتالئونغا كەلسۇن » دېدى . كاتىپ دەرھال تېلېفون
تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ھەربىر روتىلارغا كوماندىر ئىززۇتتىن يۇقىرى ئوفىت-
سېرلارنىڭ سائەت ئىككىدە باتالئونغا يىغىلىشىنى ئۇقتۇردى . شۇ بىر ۋاقىت-
تىلا باشقا ئىككىنچى ، ئۈچىنچى باتالئونلاردىمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ئوفىت-
سېرلارنىڭ ئۆز باتالئونلىرىغا يىغىلىش ئۇقتۇرۇلغانىدى .
چۈشتىن كېيىن دەل ۋاقتىدا ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى باتالئون مەجلىس-
خانىسىغا يىغىلدى .

دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ ، سۈرلۈك يۈرىدىغان بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈندۇر
بۈگۈن ئىنتايىن خۇش خۇي ئىدى :

— ئاغىنىلەر ، مەن ھازىر سىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن . بىزنىڭ
ۋەكىللىرىمىز گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئىككى تەرەپ ئۇرۇش
توختىتىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىدىغان ئون بىر بىتىمگە
قول قويۇپتۇ . بىزنىڭ قىسمىمىز يات ئارىدا ماناس دەرياسى بويىدىن چېكى-
نىپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ، — ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەن يىغىن زالى-
دا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى . كىشىلەر ھاياجىنىنى با-
سالماي قىلىۋاتاتتى . بىردىنلا زالدىكى تەرتىپ بۇزۇلۇپ ، بەزىلىرى بىر-بى-
رى بىلەن قۇچاقلىشىپ قول ئېلىشىپ ، بەزىلىرى شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئې-

تىپ، بەزىسى بىر- بىرىنىڭ مۈرىسىگە ئۆرۈپ ئارقا- ئارقىدىن ھۇررا توۋلاشتى. كومباتمۇ ھاياجىنىنى باسالماي ھۇررا دەپ ۋارقىراپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. بىر دەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ،— يولداشلار، دىققەت، تىنچلىنىڭلار،— دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. زالدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئانچە- مۇنچە كۇسۇرلاشلار بار ئىدى. كومبات يەنە ئۆزىنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىگە قايتىپ، زالنىڭ ئىچى جىمىدى.

— قېرىنداشلار، بىز ھەممىمىز ئۇرۇش قىلدۇق، قان تۆكتۇق، نۇرغۇن يولداشلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئەگەر ئۇلار بۈگۈنكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى. بىز قايتقاندىن كېيىن قىسمىمىزدا قۇربان بولغان يولداشلىرىمىزنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنى يوقلاپ ھال سورىشىمىز كېرەك. يولداشلار، ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز روتىلاردىكى جەڭچىلەرگە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش. ئائىلەڭلەرگە خەت يېزىڭلار. بەلكىم بۇ خەۋەرنى ئۇلار گېزىتلەردىن ئاڭلىغاندۇر؟ ئەمما سىلەرنىڭ قاچان قايتىدىغىنىڭلارنى ئۇقمايدۇ. ئەمدى سىلەر تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلەپ يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى كۈتۈڭلار. قاچان يولغا چىقىمىز، يولغا چىقىش ئالدىدا قانداق تەييارلىق ئىشلارنى قىلىمىز؟ بۇ ھەقتە پولكنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈڭلار. پولكنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن سىلەرگە تەپسىلىي ئۇقتۇرۇش قىلىمەن. ھازىر قايتىپ روتىلارغا، جەڭچىلەرگە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈڭلار،— دەپ سۆزىنى تۈگەتتى كومبات.

ئوفىتسېرلار خۇشال بولۇشۇپ، ئۆز روتىلىرىغا قايتىشتى. ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەرقايسى روتىلاردا يىغىن ئېچىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى جەڭچىلەرگە يەتكۈزدى. جەڭچىلەرمۇ «ھۇررا» توۋلاپ، شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، بىر- بىرىنى قۇچاقلاپ قىن- قىنىغا پاتماي سەكرەشتى. مەجلىس ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆزىنىڭ گەملىرىگە كىرىشىپ كېتىشتى. بىردىنلا جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. بۇلار ئۇيەر- بۇيەرگە توپلىشىپ ئۆزئارا پاراڭ قىلىشاتتى، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. چاقچاق

www.uyghurkitap.com

قىلشاتتى. ھەر كىم نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشاتاتتى. ئۆز خۇشاللىـ
قىنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا، يارۇ بۇرادەرلىرىگە قانداق قىلىپ يەتكۈزۈشنى ئويىـ
لىشاتتى. ئۇلار چۇشلۇك تاماقلىرىنى يېيىشىپ ئەمدى ئارام ئېلىشىپ ئۇچۇن
ئۆز گەملىرىگە كىرىپ كېتىشتى. لېكىن ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.
جەڭچىلەر بىرقانچە كۈنگىچە گەملەردە ئائىلىلىرىگە خەت يېزىش، كىر ـ قاتـ
لىرىنى يۇيۇش، يىرتىلىپ قالغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ياماپ تۈزەشتۈرۈش
دېگەندەك ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كېتىشتى.

## قارىياغاچ ئاستىدىكى ئاق چېدىر

7 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. بۇ ئىسسىققا چىدىمىـ
غان كوماندىر ـ جەڭچىلەر گەملەرگە كىرىۋېلىپ، تەييارلىق ئىشلار بىلەن
بەند ئىدى. دەل چۈشتە كوماندىر ـ جەڭچىلەر گەمدىن چۈشلۈك تاماققا
چىقىپ، قارىياغاچ ئاستىغا ئىككى ئاق چېدىر تىكىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشـ
تى. جەڭچىلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى ۋە ئۇنىڭ قانـ
داق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىر ـ بىرىدىن سوراشتى. لېكىن بۇ چېدىرـ
نىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ئاق چېدىرغا
ئوفىتسېرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ كىرىپ چىقىۋاتقانلىقى كۆزگە كۆپرەك چېلىقىدىـ
غان بولۇپ قالدى. كېيىن چېدىر ئەتراپىدا ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشـ
لىدى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ چېدىر يېنىغا باردىم. چېدىر ئىچىدە
رۇس ۋە ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، بىرنەچچە ئادەم بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتاتـ
تى. مەن تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ يۈرۈيتتى. ئەڭ ئاۋۋال كەڭساي پولك كوـ
ماندىرى لېسكىننى تونۇدۇم. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە، كىرىپ ـ چىقىۋاتقان
ئوفىتسېرلارنىڭ بىرىدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدىم. بىر ئوفىتسېر تۇـ
رۇپ كېتىپ: «ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى، بۇلار غۇلجا سوۋېت كونسۇلخانىـ
سىدىن كېلىپتۇ. بۇلار ئىچىدە يەرلىكتىن كونسۇلخانىدا ئىشلەيدىغان بىر ـ

ئىككى خىزمەتچىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار سوۋېت گراژدانى بولۇشنى خالايدىـ
غانلارنى تىزىملاپ ئانكىت توشقۇزۇۋاتىدۇ. گراژدانلىق پاسپورتىنى غۇلجىغا
بارغاندا سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن بېرىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى
ئاڭلاپ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ: بۇ قانداق ئىشتۇ؛ يۇقىرىدىن
سوۋېت گراژدانلىقىغا يازىدۇ، ئادەم بارىدۇ دېگەن ئۇقتۇرۇش يوق تۇرسا،
جۇڭگو پۇقراسىنى سوۋېت پۇقرالىقىغا يېزىۋالسا بۇ قانۇنسىزلىققۇ» دەپ
ئويلاپ، كەچتە ئانكىت تولدۇرغانلاردىن: «سىلەر، نېمىنى ئويلاپ شۇنـ
داق قىلدىڭلار؟ سوۋېت گراژدانى بولماقچىمۇ سىلەر؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق
قىلدىڭلار؟» دەپ سورىغاندىم، ئۇلاردىن بىرى دەرھال جاۋاب بېرىپ:
«ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى، بىز ھازىر ياش، ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشـ
قا كىردۇق. ھازىرچىغۇ ئۇرۇش توختاپ ئۇن بىر بىتىمگە قول قويۇلدى. تىنچـ
لىق ئورنىتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ زادى ئۆز ۋەدىسىدە تۇرامدۇ ياـ
كى تۇرمامدۇ، بۇنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر سوۋېت گراژدانى بوـ
لۇپ قالساق كېلەچەكتە سوۋېتكە چىقىپ، ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئارزۇيىمىز بار،
شۇنىڭغا ئەسقىتىپ قالارمىكىن دېگەن مەقسەتتە يېزىلىۋاتىمىز» دېدى. مەن ئۇ
ۋاقىتتا دەرھال ئىچىمدە خېلى يوللۇق گەپ، ياشلارنىڭ ئارزۇسى دەپ ئويـ
لىدىم. بەزىلەر قوشۇمچە قىلىپ: «بىز ئۆتمۈشتە ئوقۇيالمىغان، ئەمدى كۆـ
زىمىز ئېچىلدى. سوۋېتتە ياشلار ئۈچۈن بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق،
مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەرەققىي قىلغان. ئۇ يەردە ياشلارنىڭ ئىستىقبالى
پارلاق. ھازىر ئۇرۇش توختىدى دېگەنبىلەن بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئىستىقباـ
لىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟» دېيىشتى.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم. ياشلارنىڭ ئوـ
قۇش، بىلىم ئېلىش، تېخنىكا ئۆگىنىش ئارزۇسى ياخشى، لېكىن بۇنى قانـ
داق يول بىلەن ھەل قىلىش مۇرەككەپ مەسىلە، دەپ قايتىپ كېلىپ پولكتىكى
باشلىقلارغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارمۇ بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە دېمەـ
دى.

شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل شىخەنزىدە تۇرغان قىسىملار ئىچىدە غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكى بىرقانچە خىزمەتچىلەر ۋە لىبىسكىن باشلىق ئۈچ - تۆت كىشى قانۇنسىز ئۇسۇل بىلەن ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىچىدىكى جۇڭگو گراژدانلىرىنى سوۋېت گراژدانلىقىغا تىزىملاش ئېلىپ باردى. بۇنى يۇقىرىدىن چەكلەيدىغان ئورۇن بولمىدى. يۇقىرى ئورگانلار بۇ ھەقتە ھېچبىر تەدبىر كۆرمىدى. ھېلىقى تىزىملىنىپ ئانىكىت تولدۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت گراژدانلىق پاسپورتىنى ئالدى. ئاۋۋال ئانىكىت تولدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ كېيىن نىيىتىدىن يېنىپ پاسپورت ئالمىغانلارمۇ بولدى.

تۆپۈقسىز ماناس دەرياسى بويىدا پەيدا بولغان بۇ سىرلىق ئاق چېدىرنىڭ خىزمىتى ئۇن نەچچە كۈندە ئاياغلاشتى. لېكىن بەزىلەرنىڭ خاتىرىسىدە بۇ سىرلىق ئاق چېدىرنىڭ سىرى ساقلىنىپ قالدى. لېكىن بۇ، ئاق چېدىرنىڭ سىرى كېيىن ئېچىلدى. بۇ، سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرىنى سوۋېت گراژدانلىقىغا تىزىملاش قانۇنسىز ھەرىكىتى ئىدى، خالاس.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قوماندانلىق شتابىتىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشتى. بۇيرۇقنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

(1) غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى پىيادە پولكقا: سىلەرنىڭ قىسىم 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن چېكىنىپ، غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقسۇن.

(2) چېكىنىش ئىككى قەدەمگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قەدەم: ماناس دەرياسى كۆۋرۈك بېشىدىكىلەر بىلەن ئىككى قاسناقتىكى مۇداپىئەدە تۇرغانلار ئورنىدىن چېكىنىپ كونا شىخەنزىگە توپلانسۇن. ئىككىنچى قەدەم: پۈتۈن قىسىم بىرلىكتە تاشىيول بىلەن غۇلجىغا قاراپ پىيادە يولغا چىقسۇن.

(3) چېكىنىشتىن ئاۋۋال كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي بويىدىكى مۇداپىئە ئاكوپلار، پوتەيلەر، ئوت توچكىلار كۆمۈپ تىندۇرۇلسۇن.

(4) پولك شخەنزىدىن غۇلجىغا يولغا چىقىشتا كېسەللەر، يارىدارلار پولك دوختۇر ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقسۇن.

(5) جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەك، يۈكلىرىنى ياخشى باغلاپ، ئۆز ئىسمىنى يېزىپ پولك ئارقا سەپكە تاپشۇرسۇن، ئارقا سەپ مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ ماڭسۇن.

(6) قىسىم يول يۈرۈشتە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلسۇن. ئوق-دورا، قوراللار يوقالمىسۇن، سىلەرنىڭ پىيادە يول يۈرۈش يولۇڭلار شخەنزىدىن جىڭغا بارغاندىن كېيىن جىڭنىڭ ئاچال داۋىنى ئارقىلىق توغراسۇ يايلىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قاراياغاچ مازار ۋە يۇقىرى پەنجىمەر بىلەن غۇلجا شەھەر ھەرەمباغ گازارمىسىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشسۇن.

بۇيرۇق ئاخىرىدا 7-ئاينىڭ 10-كۈنلىرى ئەتراپىدا گومىنداڭ تەرەپتىن ۋە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېكىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ. شۇڭا بەش كۈن ئىچىدە بۇ چېكىنىش ئىشلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك، دېيىلگەندى.

پولك باشلىقلىرى بۇ چېكىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېز-دىن پۈتۈن پولك، باتالئون ئوفىتسېرلار يىغىنى چاقىرىپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇ-قىنى ئۆز ئەينى ئوقۇپ يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پولك قوشۇمچە بىر-قانچە كونكرېت خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى:

(1) مۇداپىئەدىن چېكىنگەندە ھەر ئىككى يۈز مېتر ئارىلىقتا پوست قو-يۇپ چېكىنىش كېرەك.

(2) ئاكوپلار، پوتەيلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ھەم تىندۇرۇش كېرەك.

(3) جەڭچىلەر ئۇستاب بويىچە مىلتىق، ئاپتومات، پىلموتلارغا تېگىش-لىك ئوق ۋە گراناتلارنى ئېلىپ قالغاندىن سىرت، روتىلارنىڭ زاپاس ئوق-دورىلىرىنى ئارقا سەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

(4) شخەنزىگە بېرىپ توپلانغاندا، يول يۈرۈشتە، پولك تەرتىپى بى-لەن بىرىنچى باتالئون، ئىككىنچى باتالئون، ئۈچىنچى باتالئون، دوخ-

تۆر ـ سىپىترالار روتىسى پولك شتاب بىلەن بىرگە يولغا چىقتى . يولدا چوڭ
دەم ئېلىش ، كىچىك دەم ئېلىش بويىچە ھەرىكەت قىلىندى .
(5) يول بويىدىكى ئاھالىلەر بار جايلاردا خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيـ
يان سالماسلىق ، ئەگەر بۇ ئىنتىزامنى كىم بۇزسا ، ھەربىي ئىنتىزام بويىچە
چارە كۆرۈلىدۇ . ھەربىر روتا ئۆز روتىسىغا ، ھەربىر ئىزۋوت ئۆز ئىزۋوتىغا
مەسئۇل بولۇپ ماڭىدۇ .
ئاخىرىدا پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ خوجا مۇنداق دېدى :
— مەن بىرنەچچەيلەننى ئېلىپ ماشىنا بىلەن كېتىمەن . پولكقا مەزەمخان
ۋاقىتلىق مەسئۇل بولىدۇ . شتاب باشلىقى ساۋدانوپ كونكرېت مەسئۇل بولـ
دۇ ،— دېدى . يىغىن ئاياغلاشتى ، ئوفىتسېرلار ئىنتايىن خۇشال ، قىزغىن
كەيپىياتتا ئۆز باتالىئونلىرىغا قايتىشتى . پولكنىڭ چېكىنىش تاپشۇرۇقىنى
ئالغاندىن كېيىن ھەرقايسى باتالىئونلار روتىلار ، ئىزۋوتلارنى چاقىرتىپ تەپـ
سىلىي ئورۇنلاشتۇردى . جەڭچىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ ئۆزئۆزىنچە چا-
ۋاك چېلىشتى .
باتالىئونلار چېكىنىش بۇيرۇقىنى ئوبدان ئورۇنداپ ، چېكىنىشكە تەييار
بولدى . 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ماناس كۆۋرۈكىنىڭ غەربىدىكى
غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى پولك ئۆز مۇداپىئەسىدىن چېكىنىشكە باشلىـ
دى . دېگەندەك ئىككى يۈز مېتر ئارىلىقتا پوست قويۇپ ماڭدۇق . چېكىنگەن
قىسىملار 12 ـ كۈنى كەچتىن باشلاپ 13 ـ كۈنى ئەتىگەنگە قەدەر كونا شىـ
خەنزىدىكى جاڭزىلارغا توپلاندى . 13 ـ كۈنى سائەت ئونلاردا ماناس دەر-
ياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن گومىنداڭ تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىز تەرەپكە ئۆتۈپ
ئالدىنقى پوست ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ، كۆزدىن كەچۈردى . بىز تەرەپنىڭ
ۋەكىللىرى زۇنۇن تېيىپوپ ، ئايتىۋاروپ قاتارلىقلار دەريادىن ئۆتۈپ ، گومىنـ
داڭ تەرەپنىڭ ئالدىنقى پوست ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تەكشۈردى .
گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى ئىچىدە نۇسرەت شەھىدى باردەپ ئاڭـ
لىدىم . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىنقى پوستلارنى چېكىندۈرۈپ كەتكەنلىكى

ئىنقىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ھەربىي ھالەت— تىركىشىش ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈرۈمچى- ئىلى ئىك- كى تەرەپنىڭ يولى ئېچىلىپ بىرقانچە يىل توسۇلۇپ قالغان ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ يول راۋانلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن شىخەنزىدىن يولغا چىقىش

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە پۈتۈن قىسىملارغا يىغىلىش سىگنالى بېرىلدى . ھەرقايسى باتالىئونلار ئۆز ئورنىدا تېزلىكتە سەپ تارتىپ تەييار بولدى .

بىز پولك رەھبەرلىرى باتالىئونلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈردۇق . جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ، تېگىشلىك ئوق ۋە گراناتلارنى بەللىرىگە ئاسقانىدى . ھەربىر جەڭچىنىڭ دۈمبىسىدە بىردىن بوغچا بولۇپ ، ئۇنىڭغا يولدا كىيىدىغان بىردىن يەڭگىل زاپاس كۆڭلەك ، ئىشتان ، بىر قۇر نىپىز يازلىق گىمناستىيوركا ھەم يولغا زۆرۈر كېرەكلىك نەرسىلەر مەھكەم باغلۇۋېلىنغانىدى . بوغچىنىڭ بىر تەرىپىگە باكلاشكا ، بىر تەرىپىگە كاتىلوك (تاماق پىشۇرۇش ھەم يېيىش قاچىسى) ئېسىلغان ، ئىشقىلىپ ھەربىر جەڭچىنىڭ كۆتۈرگەن يۈكى مىلتىق ، ئوق دورىلىرى بىلەن يىگىرمە كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتەتتى . جەڭچىلەر بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ 7 ـ ئاينىڭ بەدەننى كۆيدۈرىدىغان تومۇزلىرىدا بەش يۈز ئاتمىش كىلومېتىرلىق يول 1100 يول (يۈز لى لۇ) ئۇزۇن مۇساپىنى پىيادە بېسىپ تاشيول ، چۆللۈك ، تاغ داۋانلارنى بېسىپ غۇلجا شەھرىگە بېرىشى كېرەك ئىدى . لېكىن بارلىق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر بەكمۇ خۇشال ۋە روھلۇق ئىدى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل غەيرەت ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى . پولك باشلىقلى-

رىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن مېڭىش بۇيرۇقى بېرىلدى. سىگنالچىنىڭ يولغا
چىقىش سىگنالى پۈتۈن كونا شىخەنزىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ھەممە روتا
كوماندىرلىرى ئالغا مارش دېگەن قوماندا بېرىلىشى بىلەن يولغا ئاتلاندى.

پۈتۈن پولك سەپ تارتىپ ئۆچتىن رەت بولۇشۇپ، ھەربىر باتالىئون،
ھەربىر روتا، ئىززۇوتلار مۇۋاپىق ئارىلىق قويۇپ، غۇلجا تاشيولىدا ھەيۋەت
سەپ تارتىپ غەربكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى تاشيول پۈتۈنلەي شې-
غىل بولۇپ، مېڭىشقا بەكمۇ ئەپسىز ئىدى. بۇ يوللار يامغۇر سۇلىرى بىلەن
ئويۇلۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەن، كاتاڭ، توپىلىق چاڭ بولسىمۇ بەلگىلىمە بويىچە
سائىتىگە تۆت- بەش كىلومېتىر يول يۈرۈش كېرەك ئىدى. قىسىم ساندىخوزى-
غا يېتىپ كەلدى. تۈنجى سەپەردە ھېچكىم ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. لېكىن
ئاققان تەر ۋە توپا- چاڭدىن جەڭچىلەرنىڭ چىرايلىرى، يۈز- كۆزلىرى ئا-
جايىپ كۈلكىلىك ھالەتكە كەلگەنىدى. يەنىسخەي ئورمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى
تاشيول ئۈستىگە كەلگەندە چوڭ دەم ئېلىش قىلىندى. ئوفىتسېر- جەڭچىلەر
تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا يېتىپ دەم ئېلىشتى. بۇ يەردىن جەڭچىلەرنىڭ
ئۆزلىرى تۇرغان گەملەر، ئۆز قوللىرى بىلەن كولىغان ئاكوپلار يىراق بولسى-
مۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق بۇ يەردىن ئورمانباغدىكى چىغىر يوللارنى
پەرق ئېتىش تەس ئىدى. چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان ئادەم ماڭمىغانلىقى ئۈ-
چۈن ئوت- چۆپلەر ئۆسۈپ يولنى يېپىۋالغانىدى. بەزى جەڭچىلەر ئورمانباغ-
قا قاراپ: «خوش ئورمانباغ، ئورمانباغدىكى چىغىر يوللار، سېنىڭ ئىللىق
قوينۇڭدا بىر كۈز، بىر قىش، بىر يازنى ئۆتكۈزدۇق. يازدا خۇش قىلغان
بولساڭ، قىشتا توڭلاتتىڭ، كۈزدە كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلدىڭ. قوينۇڭدىكى
زۇمرەتتەك تاتلىق، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرى-
دىغان بۇلاق سۇلىرىڭ، ئىسسىپ كەتسەك سايىدايدىغان قاراڭغۇ، بۈك-
باراقسان قارىياغاچ ۋە ھەر خىل دەل- دەرەخلىرىڭ، كۆڭلىمىز يېرىم بولسا
سايراپ كۆڭلىمىزنى ئېچىپ قويىدىغان مۇڭلۇق جاڭگال قۇشلىرىڭ، يالغۇز
ماڭساق تېنىتىپ قورقۇنچىقا سالىدىغان چىغىر يوللىرىڭ، بىز ئۈچۈن ئەڭ مەز-

زىلىك تائام بولغان ياۋا توشقانلىرىك بىلەن بىرنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئۆنـ
تۈلماس بىر خاتىرە قالدۇردۇق» دېگەنلەرنى كۆڭۈللىرىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئەنە شۇنداق ھېس- تۇيغۇلار بىلەن بۇ ئورماتـ
باغدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ- قاراپ ئالغا يۈرۈپ
كەتتى.

مانا ئەمدى ئوفىتسېر- جەڭچىلەر پۈتۈنلەي چۆللۈككە كىرىپ كېتىۋاتـ
دۇ. بۇ يەرلەر شۇنچىلىك قاقاس چۆللۈك ئىدىكى، يا سۇ، يا دەل- دەرەخ
يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشيول ئۈستىدە ماڭغاندا ئۇششاق شىغىل تاشلاردىن
چىققان ئىسسىق ئاياغ كىيىمدىن ئۆتۈپ، قىزىپ كەتكەن پۇتلارنى كۆيدۈرەتـ
تى. ئىسسىق تەپتىدىن، ھارغىنلىقتىن بەزىلەرنى ئۈگدەك بېسىپ كاتاڭلارغا
يىقىلاتتى. تاشلارغا پۇتلىشىپ كېتەتتى. تاشلار تاپانغا پېتىپ، ئىششىپ،
مېڭىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇراتتى. شىخوغا بارغىچە بولغان بۇ ئارىلىق يەتـ
مىش- سەكسەن كىلومېتىر بولۇپ ئارىدا قونمىسا يېتىپ بارغىلى بولمايتتى.
كېچە بىرئاز سالقىن بولغاچقا، كېچىدە مېڭىش بىر قەدەر ياخشى ئىدى. ھەر
ئون نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندا بىر قېتىم قىسقا دەم ئېلىنسىمۇ يەنىلا ئوفىتسېر-
جەڭچىلەر قاتتىق چارچاش، ھارغىنلىق ھېس قىلماقتا ئىدى.

شىخوغا قاراپ ماڭغان سەپەردە كۈيتۈڭگە يېقىن تاشيول ئۈستىدە توخـ
تاپ دەم ئېلىش قىلدۇق. ئوفىتسېر- جەڭچىلەر ئۆزلىرىنى تاشيولنىڭ ئىككى
تەرىپىگە ئېتىپ ياتتى ۋە تاشلىق ئۈستىدە ھېچنېمىنى سەزمەي بىردەمدىلا شىـ
رىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرى ھارغانلىقىغىمۇ قارىماستىن قازان ئېسىپ تاـ
ماققا تۇتۇش قىلدى. ئەتراپتىن بىرەر تال شاخ- شۇمبا، قورايمۇ تاپقىلى
بولمايتتى. ئۇلار ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىۋالغان ئوتۇنلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلاـ
دى. تاماقمۇ تەييار بولدى. چارچاپ كەتكەن كوماندىر- جەڭچىلەرگە تاـ
ماق يېيىشمۇ خۇش ياقمايتتى. ئۇيقۇدىن ھېچكىمنىڭ كەچكۈسى يوق ئىدى.
ئۇلار مىڭبىر تەسلىكتە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەسنەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇيقۇـ

سز هالدا تاماق قاچىلرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاشخانا ئەتراپىغا بىرىپ رەتكە تۇرۇپ ، تاماق قاچىسغا قورداق ۋە بىردىن گىردە نان ئىلىپ ، بەزىلەر يول ئۈستىدىلا ، بەزىلەر توغرا كەلگەن يەردىلا ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشتى . كۈن-دۈزى هاۋا قاتتىق ئىسسىغاچقا ، كىچىسى بەكمۇ تىنچىق بولاتتى . شۇنداق قىلىپ جەڭچىلەر تاماقلىرىنى يەپ بىر ئاز ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كىيىن يەنە يولغا چىقتى . كۈيتۈڭ دەرياسىغا كەلگەندە تاڭ سۈزۈلۈپ سۇبهى كۆتۈ-رۈلۈۋاتاتتى . تاڭ ئالدىدىكى جانغا هۇزۇر بىغىشلايدىغان مەيىن شامال ئا-دەمنىڭ ئۇيقۇسىنى ئىچىپ بىر ئاز سەگىتىپ قويدى . دەريادىن كىچىپ ئۆتۈش-كە توغرا كەلدى . ئەتىگەندە دەريانىڭ سۈيى بەك سوغۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇبهدىكى تاڭ شامىلى ئادەمنىڭ غولىنى قوراتتى . ئاياغلىرىنى تاش يارا قىلىۋەتكەن جەڭچىلەرنىڭ پۇتلىرى تۇز سەپكەندەك ئىچىشىپ ئاغرىيتتى . ئار-قا سەپ تەمىنات قىسىملىرى كۈيتۈڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ماڭدى . مۇنداق ماڭغاندا يول ئۇزىراپ كىتەتتى . شۇڭا قىسىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئايلىنىپ يۈرمەي دەريانى كىچىپ ئۆتتى . سۇدىن ئۆتۈشتە جەڭچىلەر بىر- بىرىنىڭ قولىرىنى تۇتۇشۇپ ئۆتۈشتى . پۈتۈن پولك سەپ تارتىپ دەريادىن ئۆتۈۋا-تاتتى . توساتتىنلا بىرىنچى روتا بىرىنچى ئىزۋوت جەڭچىسى هىمىت سىلىقلى-نىپ كەتكەن سۇ ئاستىدىكى تاشقا تىيىلىپ كىتىپ يىقىلدى . ئۇنىڭ قولى يول-داشلار قولىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنى سۇ ئىقتىپ كىتىۋاتاتتى . هىمىتنىڭ مۇ-رىسىدە ئىغىر يۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بىر چۆكۈپ- بىر لەيلەپ باراتتى . كو-ماندىر - جەڭچىلەر يۈگلاپ سۇدا ئىقىپ كىتىۋاتقان هىمىتكە قاراپ داڭقىتىپ قاراپلا تۇرۇشۇپ قىلىشتى . شۇئارىلىقتا ئايدۆڭلۈك سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان ئىككى جەڭچى ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتتى . سۇ ئىنتايىن تىز ئىقىۋاتاتتى . بۇ قەيسەر يىگىتلەر سۇ ئىقىمى بىلەن قەيسىرانە ئىلىشىپ هىمىتكە يىتىۋالدى ۋە ئۇنى تەسلىكتە قىرغاققا ئاچىقتى . بۇ ئارىدا پۈتۈن باتالىئوننىڭ كوماند-دىر - جەڭچىلىرى خۇددى قوماندا بەرگەندەك قورقۇنچ ئەندىشىسىدە ئۇلار-دىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى . بۇ ئىككى باتۇرنىڭ هىمىتنى قىرغاق-

قا ئاچقىقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇلار يېنىك نەپەس ئېلىشتى. جەڭچىلەر
چۇرقىرىشىپ قىرغاققا يېتىپ كەلگەندە ئىبراھىمجانلار ھىممەتنى دۈم قىلىپ ئىچـ
گە كىرىپ كەتكەن سۇنى چىقىرىش ئامالىنى قىلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن
ھىممەتنىڭ ئاغزىدىن ھەدەپ سۇ يانغىلى تۇردى. ئىبراھىمجان ئاغزىنى ھىممەت
نىڭ ئاغزىغا قويۇپ شورىۋىدى، يەنە ئازراق سۇ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ھىـ
ممەت بىر چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇـ
نىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. جەڭچىلەر ھايات - ماماتلىق ئوتتۇرىسىـ
دىكى جەڭچىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ھەيران بولۇشتى، بىر تەـ
رەپتىن قورقۇپمۇ قېلىشتى. بۇ ئىككى سەپداش ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچـ
رىشىغا قارىماي ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتمىغان بولسا، رەھىمسىز دەريا ھىممەتنى
يۇتۇپ كەتكەن بولاتتى.

جەڭچىلەر ھىممەتنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بىرنەچچىسى ھىممەتنىڭ
كىيىملىرىنى يەشكۈزۈپ سىقىشىپ، ئۇنى چىرايلىق يۆگەپ ئۆزىنىڭ تېڭىقلىرىغا
قوشۇۋالدى ۋە يېڭى كىيىملەرنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى. ئوبدانلا ئەكسىگە كەلـ
گەن ھىممەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دەسلەپتە سەل سەنتۈرۈلدى-دە، كېيىن
ئەتراپىدىكى جەڭچى سەپداشلىرىغا ھەربىيچە سالام بېرىۋېتىپ رەھمەت ئېيتتى-
دە، ئۆزىنىڭ روتىسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. قاراپ تۇرغانلار پاراقىقىدە كۈـ
لۈشۈپ كەتتى. ھىممەت كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرـ
غان ئىبراھىمجاننى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ: «رەھمەت
سىزگە، ئىبراھىمجان ئاكا، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىككىنچى ھايات
بەردىڭلار» دېدى-دە ئىبراھىمجاننى مەھكەم قۇچاقلىدى. كوماندىر - جەڭـ
چىلەر خاتىرجەم ھالدا ئۆز روتىسىغا كىلىپ سەپ بولۇپ سەپەرگە ئاتلاندى.
ھىممەت قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ چىرايى خېلىلا سارغايغانىدى.

قىسقىم سائەت ئون ئىككىلەردە شىخونىڭ غەربىدىكى تىرەكلىك جاي گەنـ
خېزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر دېھقانلارنىڭ ئېكىنلىكى بولۇپ، بۇغداي،
قوناق، بىدە قاتارلىق نەرسىلەر تېرىلغانىدى. ئېتىز ئەتراپى بولسا ئەشتەرـ



www.uyghurkitap.com

خان تېرەكلىك بولۇپ ، كۈن خېلىلا ئىسسىق بولسىمۇ بۇ تېرەكلىكنىڭ ئاستى خېلى سالقىن ئىدى . ھەرقايسى قىسىملارغا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىـرىگە زىيان سالماسلىقنى ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى ئۇقتۇردۇق . لېـكىن ئايرىم جەڭچىلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ مەھەللە ئەتراپىدىكى ياۋا كەپتەرلەرنى ئېتىپ مەھەللىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويـدى . بۇنى ئاڭلاپ مەن دەرھال ئوق چىقارغان روتىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكـشۈرتۈپ ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان جەڭچىلەرنى روتا ئالدىدا قاتتىق تەنـقىد قىلدۇق . بەزى بەڭباشلىرىنى پۈتۈن روتىلارنىڭ ئالدىدا ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلدۇق .

پولك بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە غەربكە قاراپ يولغا چىقتى . يولغا چىقىش ۋاقتىدا بىرىنچى باتالىئوندىكى يېشى چوڭراق پېشقەدەم جەڭـچىلەردىن ئابدۇرېھىم (بولشېۋىك) ، ئوسمان (ياڭدۇزا) ، ئابدۇل (توڭگۇز) قاتارلىقلار ئارقا سەپ باشلىقلىرى بىلەن ئاياغ كىيىم ھەققىدە غوۋغا چىقارـدى . بۇلار «ئاياغلىرىمىز يىرتىلىپ ، پۇتلىرىمىز چىقىپ قالدى . بىزگە ئىككى قۇر بەتىنكە ئالماشتۇرۇپ بېرىڭلار» دېگەن تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تۇرۇۋاپـتۇ . چۈنكى بۇلارنىڭ كىيگەن ئاياغلىرى كونا بولغاچقا ، ئاياغلىرىنىڭ يان ۋە تاپان تەرىپى تېشىلىپ ، شېغىللار كىرىپ پۇتلىرىنى غاجاپ كەتكەنىدى . كۈننىڭ ئىسسىقىدا بۇنداق جاراھەت بىلەن تاشيولدا مېڭىشمۇ تەس ئىدى . بۇ جەڭچىلەرنىڭ باشلىقلارنىڭ «ھازىر ئارقا سەپتە ئىككى قۇردىن زاپاس بەتىنكە يوق . ئارقا سەپ جىڭغا بارغىچە ئارقىمىزدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ، غەيرەت قىلىڭلار» دېگەن گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي جېدەل قىلىشىۋاتاتتى . تۇيۇقسىزلا مەن بېرىپ قالدىم ـ دە ، بۇ ئۈچىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىچە تىكىلىپ قارىدىم . ھەقىقەتەنمۇ بۇلارـنىڭ پۇتلىرى ئېچىلىپ يارا بولۇپ كەتكەنىدى . بۇ ئەينى ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىدى . ۋۇجۇدۇمدىكى ھېلىقى ئاچچىق شۇ ھامان نەلەرگىدۇر تارقىـلىپ كەتكەنىدى . مەن جەڭچىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش ، مېھرىبانلىق ھېسسىياتىم

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئابدۇللامنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدىم:
«راست، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، پۇتۇڭلار ھەقىقەتەن جاراھەتلىنىپ كېتىپتۇ،
قانداقمۇ ماڭغانسىلەر، كۆرمەي تۇرۇپ ھەرنېمە دەپتىمەن، سىلەرگە ئىچىم
سىيرىلىۋاتىدۇ. ئىسىت، ئەگەر مېنىڭ ئايىغىم سىلەرگە توغرا كەلگەن بولسا
ھازىرلا يېشىپ پۇتۇڭلارغا كىيدۈرۈپ قويۇپ ئۆزۈم يالىڭاياغ مېڭىشقا زارى
ئىدىم. بىراق ئامال يوق، بۇ روتا ـ ئىزۋوت كوماندىرلىرىنى خىجىل قىلىپ
جېدەل قىلىساڭلار، ئارقا سەپتە زاپاس ئىككى قۇر تۇرماق بىر قۇرمۇ ئاياغ
بولمىسا، بۇلارنىڭ نېمە ئامالى، ئەگەر ئاياغ بولغان بولسا بۇلارمۇ سىلەر-
نى بۇنچىلىك قاقشاتمىغان بولاتتى. ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بۇلارمۇ
خىجىل، مەنمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. راست، سىلەر ئىككى يىلدىن بۇيان
ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تارتتىڭلار. مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى-
نىڭ ئىچىدە ئۆلۈمدىن قورقماي قان كېچىپ كۈرەش قىلدۇق، قاراڭغۇ ئور-
مانلاردا، سوغۇق گەملەردە مۇزلاپ تىترەپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ
مۇداپىئەدە تۇردۇق. ئاق قار، كۆك مۇزلاردا دۈم يېتىپ، دۈم قوپتۇق. نۇر-
غۇن سەپداشلىرىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدۇق، شۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چى-
دىغان قەيسەر جەڭچىلەر ئەمدى جىڭغا بارغىچە غەيرەت قىلمامسىلەر؟ ئۆ-
زۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار، شۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۇرۇش يىللىرىنى بىر تۇغ-
قان قېرىنداشنەك ئىناق ئۆتكۈزۈپ، ئەمدىلىكتە كىچىككىنە نەرسە ئۈچۈن جې-
دەل قىلىساڭلار بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز بار. يىگىتلەر، غەيرەت قىلايلى»
دەپ، باتالىيون كوماندىرىغا بۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى دەرھال ياماتىپ بېرىشنى
تاپىلاپ، ئۈچىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن كېتىپ
قالدىم. بۇ ئۈچ جەڭچى ئىنتايىن خىجالەتچىلىكتە قاپتۇ. شۇ ھامان روتىنىڭ
موزدۇزلىرىمۇ ئاياغلارنى ياماپ تەييار قىلغانىدى. بۇ چاغدا پولك يولغا
چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن پۈتۈن پولك تاشيولغا چىقىپ
يۈرۈپ كەتتى. شتاب باشلىقىنىڭ سۆزى ھەممىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگە-
نىدى.

# چىگشور[1] دىكى يامغۇرلۇق كېچە

پولك تاشيول بىلەن غەربكە يول ئالدى. بۇ قېتىمقى يول سەپىرى تېخىمۇ جاپالىق بولدى.

بۇ قاقاس چۆل - جەزىرىلەردە سۇ يوق ئىدى. ئۇسسۇزلۇق جاننى قىيىنايتتى. كالپۇكلار قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن، قوللار توپا - چاڭ ۋە ئىسسىق شامالدا يېرىلىپ بەدەنلىرىگىزنى تۇتسىڭىز، خۇددى سۈپۈرگىنىڭ كۆتىكىدە تاتىلىغاندەك يىرىكلىشىپ كەتكەنىدى. قىسىملار چۈشتە پۇرتاجى دېگەن يەرگە كېلىپ قىسقا دەم ئالدى. پۈتۈن قىسىم دەم ئېلىپ جەڭچىلەر تاشيولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېرىقتا يانپاشلاپ ياتتى. چارچاش ۋە ئىسسىق جەڭچىلەرنى كۈندىن - كۈنگە ھالسىزلاندۇرۇپ قويغانىدى. دەم ئالغاندا جەڭچىلەرنىڭ نامۇ يېگۈسى كەلمەيتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ سۇ قاچىسىدىكى سۇدىن بىرقانچە يۇتۇم ئىچىشىپ يېرىلغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇشۇپ، پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇشۇپ يېتىۋالاتتى. قىسقا دەم ئېلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقىش سىگنالى چېلىندى. جەڭچىلەر شۇنداق تەسلىكتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سەپكە تىزىلدى. بەزىلەر ئۆزىچە غودۇڭشىپ بۇنداق تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئۇزۇن يول يۈرۈشتىن زارلىناتتى. ئۇلارغا بىر - بىرىگە قاراپ گەپ قىلىشمۇ خۇش ياقمايتتى. قىسىم گۇگۇم چۈشكەندە چىگشورغا يېتىپ كەلدى. چىگشورغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ ھەممە تەرەپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى. چىگشوردا ھېچقانداق پۇقرا يوق ئىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى يولغا قارايدىغان يولغا قارىغۇچىلار ئولتۇرىدىغان بىرنەچچە ئېغىز كونا تام ئۆي بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دۈشمەننىڭ كۆۋرۈك بېشىغا ياسىغان بىر - ئىككى پوتەيلىرىمۇ بار ئىدى. چىگشور دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلۇغ ئېقىۋاتاتتى. قىسىملار بۇ يەردە توختاپ دالادا قونالغۇغا

① چىگشور -- يەتتە ياغاچ مەنىسىدە.

چۈشتى. ھېلىقى بىرنەچچە ئىغىز تام ئۆيلەرگە پولك باشلىقلىرى ئورۇنلاشتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز باتالئونلىرى بىلەن ياتماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. شۇنداق قاتتىق يەردە نېپىز يېپىنچىلارنى يېپىپ ئېشىشقا تەييارلاندى. يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. دالدا قىلغۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. بارغانسىرى يامغۇر ئىتتىكلەپ، شارقىراپ ياغقىلى تۇردى. بىرىنچى باتالئون شتابى قارىياغاچنى دالدا قىلىپ شۇنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتى، باتالئون شتابى بولسا قارىياغاچ دالدىسىغا يېرىم- يارتا پاناھلاندى. لېكىن بۇ قارىياغاچمۇ جەڭچىلەر ئۈچۈن پاناھ بولالمايۋاتاتتى. يامغۇر بارغانسېرى قاتتىق يېغىۋەردى. جەڭچىلەرنىڭ پۈتۈن كىيىم- كېچەكلىرى چۆپ- چۆپ ھۆل بولۇپ كەتتى. بەزى روتىنىڭ بىر قىسىم جەڭچىلىرى باتالئون شتاب يېنىغا كېلىپ قارىياغاچ ئاستىدا يىغىلىشىپ كوماندىرلار بىلەن بىرلىكتە پۇت- قوللىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇشۇۋالدى.

ئارىلاپ- ئارىلاپ شۇنداق قاتتىق چاقماق چاقاتتىكى، ئۇنىڭ يورۇتۇۋەتكەن يورۇقىدا جەڭچىلەر بىر- بىرىنىڭ تۇرقىنى بىمالال كۆرەلەيتتى. جەڭچىلەرنىڭ بۇ چاغدىكى تۇرقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن كۆڭلى بىئارام بولاتتى. ھەممىنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ ھۆلچىلىك دەستىدە ھەممىسى شۈمشىيىپ زوڭ ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالغانىدى. باشقا قىسىملار بىر- بىرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇشۇپ زوڭزايغان ھالدا دۈگدەرىشىپ ئولتۇراتتى. بۇنداق قاتتىق يامغۇردا كىممۇ ئۇخلىيالىسۇن. ئاخىرى بولماي بىرىنچى باتالئون شتابى تۇرغان قارىياغاچ ئاستىدا جەڭچىلەر، باتالئون بىرىنچى روتىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى غۇژمەك بولۇپ پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار بىر ياقىتىن يامغۇرنىڭ ئازابىنى تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر جەڭچى: «يولداش كومبات، چېگىشورنىڭ كۆۋرۈكى خېلى چوڭ ھەم ئۇزۇن ئىكەن، بۇ كۆۋرۈكنى قاچان، كىملەر بۇزۇۋەتكەن؟» دەپ سورىدى. كوماندىر باتالئون تەمكىنلىك بىلەن بۇنىڭ بۇزۇلۇش جەريانىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

# چىگىشور كۆۋرۈكىنىڭ پارتلىتىلىشى

1945 - يىلى 5 - ئايلاردا ، ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلار قوماندانلىق شتا-
بى بايچۈرىن (تاتار) باشچىلىقىدا ئاتمىش بەش كىشىلىك پارتىزانلار چوڭ
ئەترىتىنى تەشكىللىدى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىلقا تاغلىق رايونلىرىدىن ئۆ-
تۈپ شىخو بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى چىگىشور كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ ،
گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى
ئۈزۈپ تاشلاش ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قى-
لىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئىدى. پارتىزانلار ئىككى كىچىك
ئەترەتكە بۆلۈندى. ھەربىر كىچىك ئەترەتتە تاللانغان جەڭچىلەردىن ئوتتۇز-
غا يېقىن بولۇپ ، بۇ كىچىك ئەترەتلەرگە نائىل (تاتار) يېتەكچىلىك قىلاتتى.
چوڭ ئەترەتكە بايچۈرىن ئۆزى رەھبەرلىك قىلىپ ، چوڭ ئەترەتنىڭ كاتىپلىقىغا
ئورازبېك (قازاق) بەلگىلەندى. يەنە تۇرسۇن سەيدەخمەتمۇ بۇ پارتىزانلار
ئىچىدە بىر كىچىك ئەترەتكە باشلىق ئىدى. بايچۈرىن باشچىلىقىدىكى بۇ
پارتىزانلار خېلى بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن 1945 - يىل 6 -
ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدىن چىقىش ئۈچۈن ياخشى
ئاتلارنى تاللاپ بىرقانچە يېتەك ئاتنى زاپاس ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار
بىرقانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن ، قىش - ياز ، قار - مۇز كەتمەيدىغان مۇز-
داۋان ، زىكىر ، ئارسلان ، مۇسۇن قاتارلىق داۋانلاردىن ئۆتتى. بۇ دا-
ۋانلار ئېگىز ھەم قار قېلىن بولۇپ ، بەزى جايلار چوڭقۇر ھاڭ ئىدى. تاغ
باغرى بويلاپ يول يۈرۈشمۇ قىيىن ، ئاتلار مۇزدا تېيىلىپ كەتسە ھاڭغا چۈ-
شۈپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى جايلاردىن ماڭغاندا ئاتتا ئولتۇرۇش
ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق
جايلاردا پارتىزانلار ئاتتىن چۈشۈپ يېتىلەپ پىيادە ئاۋايلاپ ماڭاتتى. 6 -
ئايلاردا تاغنىڭ چوققىسىدا قېلىن قارلار ئېرىمىگەن بولغاچقا ، پارتىزانلار
پۇتلىرىغا پىيما ، ئۈچىسىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق سانسان جۇۋا كىي-

ۋالغان، بويۇن ۋە مۈرىلىرىگە ئېسىۋالغان ئاپتومات، مىلتىق، ئوق، دورىلار بارئىدى. كۆتۈرۈۋالغان يۈكلىرى ئېغىر بولغاچقا، بۇ قېتىن قاردا پىيادە مې-ڭىش بەكمۇ تەس ئىدى، كۆلتۈك قار تىزىغىچە كېلەتتى. سوغۇقتىن بەزىلەر-نىڭ قۇلاقلىرى ئۈششۈپ قاپقارا بولۇپ قالغان، بەزىلەر بەك توڭلاپ كېتىپ ئېغىزلىرى قولاشماي، گەپ قىلالماي قالغانىدى. ئۇلار 1945 - يىل 6 - ئاي-نىڭ 15 - كۈنى شىخو تەرەپكە ئاشىدىغان سارغازى دېگەن داۋانغا يېتىپ كې-لىدۇ. ئۇلار سارغازىدىن شىخوغا ئاشىدىغان ئېغىز بىلەن سارغازىدىن نىلقى-غا ئاشىدىغان چاغاتاي دېگەن داۋاندا دۈشمەن بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. پارتىزانلار ئۈچ - تۆت رازۋېتچىكنى ئالدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەت-دۇ. پارتىزانلارنىڭ رازۋېت گۇرۇپپىسى ئەھۋالنى ئىگىلەپ كەلگەندىن كېيىن پارتىزانلار باشلىقى بايچۈرىنغا دوكلات قىلىدۇ. چاغاتاي داۋىنى ئۈستىدە دۈشمەننىڭ ئىككى يەن ئەسكىرى، بىر دانە پوتىيى بار ئىكەن. پوتەينىڭ ئاستىدا ئەللىك مېتىر دائىرىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرار ئۆيلىرى بو-لۇپ، ئۇلار ساپ ياغاچتىن ياسالغانىكەن، دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى شۇ يەر-دە تۇرىدىكەن. شۇ ئۆيلەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياغاچتىن ياسالغان بىر ئات قورۇسى بولۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرى شۇ قورۇغا سولاپ قويۇل-دىكەن. قورۇدىن ئىككى يۈز مېتىر يىراقتا چارۋىچى قازاقلارنىڭ، موڭغۇللار-نىڭ تارقاق تام ۋە ياغاچ ئۆيلىرى بار ئىكەن. بايچۈرىن دوكلاتنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن: «بىز كۈندۈزى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدۇق. بۇنداق قىلغاندا دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ قويىدىكەنمىز. بىز ئەمدى سەھەردە، يەنى سۈبھى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى باشلايمىز. بىرىنچى ئەترەت ئالدىن بېرىپ، داۋاننى ساقلاپ تۇرغان پوتەيـ-دىكى پوستلارنى ئۆجۈقتۇرۇپ، ئاندىن ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان دۈشمەنگە تۇ-يۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇۋەت-كىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىرىنچى ئەترەت باشلىقى نائىل ئۆز ئەترىتىنىڭ ئىشلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇردى. بىرىنچى

گۈرۈپپا سۇبھى كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن داۋان ئۈستىگە چىقىدۇ. ئىككى جەڭچى
پوتەيدىكى پوستلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى، ئىككى جەڭچى ئات باقارنى
جايلىۋېتىپ، ئاتلارنى يەم بىلەن قورۇدىن چىقىرىۋېتىش ۋە دۈشمەننىڭ ئات-
لىق قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. پارتىزانلار ھە-
رىكەتلەنگەندە ئاي قاراڭغۇسى ئىكەن، ئالدىن بېكىتىلگەن تۆت جەڭچى
چاققانلىق بىلەن يولغا چىقىدۇ، بۇلار ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ھېچقان-
داق قارشىلىقسىزلا پوتەيگە يېقىن يېتىپ كېلىۋالىدۇ. بۇلار پوتەينىڭ تۆشۈك-
دىن ئاستا سەپسېلىپ قاراپ پوتەيدىكى ئىككى پوستنى ھەم ئىككىسىنىڭ بىر-
دىن پىلموتنىڭ يېنىدا جۇۋىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ خاتىرجەم خورەك تارتىپ
ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە ئادەمزات ئاز كېلىدىغان بۇ
مۇز داۋانغا ئىلى پارتىزانلىرى ئاسانلىقچە كېلەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار بەخىرامان ئۇخلاۋەرگەن. ئايۇپ بىلەن سەمەت دېگەن ئىككى جەڭچى
چاققانلىق بىلەن ئىككى پوستنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۇرۇشىغىلا دۈشمەن قورۇسى
تەرەپتە ئىتلارنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ھەم ئاتلارنىڭ كىشنەشكەن ئاۋازى ئاڭلى-
نىپ قالىدۇ. ئۇلار پوستلارنىڭ قولىدىكى پىلموتنى ئېلىپ دۈشمەن قورۇسىنى
قاتتىق ئوققا تۇتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىرىنچى ئەترەت بىلەن ئىككىنچى ئەترەتنىڭ
پارتىزانلىرىمۇ كېلىپ بولىدۇ. ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان دۈشمەنلەرنىڭ ھەم-
مىسى يەر چىشلەيدۇ. ئون بەش مىنۇت داۋام قىلغان قاتتىق ئېلىشىشتىن كې-
يىن، پەقەت دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ-تۆتىلا قېچىشقا ئۈلگۈرەلىگەن.
دۈشمەننىڭ ئون تۆت ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ئون يەتتە دانە مىلتىق، ئىككى
دانە پىلموت، ئون ئالتىگە يېقىن ئاتنى غەنىيمەت ئالغان پارتىزانلار بۇ ئىك-
كى داۋاننى تېزلا ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ سارغازى داۋىنى كەڭرى كەتكەن
يايلاق بولۇپ، داۋان ئاستىدا موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلارنىڭ تام ئۆيلىرى
بار ئىدى. پارتىزانلار ئىككى داۋاننى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننى يوقىتىپ بۇ
يەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلار
ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق تام ئۆيلىرىگە

ئورۇنلاشتۇرغان. مال سويۇپ مېھمان قىلغان. پارتىزانلار چارۋىچىلار بىلەن ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن. چارۋىچىلار پارتىزانلارنىڭ ھېرىپ قالغان ئورۇق ئاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سېمىز ياخشى ئاتلىرىغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن. پارتىزانلار بۇ جايدا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ يەرلىك خەلقلەر ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ چىگىشور كۆۋرۈكىنى قانچىلىك دۈشمەن ساقلايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قورال كۈچى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئۇققان.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا كۆۋرۈكنى بىر بەن ئەسكەر ساقلايدىكەن. دۈشمەننىڭ قالغان بىر لىيەن ئەسكىرى كۆۋرۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆۋرۈكتىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاڭزىلاردا تۇرىدىكەن.

بۇ ئەھۋالنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەلنىڭ ئاقساقىلىغا چىگىشوردا تۇرۇشلۇق چېرىكلەرنىڭ بىر كىچىك باشلىقى سۆزلەپ بەرگەنىكەن. پارتىزانلار دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چىگىشور كۆۋرۈكىنى پارتىلىتىش پىلانىنى تۈزىدۇ. بىر ئەترەت دەريانىڭ يۇقىرىسىنى ئايلىنىپ، دۈشمەننىڭ جىڭ، شىخو بىلەن ئالاقىلىشىدىغان تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلاپ، كۆۋرۈكنىڭ شىمالىدىن بىر كىلومېتىر يىراقتىكى جاڭزىغا — دۈشمەن روتىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەم دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ، گاڭگىرىتىپ قويۇش، يەنە بىر ئەترەت كۆۋرۈككە قاراپ مېڭىپ ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان بىر بەن ئەسكەرنى يوقىتىپ دەرھال كۆۋرۈك ئاستىغا مىنا قويۇپ كۆۋرۈكنى ئىككى- ئۈچ يەردىن پارتىلىتىپ تاشلاش، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسنى كېچىسى ئېلىپ بېرىش، سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، يەرگە يورۇق چۈشۈشتىن بۇرۇن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇش، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كەلگەن يول بىلەن ئۇدۇل تاغقا قاراپ چېكىنىش لازىملىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا بىرىنچى ئەترەت بەلگىلىمە بويىچە كۆۋرۈكنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جاڭزىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئىككىنچى ئەترەت شەرق تەرەپتىن يارنى بويلاپ كۆۋرۈككە قاراپ ماڭىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئالدى بىلەن ئىككىنچى ئەترەت كۆۋرۈك يېنىغا يېتىپ كېلىدۇ.
كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقانلار راستىنلا بىر بەن ئەسكەر ئىكەن. كۆۋرۈكنىڭ بېشى-
دا ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىپ پوستتا تۇرغان چېرىكنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى
جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، پارتىزانلاردىن ئۈچ نەپەر كىشى كۆۋرۈك بېشىغا
ئۆملەپ بېرىپ چېرىكنى ئارقىدىن پىچاق ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا
دۈشمەن ئەسكەرلىرى قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. پارتىزانلاردىن قالغان ئالتە
كىشى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كۆۋرۈك ئاستىدىكى ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە پارتلاتقۇچ
دورىنى قويۇپ، پىلتىنى ياقىدۇ. قالغان پارتىزانلار كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ
ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بىر بەن ئەسكەرگە ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇرىدۇ. بىرىنچى
ئەترەت دۈشمەن لېيەنى تۇرغان جاڭزىغا يېقىن بېرىپ رازۋېت قىلىدۇ. بۇ
جاڭزىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ يوغان قورۇغا ئاتلىرىنى باغلىشىپ قو-
يۇپ ئۆزلىرى بەخىرامان ئۇيقۇدا ئىكەن. پارتىزانلاردىن بىرى تۇيۇقسىز يا-
غاچقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىدۇ- دە، جاڭزىدىكى ئىت قاتتىق ھاۋشىپ كەت-
كەچكە دۈشمەن ئەسكەرلىرى سېزىپ قالىدۇ. پوستتا تۇرغان دۈشمەن ئەسكە-
رى ئالدىن ئوق چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئويغىنىپ كې-
تىپ، ئىككى تەرەپ بىر سائەتكە يېقىن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. دۈشمەن جاڭزا ئى-
چىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ قارشىلىق قىلىدۇ. بۇنداق پاتپاراقچىلىقتا دۈشمەن
ئاتلىرى ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاتلارنىڭ قېچىشى بىلەن تەڭلا كۆۋرۈك
پارتلاپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پۈتۈن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. دې-
مەك، كۆۋرۈكنى پارتلىتىش ئەترىتى ۋەزىپىنى دېگەن مۇددەتتە ئوڭۇشلۇق ۋە
غەلىبىلىك ئورۇنداپ بولىدۇ.

بىرىنچى ئەترەت بۇ يەردە بىرەر سائەت قاتتىق ئېتىشىپ بىرقانچە دۈش-
مەننى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ، ئاتلىرىدىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. قالغان ئاتلار ئوق
ئاۋازىدىن ئۈركۈشۈپ تەرەپ- تەرەپلەرگە پىتىراپ كەتكەنىدى. تاڭ ئېتىشى
بىلەن ئەترەت بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن تاغقا قاراپ چېكىنىدۇ.
دۈشمەنلەر ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، پارتىزانلارنىڭ كەينىدىن پىيادە

قوغلىغان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى پارتىزانلار ئاللىقاچان تاغ تەرەپكە چىقىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. پارتىزانلارنىڭ قىسىمـ قى ئېلىشىشتا دۈشمەن ئەسكىرىدىن ئون نەچچىنى يەر چىشلىتىدۇ. جىك بىـ لەن شىخو ئارىلىقىدىكى تېلېفون سىملارنى بىرنەچچە يېرىدىن ئۈزۈپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە دۈشمەن شىخو بىلەن جىك ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشەلمەي پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ قەھرىمان ئەزىمەتلەرنىڭ 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردىكى بۇ خىل باتۇـ رانە ھەرىكىتىدىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياخشى ۋەـ زىيەت يارىتىپ بېرىلگەنىدى. ئۇز ۋاقىتتا جىڭدا دۈشمەننىڭ ئۈچ مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەرگە گومىنداڭنىڭ گېنېرال مايورى گوچى دېـ گەن كىشى قوماندانلىق قىلغان. شىخودىمۇ دۈشمەننىڭ تۆت مىڭدەك ئەسكەـ رى بار ئىدى. ئەگەر جىڭغا ھۇجۇم قىلساق، شىخودىن دۈشمەن دەرھال ئەسـ كەر يۆتكەپ جىڭغا ياردەم بېرىپ، بىزنىڭ جىڭنى ئازاد قىلىشىمىزغا زور توسـ قۇنلۇق قىلاتتى. كۆرۈۋېلىنىڭ پارتىلىشى جىڭدىكى دۈشمەننىڭ شىخودىن كېلىدىغان زور ياردەم كۈچىنى ئۈزۈپ قويغان.

جىك دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى يېڭىلمەس قورغان دەپ ئاتالغان مۇستەھكەم جايى ئىدى. شۇڭا مىللىي ئارمىيە قوماندانى جىڭغا ھۇجۇم قىـ لىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا شىخوغىمۇ بىر ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى ئورـ ۇنلاشتۇرغانىدى. شىخو ئۇرۇشىغا سۇيدۇڭ پىيادە بىرىنچى پولك قاتارلىق قېرىنداش قىسىملار بورتالا، قىزىلتۇر ئارقىلىق كېلىپ چېپىيزىنى ئازاد قىـ لىش، چېپىيزىدىن شىخونىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئۆتۈپ شىخونىڭ قارادۆڭ تەـ رىپىدىن ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەنگەنىدى.

قوماندانىڭ مۇشۇنداق ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قىلىش پىلانى پۇختا بولغانلىقى ئۈچۈن بىز جىك ۋە شىخودىكى دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېـ رىپ، جىك بىلەن شىخونى تېزلا ئازاد قىلدۇق.

كومبات سۆزىنى تۈگەتتى. جەڭچىلەر كومباتقا رەھمەت ئېيتتى. ئاڭغىچە

www.uyghurkitap.com

يامغۇرمۇ ئاستا ـ ئاستا توختىدى. تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى. كۆۋرۈكنى يارتىلتىش ئەھۋالىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتلاردىكى يارتىزانلارنىڭ تارتقان قىيىنچىلىقلىرىغا قارىغاندا، بىز-نىڭ يول ئۈستىدە تارتقان مۇشەققەتلىرىمىز ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن دېگەن ھېسسىيات ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇشۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئەتراپتىن لاي توپىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا مۇشۇ جەڭچى-لەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى ئاغ-رىغان بولاتتى. زوڭزىيىپ لايدا ئولتۇرغان، ئاستىدىن يامغۇر سۈيى سىرغىپ ئېقىۋاتقان، مۈرىلىرىدە قورال، بەزىلىرى قولىدىكى مىلتىقىغا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالى چېلىندى. بۇ چاغدا تاڭمۇ ئېتىپ كۈن شەرقتىن قىزىرىپ چىقىۋاتقانىدى. ھەممە باتالىئون، روتىلاردىكى جەڭچىلەر يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سىقىشقا باشلىدى. بۇ تىمىدىكى ئىقسىگىز خۇددى ياتقاقتىن سۈزۈۋېلىپ سىققاندەك كۆرۈنەتتى. بىر تەرەپتىن ئارقا سەپتىكىلەر قازانلىرىنى ئېلىپ چاي قاينىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ياسىغان ئوچاقلىرىدىن قويۇق قارامتۇل ئىس چىقاتتى. چۈنكى كېچە ياغقان يامغۇر ئوتۇن ـ ياغاچلارنى ھۆل قىلىۋەتكەن، كۆيۈۋاتقان ئوت كىس ـ كىس قىلىپ قۇرۇقلا ئىس چىقىراتت-تى. قازان بېشىدا يۈرگەنلەر ئوتنى كۆيدۈرەلمەي يامغۇرنى قارغايتتى. بە-زىلەر بولسا غىزدىراپ بە ئەتتا قانداقمۇ چاي قايناتقىلى بولار، بىچارە جەڭچىلەرنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ يامغۇر سۈيى ئۈستخانلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى، دەيتتى. شۇ ئارىدا مەن روتىلارنى ئارىلاپ بۇ يەردىكى ئوچاق بې-شىغا كېلىپ قالغانىدىم، ئەھۋالنى كۆردۈم ـ دە ئاشپەزلەرگە چاينى بىر ئا-مال قىلىپ قاينىتىپ جەڭچىلەرنى تېزرەك غىزالاندۇرۇشنى دېدىم ـ دە تېز كې-تىپ قالدىم. مەن كەتكەندىن كېيىن ئاشپەزلەر دەرھال ئوچىسىدىكى كىيىمنى سېلىپ ئىككى قاتلاپ تۇرۇپ ئوتنى يەلپۈشكە باشلىدى. شۇ ھامان پولك

دوختۇرلىرىمۇ پەيدا بولۇپ روتىلارنى ئارىلاپ كەچنىكى يامغۇردا زۇكامداپ قالغانلارنى تەكشۈرۈپ ئۇلارغا دورا ئىچۈرۈپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئەتىگەننىڭ سوغۇقىدا چىرايلىرى كۆكىرىپ تىترەۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن روتىلار بويىچە تاماققا ئولتۇرۇشتى. جەڭچىلەر بولكا، نانلار بىلەن ئىسسىق چاينى قانغۇدەك ئىچىپ بىردەمدىلا پۇت- قوللىرىغا جان كىرىپ چىرايلىرىغا قان يۈگۈردى. شۇنداق قىلىپ تاڭ ئېتىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن قىسىم يەنە رەتكە تىزىلىپ چىگىشور دەرياسىدىن ئۆتۈشكە تەييارلاندى. جەڭچىلەر رەتلىك تىزىلىپ سۇدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. قىسىم ساق- سالامەت دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە كۈنمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ چاشكاھ ۋاقتى بولغانىدى. بىردىنلا كۈن يەنە قىزىشقا باشلىدى، كوماندىر- جەڭچىلەر غەربكە قاراپ تاشيول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

يىراقتا تاللىقنىڭ بۈك— باراقسان قويۇق بوستانلىقى خۇددى بىر چوڭ شەھەرگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئۆتەڭ بولۇپ ئۇ يەردە تاشيولغا قارايدىغان داۋبەنلەر تۇرۇشلۇق بىرنەچچە كونا تام ئۆيلەر بار ئىدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان ماشىنىلار بۇ يەردە توختاپ ئۆتەتتى. بۇ ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلغا بۇغداي توشۇيدىغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆتەك ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ بىرنەچچە كۈن قونۇپ، ئاتلىرىنى دەم ئالغۇزۇپ ھاردۇق چىقىرىپ ماڭىدىغان چوڭراق ئۆتەڭنىڭ بىرى ئىدى. قىسىملار ھېرىپ- چارچاپ كەچتە دېگۈدەك بۇ تاللىققا يېتىپ كەلدى. ئاخشامقى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى كۈننىڭ ئىسسىقىدا قۇرۇلۇپ تەر بىلەن قوشۇلۇپ شور ئۆرلەپ كەتكەن، بەزىلەرنىڭ گىمناستيۇركىسىنىڭ ياقىسى بويۇنلىرىنى غاجاپ قىزارتىۋەتكەنىدى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئاياغلىرى يىرتىلىپ پۇتىنىڭ جاراھەت بولغان يەرلىرىنى ئاخشامقى يامغۇر سۈيى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭچىلەرنىڭ يەلكىلىرىنى مىلتىق سۈركىلىۋېرىپ قىزارتىۋەتكەن، بەزىلەرنىڭ مۈرىسىنى قورالنىڭ تاسمىلىرى قىيىپ قامچىنىڭ ئىزناسىدەك قىزارتىۋەتكەنىدى. تۈنۈگۈنكى يامغۇردا سوغۇق تەگكەن جەڭـ

چىلەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىرراق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پولك باشلىقلىرى مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قىسمىنىڭ تاللىقتا ئىككى كۈن دەم ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئالدى بىلەن ھەربىر روتا ۋە خوجىلىق باشقۇرغۇچىلارغا دەم ئېلىش جەريانىدا جەڭچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ كۈندە ئىككى قېتىم گۆش شورپا قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى ھەم دەم ئېلىش جەريانىدا كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ يىرتىلغان ئاياغ - كىيىملىرىنى ياماپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ئالماشتۇرۇۋېلىش، سەپەر ئۈستىدە پۇتلىرى قاپىرىپ ئىششىپ يارا بولۇپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ داۋالىنىپ، جاراھەتلىرىنى ساقايتۋېلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىرىدا پولك باشلىقلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرنىڭ تېخىمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقى، بۇنىڭغا چىداش، غەيرەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تاپىلاپ قويدى. خېلى بىرقىسىم جەڭچىلەر كۈندىن - كۈنگە ھالسىزلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تومۇزنىڭ ئىسسىقى جاننى قاقشىتاتتى. شۇڭا بەزى جەڭچىلەر ئىسسىق ئۆتۈپ تولغاق بولۇپ قالدى. يولدا سۇ تېپىلمايدۇ. ئالدىمىزدىكى چۆللۈك خېلى ئۇزۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭچىلەر سۇ قاچىلىرىغا سۇنى ئوبدان قاچىلاشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، يەيدىغان ئوزۇقنى يېتەرلىك ئېلىۋالسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى، ھەربىر باتالىئون، روتىلار يۈرۈشكە تاپشۇرۇق بويىچە يول تەييارلىقىنى قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن قىسىم سەھەر ۋاقتى سائەت تۆتتە تاللىقتىن يولغا چىقتى. جەڭچىلەردە تۇغۇلغان يۇرتىغا تېزرەك بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ جەم بولۇش ئىستىكى بولغاچقا، بۇ خىل ئىستەك ئۇلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى. يارىدار بولغانلار ئاغرىق ئازابىدىن ھەرقانچە قىينالسىمۇ، چارچاپ ھالىدىن كېتىۋاتسىمۇ يەنىلا چىداپ ئازابلىرىنى بىر - بىرىگە بىلدۈرمەي ئىنتىزام بىلەن كېتىۋاتاتتى. كوماندىرلار جەڭچىلەر بىلەن ئوخشاش جاپا تارتىۋاتقان بولسىمۇ ھەرگىز چاندۇرۇپ قويمايتتى. بۇنداق جاپالىق سەپەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، كوماندىر - جەڭچىلەردە بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، بىر - بىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر مېھر-

مۇھەببەت بىلدۈرىدىغان ھېسسىياتنى ئۇيغاتتى ، چېكىتاتتى .

www.uyghurkitap.com

## قۇمبۇلاقنىڭ بۇلاق سۈيى

تاشيولنى بويلاپ ، ئۇزۇن سەپ تارتىپ ماڭغان پولك بارغانسېرى قۇملۇققا قاراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ باراتتى .

قۇياش ئالتۇن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ۋە چۆل ھاۋاسى بارغانسېرى ئىسسىماقتا ئىدى . جەڭچىلەرنىڭ بەدىنىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى چىپ - چىپ ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . كۈننىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن بەدەنلىرى گويا ۋىژىلداۋاتقاندەك كۆيەتتى . ئۇسسۇزلۇقتىن كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن . كوماندىر - جەڭچىلەر باكلاشكىلىرىدىكى سۇدىن بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ ئاغزىلىرىنى نەمدەپ قويۇپلا يەنە مېڭىپ كېتەتتى . چۈنكى بۇ چۆللۈكتە سۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى بولغاچقا ، ئۇنى شۇنچە تېجەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى . تۇساتتىنلا ئىككىنچى باتالىيوننىڭ تۆتىنچى روتىسىدىكى بىرقانچە جەڭچىنىڭ بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى . بۇ يىقىلغانلارنى پولك دوختۇرلىرى دەرھال ئەملەپ ھوشىغا كەلتۈردى . ھوشىغا كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ يول ماڭغۇدەك ھالى يوق ئىدى . ماغدۇرسىزلىنىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى . دەل شۇ چاغدا شىخو تەرەپتىن بىر چوڭ قارا ماشىنىنىڭ جىڭغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى . بىردەمدىلا ماشىنمۇ يېتىپ كەلدى . كوماندىرلار ماشىنىنى توسىدى - دە بۇ تۆت جەڭچىنى ماشىنىغا سېلىپ جىڭ ئارقا سەپ قورۇسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى . دەسلەپتە شوپۇر بىرئاز غىڭشىغان بولسىمۇ ، جەڭچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ماقۇل بولدى . بۇ تۆت جەڭچى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ جىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

قۇملۇقتىكى ئېغىر سەپەر ، كۈننىڭ بارغانسېرى قىزىپ كېتىشى جەڭچىلەرنى ھالسىزلاندۇرۇۋاتاتتى . دەل چۈش ۋاقتىدا قۇمبۇلاققا يېقىن قالغاندا

قسقا دەم ئېلىش بولدى. جەڭچىلەر يانپاشلىدى ۋە مىلتىقلىرىنى يەرگە ئۈچ بۇرجەك قىلىپ سانجىپ، ئۈستىگە كىيىم- كېچەكلىرىنى يېيىپ، بېشىغا سايە ۋەن قىلىپ پۇت- قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ، كۆكۈللۈك دەم ئالدى. بەزىلەر تاشيول كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىغا كىرىپ تاشنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ ئۇيـ قۇغا كەتكەندى. ئادەم قاتتىق چارچاپ ئۇيقۇسى كەلگەن چاغدا، قاتتىق تاشمۇ يۇمشاق بىلىنىپ كېتەتتى. قىسىم بۇ يەردە ئۈچ سائەت راھەتلىنىپ دەم ئېلىپ قۇمبۇلاققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قۇمبۇلاقتا پات- پات بوران چىقىپ قۇم كۆچۈپ تۇرغاچقا، تاشيولنى قۇم بېسىپ ھارۋا ۋە ماشىنىلار ئۆتەلمەي قالاتتى. يول بەكمۇ جاپالىق، تاشيول ئۈستىنى ئارىلاپ قۇم بېسىپ، قۇم دۆۋىلىنىپ قالغان ئازگاللارنى ئۇقۇشماستىن دەسسەپ قۇمغا كىرىپ قالىدىـ غان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلەتتى. شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىلەردە قۇمبۇلاققا يېتىپ كېلىپ، قۇمبۇلاقتا ئۇزۇنراق دەم ئېلىندى. قۇمبۇلاققا كەلگەندە كوماـ ندىر- جەڭچىلەرنىڭ سۇ قاچىلىرىدا بىر تامچە سۇ قالمىغانىدى.

جەڭچىلەر ھېرىپ- چارچىغىنىغا قارىماستىن قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇلاققا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇلاق بېشىدا ئۆچىرەتتە تۇرغان جەڭچىلەر خېلى ئۇزۇن سەپ تارتقانىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئوفىتسېرلار ھەربىر روتىغا قوماندا بېرىپ ئارقىسـ غا قايتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالتىنچى روتا بىلەن تۆتىنچى روتىدىكى جەڭـ چىلەر ئۆچىرەت تالىشىپ ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى. ئاخىرى ئالتىنچى روتا بىلەن تۆتىنچى روتا كوماندىرلىرى بېرىپ ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشقان جەڭـ چىلەرنى ئۆز روتىسىغا قايتۇرۇپ تەنقىد - تەربىيە بەردى. قىسىم قۇمبۇلاقتا ئوبدان دەم ئېلىپ سۇغا قانغاندىن كېيىن ئەتىسى سەھەردە جىڭغا قاراپ يولغا چىقىشتى. جىڭغا بارغىچىمۇ يول قاقاس چۆللۈك، دەل- دەرەخسىز ئىـ دى. خېيسەنتۇ (قاراتاغ) دېگەن كىچىك داۋاندىن ئاشقاندا ئاندىن جىڭغا يەتكىلى بولاتتى.

بۇ قارا تاغ گىياھ ئۈنمەيدىغان قاپقارا تاش تاغ ئىدى. تاغ جىلغىسىغا

كىرگەندە ھاۋا تېخىمۇ تىنچىپ ، بەدەندىن سۇ قۇيۇلغاندەك تەر ئېقىپ كىيىم-
كېچەكلەرنى ھۆل قىلىۋەتتى . كوماندىر - جەڭچىلەر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرى-
لەپ ، چۈشتىن كېيىن جىڭغا يېتىپ كەلدى . جىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئانچە كۆپ
ۋەيران بولمىغان بولسىمۇ ، پۇقرالار قېچىپ ، كۆپچىلىكى داخپېنزىگە ، بەزى-
لەر غۇلجا تەرەپكە ، بەزىلەر بورتالاغا كۆچۈپ كەتكەنىدى . دۈشمەنلەر
شەرققە چېكىنگەندىن كېيىن ، كۆچۈپ كەتكەن پۇقرالارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى
قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قورۇ - جايلىرىغا جايلىشىۋالغانىدى .
ئالدىنقى سەپتىن قايتقان پولك جىڭغا كىرىشى بىلەن جىڭ خەلقى ئۆ-
زىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى . ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇ-
دىغان قورۇنىڭ ئىككى ياقىسىغا رەت - رەت بولۇپ تىزىلىپ جەڭچىلەرگە
گۈل ، نان ، توقاچ ، تۇخۇم ۋە يازنىڭ ھەر خىل مېۋىلىرىنى تۇتۇشتى . دا-
قا - دۇمباق چېلىپ ، ئۇسسۇل ئويناشتى ...
پولك جىڭنىڭ تەمنات قورۇسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى . بۇ قورۇ ئەسلىدە
گومىنداڭ قىسىملىرى تۇرغان چوڭ گازارما بولۇپ بوش ئۆيلەر كۆپ ئىدى .
مانا بۇ جايدا قىسىم بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىپ ، ئۆزلىرىنى بىر قۇر رەتكە
سېلىپ ئاندىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى .
خەلقنىڭ بۇنداق قارشى ئېلىشى چارچىغان جەڭچىلەرنىڭ ھاردۇقىنى
چىقىرىپلاۋەتتى . ئۇلار روھلىنىپ يېڭىدىن غەيرەتكە كەلدى . بەزىلەر : «جىڭ-
دىكىلەر بۇنچىلىك قىلىپ كەتتى . غۇلجىغا بارساق قانچىلىك قارشى ئېلىنار-
مىز» دېيىشىپ ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى .
پولك جىڭ قونالغۇسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جىڭنىڭ ھاكىم ۋە ناھ-
يىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەر ۋەكىللىرى ئالدىنقى سەپتىن قايتقان
قەھرىمانلاردىن ھال سورايمىز دەپ ، بىرنەچچە كالا - قويلارنىڭ بويۇنلىرىغا
قىزىل لاتىلارنى باغلاپ ، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈدەك قول
ياغلىق ، ئوفىتسېرلارغا يېتەرلىك سوۋغىتىنىڭ بىلوموركانال دەيدىغان پاپىرو-
سى ۋە پاچكىلىق موخوركىلارنى ئەكەلدى . پولك باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز

پەرزەنتلىرىدىن هال سورىغانلىقىغا رەهمەت ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن گازارما
قورۇسىدا بىرنەچچە يەردە يوغان داش قازانلارنى ئېسىپ، گۆش پىشۇرۇپ،
چارچاپ كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئوبدان هاردۇقىنى چىقىرىپ، دەم ئالدۇرماق-
چى بولدى.
جەڭچىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتاتتى. تاماق ئىشتايىن
كۆپ ئېتىلگەن بولۇپ كوماندىر - جەڭچىلەر راسا ئوبدان غىزالاندى. ئېشىپ
قالغان گۆشلەرنى ئەتىسى غىزالىنىشقا ئېلىپ قويغانمۇ بولدى. تاماقتىن كې-
يىن هەربىر روتا، هاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىنى ئۆت-
كۈزدى. جەڭچىلەر يوغان قورۇغا يىغىلىپ تويلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ ناخشا ئېيى-
تىشتى.
مۇساجان روزى تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. ئەبەي ناسىروپ ئاكا ئىسكى-
رىپكىنى چالدى، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ مەيدان راسا قىزىپ كەت-
تى. كۆپچىلىكنىڭ رايىغا قويۇپ بەرسە تاڭ ئاتقۇچىمۇ بولدى قىلمايدىغان-
دەك ئىدى.
ئاخىرى پولك باشلىقلىرى: «جەڭچىلەر، چارچىدىڭلار، ئەمدى بولدى
قىلساق، سىلەر بالدۇرراق ئۇخلاپ ئوبدان دەم ئېلىڭلار، ئەتە ئەتىگەندە
يەنە يولغا چىقىسىلەر» دەپ چۈشەندۇرگەندىن كېيىن كۆڭۈل ئېچىش توختاپ
هەممە ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۇخلاشتى. بۇ يوغان قورۇنىڭ ئىچىنى بىردەم-
دىلا جىمجىتلىق باستى. پەقەت پوست ئالماشتۇرغۇچىلارلا كېچىنىڭ جىمجىتلى-
قىدا شىپىر - شىپىر قىلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ پوستلارنى ئالماشتۇرۇپ
يۈرەتتى. پوست ئالماشتۇرغۇچى دىجورنىلارنىڭ پايپاسلىشىپ پوستلارنى
ئالماشتۇرۇپ يۈرگەن ئاۋازلاردىن باشقا هېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# ئاچال داۋىنىدىن ئۆتۈش

جىگدا ئەتىگەنلىك تۇرۇش سىگنالىنىڭ چېلىنىشى كوماندىر ـ جەڭچىلەر-نى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. جەڭچىلەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئو-رۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتاتتى. جەڭچىلەر خۇش بولسۇن ـ بولمىسۇن بەرىبىر ھامان ئۆز ۋاقتىدا دەرھال تۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەرھال ئورۇن-لىرىدىن تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، تاماققا تەييارلىنىپ تۇردى.

روتا ئاشپەزلىرىمۇ بۇ چاغدا ئەتىگەنلىك چايلىرىنى قاينىتىپ تەييارلاپ بولغانىدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئەتىگەنلىك چاينى ئىككى تال چاقماق قەنت سېلىپ قاتتىق نانلارنى راسا چىلاپ ئوبدان ئىچىۋالدى.

يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. قىسمدىكى جەڭچىلەر ئۆز رېتى بويىچە تى-زىلىپ يۈكلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى مۈرە ۋە ئالدى-غا ئېسىپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا جىگنىڭ كوچىلىرى شۇنداق جىمجىت بو-لۇپ، ئارىلاپ بامدات نامىزىغا ماڭغان بىرەر يېرىم ئادەملەرلا ئۇچرايتتى. ھەربىر كوچىدا بىرەر ـ سەرەن لالما ئىتلار ئەتىگەنلىك تاماق ئىزلەپ ئىشىك ئالدىدا بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ يۈرەتتى. جەڭچىلەر ئېيتقان ئىنقىلابىي ناخشىلار بۇ جىملىقنى بۇزۇۋەتكەنىدى. كوما-ندىرلارمۇ رەتلىك قوماندا بېرەتتى. جەڭچىلەرنىڭ كۆتۈرۈلگەن قەدەملىرى خۇددى بىرئۇزۇن يىپ تارتىپ قويغاندەك تەكشى كۆتۈرۈلۈپ بىردەك گۆپۆل-

دەپ يەرگە چۈشەتتى- دە ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. بۇلارنىڭ يۈ-
رۈش ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاۋام خەلق ئۆي- ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ: «خەير
خوش ، ئاقيول تىلەيمىز!» دەپ توۋلىشىپ ئۇزىتىپ قوياتتى. ئەسكەرلەرمۇ
جاۋابەن قول ئىشارە بىلەن خوشلىشىپ جىلىڭ بازىرىدىن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق
ھالدا چىقىپ كەتتى. چەبدەس قەدەم بىلەن كېتىپ بارغان بۇ چوڭ قوشۇن
ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن باجياخۇنىڭ قارىسىنى كۆردى. باجياخۇ ئەتراپى
قۇم دۆۋىلىرى ، يۇلغۇنلار بىلەن قويۇق قاپلانغان جاي بولۇپ ، يىراقتىن قا-
رىسىڭىز پوتەيگە ئوخشايتتى. قىسىم بىلەن بىرگە ماڭغان ئىزۋوت كوماندىرلى-
رى ، روتا كوماندىرلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا باجياخۇدا بولغان ئەھۋاللارنى
سۆزلىشىپ ھەم خۇشاللىناتتى ، ھەم ھەسرەتمۇ قىلىشاتتى. چۈنكى بۇ نۇر-
غۇن سەپداشلار ۋاقىتسىز قۇربان بولغان جاي ئىدى. قىسىم باجياخۇ تاشيو-
لىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بۆلۈنۈپ دەم ئالدى. بۇ يەردە بۇ كۈن دەم ئېلىش
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن روتىلارنى ئارىلاپ كېلىپ ئىككىنچى باتالىئون شتابى-
غا كېلىپ توختىدىم. بۇ چاغدا ئالتىنچى روتىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان
بىرمۇنچە جەڭچىلەر كوماندىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئولتۇرغانىكەن.
ئولتۇرغانلار بىردىنلا مېنى ئورىشىۋېلىپ: «ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى ، سىز
بىزگە جىلىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇ-
رۇشۇۋالدى.

مەن بۇ يەردە بولغان ئۇرۇشنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل بول-
دۇم.

— يۇڭجىخۇ ، باجياخۇلار جىڭنى ئازاد قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ھالقىلىق
ئۇرۇشلار بولغان جاي. چۈنكى جىڭدىكى گومىنداڭ گېنېرالى گو چى گومى-
داڭ قىرىق بەشىنچى دىۋىزىيىسىنىڭ يىگىرمىنچى پولكىدىكى تانكا ، زەمبىرەك
قىسىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ- تۆت مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى جىڭنى نۇقتا قى-
لىپ ، يۇڭجىخۇ ، باجياخۇلارنى ئاساس تايانچ ئالدىنقى لىنىيە قىلىپ ، ئەس-
كىرىي كۈچىنى قارا تۇمشۇق ، قۇمبۇلاق ، كۆلۈتەك ، توغراق ، چازا قاتارلىق

قاتناش يولى ئۈستىدىكى ھەمدە سۈيى بار بېكەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بولۇپمۇ دۈشمەن ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى يۇڭجىخۇ، باجياخۇلارغا قويۇپ، مۇداپىئە، ئالاقە ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەربىر مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە تېلېفونلارنى ئورناتقان، بولۇپمۇ مۇداپىئە لىنىيىلىرىنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى تۈزلەپ، چوڭقۇر خەندەكلەرنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، پوتەيلەرنى ياسىغانىدى.

دۈشمەن بىر تەرەپتىن پوتەي-خەندەكلەرنى ياسىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جىڭ خەلقىنى شىخوغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. مۇنداق مەجبۇرىيەت ئاستىدا گاڭگىراپ قالغان ئاۋام خەلق بورتالا، داخېيەنزىلەرگە، يەنە بىر قىسمى شىخو تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنىدى. بىز تەرەپ جىڭغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن بۇيرۇق بويىچە غۇلجا تۆتىنچى پولك بىرىنچى باتالىئون ۋە خۇيزۇ دىۋىزىئون يۇڭجىخۇغا يېقىن بېرىپ دۈشمەنگە قارشى سەپ تەشكىللەشنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ ئوق-زەمبىرەكلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىغا قەھرىمانلىق بىلەن زەربە بېرىپ، 1945-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تىركىشىپ تۇردى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىزدىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى پولك، ئارتىللېرىيە دىۋىزىئون داخېيەنزىدا؛ تېكەس ئاتلىق بىرىنچى پولكى ئاچال داۋىنىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە؛ غۇلجا تۆتىنچى پولك ئۆتەيدە؛ پولكنىڭ بىر باتالىئونى، يەنى ھازىرقى بىزنىڭ بىرىنچى باتالىئون يۇڭجىخۇغا يېقىن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشقانىدى. ئەينى ۋاقىتتا جىڭ فرونتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىزنىڭ جەمئىي ئۈچ مىڭ بەش يۈزگە يېقىن ھەربىي كۈچىمىز بار ئىدى. لېكىن دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ۋە قوراللارنىڭ سۈپىتى جەھەتتە بىز ئۇلاردىن خېلىلا تۆۋەن تۇراتتۇق، 1945-يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى پۈتكەن، لېكىن جىڭنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن جىڭنىڭ ئالدىنقى سەپ تايانچ كۈچى بولغان يۇڭجىخۇ ۋە باجياخۇلارنى ئىشغال قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا بىرىنچى قەدەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجا ئىككىنچى پولك يۇڭجىخۇنىڭ غەربىدىن، خۇيزۇ دىـ

ۋىزىئون يۇگجىخۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن ، شىبە ئىسكادرون يۇگجىخۇنىڭ شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى يۇگجىخۇغا جەلپ قىلىش ؛ ئىككىنچى قەدەمدە تېكەس ئاتلىق بىرىنچى پولكى باجياخۇ بىلەن جىڭ ئارىلىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش ، غۇلجا تۆتىنچى پولك بىرىنچى باتالىئون يۇگجىخۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلىش ، زەمبرەك دىۋىزىئون ئارقىدا تۇرۇپ يۇگجىخۇنى توپقا تۇتۇش پىلانى تۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇگجىخۇدىكى دۈشمەن يېرىم ئاي شەكلىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى- دە ، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى (شۇ كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخو پىيادە بىرىنچى پولكىنى ئاساس قىلغان ھالدا قېرىنداش قىسىملار ، چىپىيزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ شىخوغمۇ تەڭلا ھۇجۇم باشلىدى) .

بىرىنىڭ شىبە ئىسكادرون ، خۇيزۇ دىۋىزىئونلار دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرى ئالدىدا ، دۈشمەننىڭ بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان قارشىلىقلىرىغا قارىماي شىددەتلىك ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بولۇپمۇ شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان شىبە ئىسكادرونى دۈشمەننىڭ يۇگجىخۇدىكى شىمالىي مۇداپىئەسىگە باستۇرۇپ كىردى. بۇ چاغدا بۆلارنىڭ ئاتىدىغان ئوقدورىلىرى تۈگەپ قالغانىدى. ئامال يوق. بىردىنلا دۈشمەن بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن ياش شىبە يىگىتلىرى مۇشۇ جەڭدە قۇربان بولدى. لېكىن بۆلارنىڭ بىرى يىقىلسا ، بىرى كېلىپ ئۇرۇش قىلدى ، كۆزىگە ئۆلۈم كۆرۈنمىدى. يۈز- كۆزىدىن قانلار شۇرقىراپ ئېقىۋاتسىمۇ جان- جەھلى بىلەن ئېلىشتى. بەزىلەرنىڭ بىر قولىغا ئوق تەگكەن بولسا ، بىر قولى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ شىمال تەرەپتىكى پوزىتسىيىسى شىبە ئىسكادرونى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى. بۇ چاغدا شىبە ئىسكادروننىڭ ناھايىتى ئاز ئەسكىرى قالغانىدى. قالغانلىرىنىڭمۇ تولا قىسمى دېگۈدەك يارىدار بولدى. شىبە ئىسكادرونى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. قەھرىمان شىبە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقى پۈتۈن جىڭ فرونتىغا تارقى-

لىپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق جاسارىتى باشقا قېرىنداش قىـ
سىملارنىڭ روھىغا زور ئىلھام بولدى. شىبە ئىسكادرونىنىڭ بۇنداق باتۇر،
قەيسەرلىكىنى تارىخ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. كېيىن خۇيزۇ دىۋىزىيونى بىـ
لەن غۇلجا ئىككىنچى پولكىنىڭ بىردەك ماسلىشىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشى
ئارقىسىدا، دۈشمەن يۈگجىخۇدىكى يېگىلمەس پوزىتسىيىسىنى تاشلاپ باجياـ
خۇغا چېكىندى.

تېكەس ئاتلىق بىرىنچى پولكى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتـ
ئۈپ، يۈگجىخۇدىكى دۈشمەنلەرنى قورشىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكەـ
رىنى يەر چىشلەتتى. قالغانلىرى باجياخۇغا چېكىنىپ كىرىۋالدى. داۋاملىق
ئىلگىرىلەۋاتقان بىزنىڭ قىسىملار باجياخۇغا ھۇجۇم قىلغاندا دۈشمەننىڭ قاتـ
تىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ يەردىكى ئۇرۇش ناھايىتى جىددىي ھەم
كەسكىن بولدى. دۈشمەن ئۆز پوتەيلىرىگە يۆلىنىپ، دەھشەتلىك ئوق ياغدۇـ
رۇپ، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قىسىملىرىمىزنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى.
بولۇپمۇ مۇنۇ تاشيولنىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكىگە ئورۇنلاشقان دۈشمەن پوتەيلىـ
رىدىن چىقىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى قىسىملىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە زور
قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. شۇڭا بۇ پوتەيلەرنى يوق قىلىۋەتمەي تۇرۇپ
ئالغا ئىلگىرىلەش قىيىن ئىدى. مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە تۆتىنچى پولك
بىرىنچى باتالىئون بىرىنچى روتىدىكى نادىروپ زىخرۇللام باشلىق ئۈچ ـ تۆت
جەڭچى يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرىغا قارىماي، يەر تۈزۈلۈشىـ
دىن پايدىلىنىپ، قەھرىمانلىق ۋە ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پوتەيگە ئۆمىلەپ
بېرىپ پوتەينى پارتلىتىپ، قىسىملارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئاچتى.

دۈشمەن ئاخىرقى تايانچ ئوت توچكىلىرىدىن ئايرىلىپ، جىڭ كۆۋرۈكىـ
گە ئوت قويۇپ، شىخودىكى قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن، شەرققە قاـ
راپ چېكىندى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، دۈشمەننىڭ
جىڭدىكى مۇداپىئەسى تارمار قىلىنىپ، جىڭ بىزنىڭ پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىنـ
دى.

ئومۇمیۈزلۈك هۇجۇم هەر تەرەپتىن باشلانغاندىن كېيىن، جەڭدىكى دۈشمەن ئۆزىنىڭ قالدۇق كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، شىخودىكى قىسىملىرىغا قوشۇلماقچى بولدى. لېكىن بۇ دۈشمەنىنىڭ خام خىيالى ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا بىزنىڭ شىخوغا هۇجۇم قىلغان قىسىملار شىخونى ئىشغال قىلىپ بولغانىدى.

جەڭچىلەر جىڭ ئۇرۇشىنىڭ، بولۇپمۇ يۈگجىخۇ، باجياخۇلاردىكى قوچاقلاشما ئۇرۇشلارنى ئاڭلاپ چوڭقۇر تەسىرلىنىپ تېخىمۇ زور غەيرەتكە كەلدى. شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. تۇيۇقسىزلا پولك دىجورنىلىرىنىڭ تاماق تەييار بولدى دېگەن ئاۋازى ھەممەيلەننىڭ تىنچلىقىنى بۇزدى. «ئەمدى ھەممىڭلار بېرىپ تامىقىڭلارنى يەڭلار» دەپ كېتىپ قالدىم.

قىسىم بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۆز رەتلىرى بويىچە سەپكە تىزىلىپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان قىسىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى- دە، پۈتۈن قىسىمغا سۆز قىلىپ:

— بىز يۈگجىخۇدىن يولغا چىقىپ، تاغ ئارقىلىق غۇلجىغا چۈشىمىز. ئالدىمىزدىكى يول تاغ يولى، بىز يەنە بىرنەچچە كۈن ئىلىنىڭ تاغ يايلاقلىرىنى بېسىپ ئۆتىمىز. غەيرەت قىلايلى، بىزنىڭ پولك رەھبەرلىرىدىن بىر قىسمى ماشىنا بىلەن تاشيولدىن ئالدىن يۈرۈپ كەتتى. بىزگە ياتاق، ئورۇن تەييارلاپ تۇرىدۇ،— دېدى. شۇ ھامان ئالغا يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىسىم سەھەردە يۈگجىخۇدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقتى.

پولك جىڭدە تۇرغاندا، پولك باشلىقلىرى ناھىيە ھاكىملىرىدىن يۈگجىخۇ بىلەن داخېيەنزى ئارىلىقىدا تاغ تەرەپكە كەتكەن ئاچال يولىنى بىلىدىغان، تاغ يولىغا پىششىق بىر باشلامچى ئادەم تېپىپ بېرىشنى سورىغانىدى. ئۇلار كونا جىڭلىق، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان تۇرداخۇن ئاكىنى قوشۇپ قويدى. بۇ ئادەم ياش ۋاقىتلىرىدا تاغ يولى بىلەن ئاچال داۋىنىغا ۋە نىلقا نا-

www.uyghurkitap.com

هيسلرىگە بىرىپ قىرچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەم ئىكەن. تۇرداخۇن ئاكا بۇغدايي ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق، قارا قاش، دوغىلاڭ قاۋۇل، تەمكىن ئادەم ئىدى. ئۇ سۆز قىلغاندا ئالدىرىماي ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆز قىلاتتى.

تۇرداخۇن ئاكا قارا يورغا ئېشىكىنى مىندى ـ دە، قىسمغا يول باشلاپ ماڭدى.

قىسملار بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، كەچتە تاغ تەرەپكە ئايرىلىدىغان يولغا بىرىپ دەم ئالدى. بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك يول جەڭچىلەرنى قاتتىق چارچىتىپ قويغانىدى. ئۇلار دەم ئېلىپ ئولتۇرغان يەردىلا ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەتىسى سۈبھى يورۇش بىلەنلا ئاچال داۋان تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. ئەمدى بىر كىشىلىك چىغىر يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلدى. چىغىر يولنىڭ بەزى يەرلىرى تۈزلەڭلىك، بەزى يەرلىرى چاتقاللىق، شىۋاق، قامغاق، قوڭغۇراق تىكەنلىك ئىدى. يول بويلىرىدا، قاپتاللىرىدا ئادراسمانلار ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇنداق يولدا ئىشەك مېڭىشقا بولمايتتى. مېڭىش سۈرئىتىمىز ئاستا ئىدى. تاشيولدا قىسىم ئۈچ كىشىدىن تىزىلىپ ماڭغان بولسا، بۇ يولدا بىر كىشى ئاران ماڭغىلى بولاتتى. شۇڭا مېڭىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئاخىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. يولغا قارىسىڭىز خۇددى قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان بىر ئۇزۇن كارۋان كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يول شۇنداق جىمجىت، ئارىلاپ بىردىن خىلى ئۇزاقلا كەتكەن يولباشچى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ «ئاللا باللىخان» ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە قىسىم ئاچال ئېغىزى كالاستا دېگەن جايغا كېلىپ قونالغۇغا چۈشتى.

كالاستا ئاچال داۋىنىنىڭ ئېغىزى بولۇپ، يول باشلىغۇچى تۇرداخۇن ئاكا كالاستىنىڭ يول ئەھۋالىنى پولك باشلىقلىرىغا تونۇشتۇردى. تۇرداخۇن ئاكا بىشىدىكى بۆكىنى قولىغا ئېلىپ، تۇرۇپ كېتىپ شۇنداق دېدى:

— بۇ كالاستا ئاچال داۋىنىنىڭ ئېغىزى، ئەگەر بىز مۇشۇ يول بىلەن بۇياققا قاراپ ماڭساق، — دەپ بىگىز قولى بىلەن جەنۇبنى كۆرسەتتى، —

گورساي دېگەن سايدىن ئۆتۈپ، قارلىق داۋانلاردىن ئېشىپ ئىلقا ناھىيە تە-ۋەسگە چۈشىمىز. ئەگەر ئاچال ئېغىزىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئايلىنىپ ماڭ-ساق، — دەپ غەربنى كۆرسەتتى، — ئاچال داۋاندىن ئۆتۈپ غۇلجا ناھىيە-سىگە قاراشلىق توغراسۇ يايلىقىغا بارىمىز. 1945 - يىلى 1 - ئايلاردا جىڭ-دا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىز تەرەپتىن ھەرەمباغدا قورشاۋدا قال-غان قىسىملىرىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ يولدا ماڭغان، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا قىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئاچال داۋ-نىدىن ئۆتۈپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم دېگەن يېرىگىچە بارغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ساق قايتىپ كەلمىدى، — دەپ تۇرۇپ قالدى ئۇ.

توساتتىن پولك باشلىقلىرى سۆز قىستۇرۇپ:

— راست دەيسىز، تۇرداخۇن ئاكا. بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىز ھەرەمباغنى قورشىۋالغاندا دۈشمەن قورشاۋدىكى قوشۇنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل تەدبىرلەرنى كۆرگەن. ئاسماندىن ئايروپىلان بىلەن يېمەك - ئىچمەك، ئوق- دورا تاشلاپ تۇردى. لېكىن بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قو-لىغا چۈشۈپ تۇراتتى. كېيىن گومىنداڭ جىڭدا تۇرغان قىرىق بەشىنچى دىۋى-زىيىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن پولكىنى مۇشۇ ئاچال داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا ئە-ۋەتتى. ئۇلار قىشنىڭ ئەڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى داۋان ئېشىپ توغراسۇ يايلىقىغا يېتىپ بېرىپ، ئالدىن پەنجىمگە يېقىن بارغاندا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى، پەنجىم، تۇرپانيۈزى، جېلىليۈزى قاتار-لىق يېزىلاردىكى خەلقلەر قوزغىلىپ پارتىزانلارغا ماسلىشىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسىدى. غۇلجا ناھىيىسىگە يېقىن يەردىكى پەنجىم، تۇرپانيۈزى، جېلىليۈزى قاتارلىق يېزىلاردىكى دېھقانلار پۇتۇنلەي قوزغىلىپ، ئۆز ئاتلىرى-غا مىنىپ، قولىغا تاياق- توقماق ئېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئاتلىرىغا يەم- خەشەك، بىدە، چۆپلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، دۈشمەننى يوقىتىشقا قاتناشتى.

شۇنداق قىلىپ داۋان ئېشىپ ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننىڭ كۆپچىلىكى

يوقىتىلىپ قالغان قىسمى كەلگەن يول بىلەن چېكىنىش جىڭغا قاراپ پىتىراپ قاچقان. ھەرەمباغدىكى دۈشمەننىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىمىز دېگەن خام خىيالى ئەنە شۇنداق يوققا چىقاتتىدى، — دەپ تۇرداخۇن ئاكا سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى. تۇرداخۇن ئاكا بولسا، شۇنداق - شۇنداق دەپ ئۆسكەن قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ جىم تۇردى.

— بۈگۈن ئەگەر يامغۇر ياغماي قالسا، ئوتتۇرىدا بىر قونالغۇ قىلىپ، ئاچال داۋاندىن ئاسان چىقىپ كېتىمىز. ئەگەر يامغۇر يېغىپ ھۆلچىلىك بولۇپ قالسا، يول تېيىلغاق بولۇپ، يۈرۈشكە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ قالارمىكىن، — دېدى تۇرداخۇن ئاكا. پولك كوماندىرى دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ:

— توغرا دېدىلە، تۇرداخۇن ئاكا، ئۇنداق بولسا مۇشۇ سايدا بىر قونۇپ، ئاندىن يول يۈرەيلى. سىز دېگەندەك بىرەر ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالمىسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ جەڭچىلەر بۇ داۋان ئېغىزىدا بىر كېچە قوندى. ھەممەيلەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سايىنىڭ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. ئاندىن ياپيېشىل چۆپنىڭ ئۈستىدە يېتىپ راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. كېچە ھاۋا ئوچۇق، سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. بىراق يىراقلاردىن چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تۇرداخۇن ئاكا تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە پۈتۈن جەڭچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى مېنىڭ ئۈستۈمدە، دەپ ئويلايتتى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى خورەك تارتىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. كىم بىلىدۇ، تاغنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئات، كالا ئوغرىسى بولسا، ئوغرىلار مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئۆكۈز - كالىلىرىنى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ، ئۆزى ئۇخلىماي ئەتراپتىكى پوستلارغا ئوبدان جېكىلەپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغا، مەن تۇيۇپ قېلىپ: «نەگە بارىسىز، تۇرداخۇن ئاكا؟» دەپ سورىدىم،

تۇرداخۇن ئاكا ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. مەن دەرھال پوست ئالماشتۇرغۇچىنى
چاقىرىپ پوستلارنى تەكشۈرۈشنى، ھەر بىر سائەتتە پوست ئالماشتۇرۇشنى،
بولۇپمۇ پولكىنىڭ ئوزۇقلۇق ئۆكۈزلىرىگە ئوبدان قاراشنى تاپشۇردۇم. بۇ-
نىڭ بىلەن تۇرداخۇن ئاكا كىچىككىنە خاتىرجەم بولغاندەك قىلدىيۇ، يەنىلا
ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يىراقنى تىڭشىدى. بىر نەرسە-
نىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى كەلگەندەك قىلدى. دەرھال شەپە كەلگەن تەرەپكە
بويىنىنى سوزۇپ سەپسالغانىدى، كۆزىگە بىرنەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى،
ھېلىقى ئاۋاز يەنە يوقىلىپ كەتتى. ئۇ: «يا ھەزرەت، خۇدا پاناھىڭدا ئۆزۈڭ
ساقلا، مۇشۇ باللار بىر ساق- سالامەت تاڭنى ئاتقۇزۇۋالسۇن» دەپ
ئاللادىن ئامانلىق تىلەپ، بىر ئورام موخوركا ئېلىپ قاراڭغۇدا ئوراپ چەك-
تى- دە، بىرئاز خاتىرجەم بولغاندەك ھېس قىلدى. بىر ئازدىن كېيىنلا يەنە
يۈرەكلىرى قاتتىق سىلىپ تەرلەپ كەتتى. ئۇ دەرھال پوتىسىنى يېشىپ، تەر-
لىرىنى سۈرتتى. ئاندىن تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، پۈتىنىڭ ئۇچى
بىلەن دەسسەپ ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇ ئارىدا يېقىنلا يەردە چىلبۆرە ھۇۋلاپ كەت-
تى. تۇرداخۇن ئاكا يەنە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، دەل شۇ چاغدا پوستلار
ئالماشتى. بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن، تۇرداخۇن ئاكا بىر ئاز خاتىرجەم
بولدى- دە، قارا ئېشىكىنىڭ بار- يوقلۇقىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپ-
تا ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يەنە ياتتى. سەھەردە
ئورنىدىن تۇرۇش بەلگىسى بېرىلگەندە، جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ
يۈز- كۆزلىرىنى يۇيۇشۇۋاتاتتى، تۇرداخۇن ئاكا بۆكىنى بىر چېكىسىگە كى-
يىپ ئورنىدىن تۇردى- دە ئىرىنچەكلىك بىلەن ئېرىقتا ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيى-
گە كېلىپ تەرەت ئېلىپ، كۆك چۆپ ئۈستىگە قارا پوتىسىنى ئىككى قات قىلىپ
سېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇۋالدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېشىكىنى ئې-
لىپ چومنى توقۇدى- دە، باشقىلارغا قارىدى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى نان-
لىرىنى چايغا چىلاپ چاي ئىچىۋاتاتتى. ئاشپەزلەر خېلى ئەتىگەن تۇرۇپ
چايىنى قايناتىپ بولغانىدى.

ئوفتسىر ـ جەڭچىلەر ئۆز روتىلىرى بىلەن رەتلىك تىزىلىپ يولغا چىقتى. قىسىم سايىنى ئۆرلەپ خېلى بىر زامان ماڭغاندىن كېيىن ئىككى سايىنىڭ ئېغىزىغا چىقتى. بىرى جەنۇبقا سوزۇلغان گورساي، بىرى غەربكە بۇرالغان ئىلچال داۋىنىنىڭ سېيى بولۇپ، يول باشلىغۇچى بىزنى غەرب تەرەپكە سوزۇلغان سايغا باشلاپ ماڭدى. يول ئۆرەداۋان بولغاچقا، ئوفتسىر ـ جەڭچىلەر ھاسىراپ ئاران كېتىپ باراتتى. بۇ چاغدا كۈن قايرىلىپ كەچ كىرەي دەپ قالغانىدى. سۈبھى بىلەن تەڭ ماڭغان جەڭچىلەر ئارىلىقتا ئىككى قېتىم قىسقا دەم ئېلىپ، ئازراق قۇرۇق نان، سوغۇق سۇ ئىچىشىۋالغاندىن بۆلەك ھېچنېمە يېمەي، كەچ كىرگۈچە يول ماڭغان بولسىمۇ، ئانچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. بۇ بەكمۇ چىرايلىق، ئىككى تاغ ئارىسىنىڭ كەڭرەك جاي بولۇپ، قاپتال ئوتتۇرىسىدا زۇمرەتتەك ئېقىپ چۇشۇۋاتقان سۈزۈك تاغ سۈيى ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيىگە قاراپ تۇرسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالاتتى. تاغ بېغىرلاپ ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىنىڭ يېقىملىق ھىدى ئادەمنى مەست قىلاتتى. قاپتالدا پىشىپ شىبىخدا قۇرۇپ قالغان قىزىل ياقۇتتەك تاڭقۇراي (تاغ بۆلجۈرگىنى) ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغاپ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. پولك بۇ يەردە دەم ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى چۈشۈردى. ھەربىر روتىنىڭ ئاشپەزلىرى قازان ـ قومۇشچىلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇشۇپ كېتىشتى. ئارقا سەپتىكى ئاشپەزلەر ئالدىلىرىغا چوڭ ئاق پەرتۇقلىرىنى تارتىشىپ، يول بويى ھەيدەپ كەلگەن كالىلاردىن بىرقانچىسىنى غاچ ـ غۇچ سويىدى ـ دە، ھەربىر روتىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. بىردەمدىلا روتىلارنىڭ قازانلىرىدا مەززىلىك كالا گۆشى پىشۇرۇلۇپ تەييار بولدى. قاپتاللارنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان جەڭچىلەر يىراق ـ يېراقلاردىن قوللىرىدا ھەر خىل گۈللەرنى تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى ـ دە، ئاشپەزلەرنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ ئاندىن تاماققا ئولتۇردى.

ئۇلار كالا گۆشىنى يەپ، شورپىسىغا قاتتىق نانلارنى چىلىشىپ مەززە قىلىپ ئىچىۋېلىشتى. تۇرداخۇن ئاكىمۇ جەڭچىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئەتى-

گەنگگە ئوخشاشلا پوتسىنى تۆت قاتلاپ داستىخان قىلىپ سالدى ـ دە ، خۇرجۇنىدىن بىر مايلىق توقاچنى ئېلىپ شورپىغا چىلاپ ئىچىشكە باشلىدى . شورپا تېتىپ كەتكەچكە يەنە بىر چىنە ئىچىۋەتتى ـ دە ، قولنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى .

جەڭچىلەر تاماقتىن كېيىن بىرەر سائەت پەيزىنى سۈرۈپ دەم ئالغاندىن كېيىن ، مىنىڭ ئەتراپىمغا توپلىشىۋالدى ـ دە ، كەچتە مۇساجان روزىنىڭ تەمبۇرنى چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ بىر پەيزى قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى . بۇ تەلەپ ماڭىمۇ خۇش ياقتى ، ئۆزۈممۇ چاقچاققا ئامراق ، سازغا ئامراق بولغاچقا ، مۇساجانغا قېنى مۇساجان ئاڭلايلى دېسەم ، مۇساجان تەمبۇرنى قولغا ئالدى . ئۇ جاراڭلىق ھەم مۇڭلۇق ئىلى ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى :

ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى ،
سەلكىن ئايرىيدۇ .
ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشنى ،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ .

قارا دەيدۇ ، قارا دەيدۇ ،
قارا مەندە يوق .
قارامۇقنىڭ قاسىراقىدەك ،
گۇناھ مەندە يوق .

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ ،
ئىلىنىڭ تاغى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
ئايرىلىش داغى .

ئېتمنى چاپتۇرۇپ ئۆتتۇم ،
بۆلكەي غولى بىلەن.
ئوينساڭ تۈزۈك ئوينا ،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن ،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن ،
ئىبلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

ئەتراپتىكى جەڭچىلەر مۇساجانغا جور بولۇپ ، «قاپقارا قوي كۆزلۈ-كۆم» نى باشلاپ ، تاغ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. تۇرداخۇن ئاكمۇ با-لىلارغا قاراپ پەيزى قىلىپ: «ھاي-ھاي ئۆلمە ، قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. ناخشىدىن كېيىن باشلانغان چاقچاق ، كۆلكە جەڭ-چىلەر ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىقنى بىردەمدىلا تۈگىتىۋەتتى. چاقچاقتا ئۆلىنىپ يەنە ساز باشلاندى. تەمبۇر ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكەلگەندە ، يىگىتلەر ئار-قا - ئارقىدىن ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىرقانچە جەڭچى قارىغاي شاخلىرى ، قىۇ-رۇق ئوتۇن بىلەن گۈلخان يېقىپ ، بۇ گۈزەل يايلاقنى بايرام تۈسىگە كىرگۈ-زۈۋەتتى. قىزىقچىلىقتا تۇرداخۇن ئاكمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ، ئىنتايىن قىزىق ، شوخ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسسۇل سورۇنىنى راسا قىزىتىۋەتتى. ئۆپچۆرىدىكى جەڭچىلەر: «بەللى قايناڭ ، ھارماڭ» دەپ ۋار-قىرىشاتتى. شۇ كۈنى جەڭچىلەرگە قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلەپ بۇ سورۇننى ناھايىتى تەستە تارقاتتۇق. تۇرداخۇن ئاكا ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا قازا قى-لىۋەتكەن خۇپتەن نامىزىنى دەرھال تەرەت ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆتىدى-دە ، ئىشكىنى باغلاپ قويۇپ ، خورجۇننى بېشىغا قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ، تۇرداخۇن ئاكىنىڭ خورەك ئاۋازى بار-



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىق جەڭچىلەرنىڭ خورەك ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى.
تاڭ سەھەردە جەڭچىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ، يۈك- تاقلىرىنى
تېڭىپ غىزالىنىپلا يول يۈرۈشكە تەييارلاندى. تۇرداخۇن ئاكىمۇ نامىزىنى
چالا- بۇلا ئوقۇپ پوتىسىنى بېلىگە باغلىدى- دە، ئېشىكىگە مىنىپ يولغا را-
ۋان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭچىلەرمۇ سەپ بىلەن يولغا چىقتى. ئالدى-
مىزدىكى سەپەر خېلىلا جاپالىق ئىدى. چۈنكى بۈگۈن يول يۈرۈش پىلانى
بويىچە ئاچال داۋىنىدىن ئۆتۈپ، توغراسۇ يايلىقىغا يېتىپ بېرىش كېرەك ئى-
دى. لېكىن ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ دېگەندەك، يولنىڭ
ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ پىلانىنى ئورۇنداشقا بولمايدىغاندەك قىلاتتى.
چۈنكى داۋان دېڭىز يۈزىدىن ئىككى مىڭ بەش يۈز مېتىر ئېگىز ئىدى. بۇ ئا-
چال داۋىنى ئۈرۈمچى- ئىلى هاۋا يولى بولۇپ، ئايروپىلانلار مۇشۇ داۋان
ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بۇ داۋاندىن ئۆتۈش خېلى كۆنلەردىن بېرى پى-
يادە يۈرۈپ كېلىۋاتقان، ھېرىپ- چارچاپ ئاران كېتىۋاتقان كوماندىر-
جەڭچىلەر ئۈچۈن خېلى مۈشكۈل ئىش ئىدى. لېكىن قىسىمنىڭ ئالدى جاپا-
مۇشەققەتنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن بىر كۈن يول يۈرۈپ، كەچ سائەت
بەش بىلەن داۋان ئۈستىگە ساق- سالامەت چىقتى. داۋان ئۈستىگە ئەڭ ئاۋ-
ۋال چىققان جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ، تۆۋەندىكى
داۋانغا يامىشىپ چىقىۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ: «بىز غەلىبە قىلدۇق!»
دەپ چۇقان سېلىپ ۋارقىرىشاتتى. تۆۋەندىن چىقىۋاتقان جەڭچىلەر ئۈستىدى-
كىلەرگە قاراپ: «مانا بىزمۇ يېتىپ بارىمىز، بۇ ئېگىز داۋانلار بىزنىڭ ئىرا-
دىمىزنى بوشاشتۇرالمايدۇ» دەپ ۋارقىرىشاتتى. كوماندىرلار جەڭچىلەر-
گە :«يولداشلار، غەيرەت قىلىڭلار» دەپ سەپنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەدەت بې-
رەتتى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن قىسىم ساق- سالامەت ئاچال داۋىنىنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ بولدى. داۋان ئۈستىگە چىققاندا بەزى جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلى
ئېلىشتى، بەزىلىرىنىڭ بېشى قايدى. چۈنكى داۋان ئۈستىدە ھاۋاشالاڭ ئى-
دى. داۋاننىڭ ئۈستىمۇ ياپپېشىل ئوتلاق بولۇپ، توغراسۇ يايلىقى تېخى

يىراق ئىدى. پولك باشلىقلىرى بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇشنى بۇيرۇدى.
ھەممە روتىلار مېڭىشنى توختىتىپ، ياپپېشىل ئوتلاقتا ئۆزلىرىنى ئېتىشىپ يې-
تىشتى. كۈنمۇ كەچ كىرىۋاتاتتى. داۋان ئىچى يېرىم قاراڭغۇلۇق، يېرىم قى-
زىللىقتا ئىدى. چۈنكى قۇياش ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكۈر قىزىل نۇرلىرىنى داۋان
ئۈستىگە سەپمەكتە ئىدى. شەپەق قىزىللىقى داۋان ئۈستىدىكى ئوتلاقنى ئا-
جايىپ بىر چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئوتلاقتىكى ھەر خىل گۈللەرنى
جۇلالاشتۇرۇپ تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. كوماند-
دىر - جەڭچىلەر كەچكى شەپەق نۇرىغا ھۇزۇرلىنىپ، ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتى.
لېكىن داۋان ئۈستى سوغۇق شاماللىق بولۇپ، ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى.
بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشتى. لېكىن پولك شتاب باشلىقلىرىنىڭ ئو-
رۇنلاشقان چېدىرى تېخىچە يورۇق ئىدى. بۇ يەردىن قىزغىن كۈلكە - چاقچاق
پاراڭلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىلا يېرىم كېچىمۇ بولۇپ قالدى.
پوستلار ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىشىپ تۇراتتى. ئەتراپنى كېچىنىڭ سۈرلۈك
جىمجىتلىقى باستى.
تاڭ ئاتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش تاغ چوققىلىرىغا ئالتۇن نۇر-
لىرىنى چاچتى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەتراپ تەكشى يورۇدى. پۈ-
تۈن قىسىملار ئورنىدىن تۇرۇشتى. داۋان ئۈستىدىكى يايلاق ئاجايىپ بىر
خىل گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى.
شۇ ئارىلىقتا «قاراڭلار» دېدى كىمدۇر بىرى يېنىمىزدىكى تاغنىڭ ئەڭ
چوققىسىدىكى تاشنى ئىشارەت قىلىپ. ھەممىمىز شۇ تەرەپكە قارىغاندۇق،
ئەڭ چوققىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە بىر ئارقار (تاغ تېكىسى) خۇددى بىزنى
تاماشا قىلغاندەك، ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزلىرىنى بىزگە كۆز - كۆز قىلىپ تۇرات-
تى. جەڭچىلەردىن بىرى مىلتىقنى بەتلىدى. غايىبتىن كەلگەندەكلا: «توخ-
تا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممىمىز كەينىمىزگە قارىدۇق. شتاب باشلىقى
ئىنتىك قەدەملەر بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جەڭچىگە ۋارقىراپ كەتتى:
— ھوي، قانداق نېمسەن؟ بىز داۋانغا ئارقار ئوۋلىغىلى كەلدۇقمۇ؟

سەپەر ئۈستىدە ئۇۋ ئوۋلاشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن! ؟

ھېلىقى جەگچى خىجالەت بولۇپ، يەرگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا ئارقارمۇ بىزنى زاڭلىق قىلغاندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئالدىنقى ئىككى پۇتى بىلەن ئىككىنچى تاشقا لىككىدە سەكرىدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇنداق قىلىپ، پولك بۇ داۋان ئۈستىدە بىر كۈن ياخشى دەم ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يول باشلاپ كەلگەن تۇرداخۇن ئاكا قايتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن تۇرداخۇن ئاكا قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى.

— ياق، مەن سىلەر بىلەن يول يۈرۈپ خۇددى توي كۆچۈرۈپ كەلگەندەك خۇشال بولۇۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى توغراسۇ يايلىقىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن قايتىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. قىسىم يولغا چىقتى، كۈن سالقىن ئىدى. روھىي كەيپىيات ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ يولدا ئارىلاپ تاغ ھايۋانلىرى ۋە ھەر خىل قۇشلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇمۇ جەڭچىلەر ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. ئۇلار ھايۋانلارنى ۋە قۇشلارنى كۆرۈشۈپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئۇلار ھەققىدە بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىشاتتى. شۇڭا بۇ ئۇزۇن يول پەقەت بىلىنمەي قالدى.

تۇرداخۇن ئاكا قارا يورغا ئېتىسىنىڭ ئۈستىدە مۇساپىرلار ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتىپ باراتتى.

## توغراسۇ يايلىقىدا

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ماناس دەرياسى بويىدىن غۇلجىغا قاراپ پىيادە يولغا چىققان بۆرۈنقى غۇلجا تۆتىنچى پولك قىسىملارنى رەتكە سالغاندىن كېيىن غۇلجا پىيادە ئىككىنچى پولكى بولۇپ، 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق توغراسۇ يايلىقىغا ساق ـ

سالامەت يېتىپ كەلدى. توغراسۇ يايلىقى جىلىليۇزى (ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى) نىڭ ئەڭ گۈزەل يايلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كۆگەرچىن، يالغۇزقارىغاي داۋانلىرى ئارقىلىق ئۆتەي، سىتەي، با-رامغا چۇشكىلى بولاتتى. جەنۇبىي تەرىپى نىلقا ناھىيىسىگە تۇتىشاتتى، شەرقىي تەرىپى ئاچال داۋان ئارقىلىق جىڭ ناھىيىسىگە تۇتىشاتتى. بۇ يايلاق كۆپرەك تۈزلەڭلىك بولۇپ، ھاۋاسى ئىنتايىن سالقىن ئىدى. قىسىم مانا مۇشۇنداق گۈزەل يايلاققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭ-چىلەر خۇددى ئۆز ئائىلىسىگە كېلىپ قالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ، ئۆزلىرى-نى يېڭى توقۇلغان يېشىل گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىشاتتى. بە-زىلىرى شوخلۇق قىلىشىپ يېشىل چۆپ ئۈستىدە دومىلىشاتتى.

پولك باشلىقلىرى بۇ يايلاقتا ئۈچ كۈن دەم ئېلىشنى بېكىتتى. قازانلار-دا گۆشلەر پىشۋاتاتتى. جەڭچىلەر قۇچاق-قۇچاق گۈللەرنى تېرىپ «بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز» دەپ ئاشپەزلەرگە تۇتاتتى. ئاشپەزلەر ھەشقاللا دېيىشىپ گۈللەرنى ئېلىپ ئىككى تالنى قولىقىغا قىستۇرالاتتى-دە، شورپا ئۇسۇشقا باشلايتتى.

كوماندىر-جەڭچىلەر مەززىلىك گۆش بىلەن شورپىنى راھەتلىنىپ ئى-چىشتى. تاماقتىن كېيىن توغراسۇنىڭ سۈيىگە چۈشۈشتى. ئۇلار سۇنىڭ چوڭقۇرراق يەرلىرىگە بېرىپ، باش چۆكۈرۈشەتتى. بىر-بىرىنى سۇغا بېسى-شاتتى، بىر-بىرىنىڭ كىيىمنى ئېلىپ قېچىشاتتى. جەڭچىلەرنىڭ بۇ خىل خۇ-شاللىقىغا ماسلىشىپ مەنمۇ سۇنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ چۆمۈلۈشكە باشلى-دىم. ئېھتىمالىم قىرىق مىنۇتتەك يۇيۇندۇم بولغاي، بەدەننى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاپتاپتا قاقلىنىپ چۆپ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. گىمناستيوركامنى كىيىشتىن ئاۋ-ۋال ئۇنى قاقتىم، شۇ چاغدا گىمناستيوركىنىڭ يانچۇقىدىن قېرىنداش چۈ-شۈپ كەتتى. مەن ئېڭىشىپ قېرىنداشنى يەردىن ئېلىپ گىمناستيوركا يانچۇقى-نىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ تۇرۇپ قېرىنداشنى سالماقچى بولغاندا، قولۇمغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى. بۇنى دەرھال قولۇمغا ئېلىپ قارىغاندىم. تۇمارچە قاتلان-

غان بىر پارچە خەتنى كۆردۈم. بۇ خەتنى قولۇمدا تۇتقاچ تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن خەتنى قاتلاقلىرىنى بۇزۇۋەتمەي ئاۋايلاپ ئاچتىم، بۇ ۋاقىتتا تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ خەت جىلىڭ ئۇرۇشىدا يارىدار بولۇپ قۇربان بولغان جەڭچى ئابدۇللامنىڭ ئۆز ئانىسىغا يازغان خېتى ئىدى. ئابدۇللام بۇ خەتنى پولك دوختۇرخانىسىدا ئېغىر يارىلىنىپ ياتقاندا يوقلاپ بارسام، ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ ماڭا تاپشۇرغانىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغان:

«مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان مېھرىبان ئانا، سېنى سېغىنغىنىمنى تىلغا ئالسام قېشىڭغا هازىرلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ. لېكىن بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز، خەلقنىڭ دۈشمىنىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلماي تۇرۇپ، ئەلۋەتتە بارالمايمىز. جېنىم ئانا، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭ، سېنىڭ ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ، باشلىرىمنى سىيلاپ باتۇر بول قوزام، مەن يالغۇز ئەمەس، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە، دەپ سۆيۈپ ئۇزاتقىنىڭ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئانا، مەن بىرنەچچە سەپداشلىرىم بىلەن ئەتە دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىشقا بارىمەن. جېنىم ئانا، ئۇرۇش دېگەن يا ئۆلۈم- يا كۆرۈم، ئۇرۇش دېگەن قان تۆكۈش، بىزنى چۈشىنىسەن. ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەم، ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ، كۆكسۈڭنى چاك ئېتىپ، چاچلىرىڭنى يۇلۇپ يىغلىما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. جېنىم ئانا، مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن ئارزۇلىغاندەك باتۇرلۇق بىلەن ئۆلىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن بەخت، ئەلۋەتتە. كۆڭلۈڭنى بۇزما. ساڭا ئاتاپ بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر يازغانىدىم. بۇ بەلكىم هاياتىمنىڭ ئاخىرىدىكى يۈرەك سۆزلىرىم بولۇپ قالار، بۇ شېئىرىم ساڭا تەسەللى بولۇپ قالار:

ئانىجان يادىمدا بار،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئون سەككىز ياشمىغىچە ،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى .
رازى بولغىن جان ئانا ،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى .

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن ،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم .
كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ،
كۆكرەككە ئوق يېگەنىدىم .

يىغلىماڭ جانىم ئانا ،
ھەر جايدا باردۇر بىر ئۆلۈم .
چۈنكى ئېچىلماي تۇزىدى ،
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم .

خەير خوش ئانا ، ئۆلۈپ كەتسەم بۇ خېتىم ساڭا بىر ئۆمۈر تەسەللى . ھايات قالسام ، ساق- سالامەت كۆرۈشەرمىز ، ئەمما ، مەن ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى جەزمەن ئادا قىلىمەن . ئانا ، بۇگۈن چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ . چۈشۈمدە دادام چاقىرغۇدەك ، يۈگۈرۈپلا چىقسام ، قولۇمدىن يېتىلەپ قاراڭغۇ بىر تار كوچىغا ئەكەتتى . ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا خەت ئارقىلىق سىىنىڭ مېھر - شەپقەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە سۆيۈپ ،

خەت يازغۇچى ئوغلۇڭ ئابدۇللام

1945 - يىلى 7 - ئاي . »

مېنىڭ بۇ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم ئىختىيارسىز ھالدا تىترەپ كەتكەنىدى . مەن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتىم- دە ، يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى ئېلىپ كۆزلىرىمدىكى ياشنى سۈرتتۈم . خەتنى يەنە ئۆز پېتىچىلا قاتلاپ مەي-

ـدە يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە : « مەن چوقۇم بۇ خەتنى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىنى تېپىپ ئۆز قولىغا تاپشۇرىمەن » دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە ، ئاندىن ئولتۇرۇپ بىر ئورام موخوركىنى چەكتىم . شۇئان خىيالىم ئاللىقاياقلارغا كەتكەندەك بولدى . كۆز ـ لىرىم بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا مۇنۇ ئويلارغا كەتكەندەك بولدى . بىز ئۇنى جىلغ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلار قاتارىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانىدۇق . ئاب ـ دۇللامنىڭ ئانىسى خەۋەر تاپقان بولغىيتتىمۇ ، ئاڭلىغان بولسا قانچە ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغاندۇ ، مەن ئەمدى ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى ئاپىرىپ بېرىمەن . ئۇ ئانا مېنىڭ بويۇمغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ . بالام قېنى ، مې ـ نىڭ قوزام قېنى ، ئۇ نېمىشقا سىز بىلەن بىللە قايتىپ كەلمىدى دەيدۇ ، مۇر ـ لىرىمگە ئۇرۇپ ، كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ بالىسىنى سورايدۇ . بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قانداقمۇ بەرداشلىق بەرگىلى ، نېمدەپ تەسەللى بەرگىلى بولار ؟ ئەي بىچارە ئانا ، راست ئۇ سېنىڭ باغرىڭنى يېرىپ تۇغۇل ـ غان پەرزەنتىڭ ئەمەسمىدى ··· بۇلارنى ئويلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئازابلىق بىر ھېسسىيات چىرمىۋالغانىدى . قاياقتىندۇر مېنى ئىزدەپ كەلگەن جەڭچى ـ نىڭ : « ھۆرمەتلىك شتاب باشلىقى ، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ » دېگەن جا ـ راڭلىق ئاۋازى مېنىڭ چىگىش ۋە ئازابلىق خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى . مەن ئېسىمنى يىغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . جەڭچى :

— مەن سىزنى باياتىن ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى ··· ،— دېدى . مەن كۆڭلۈمدىكى بىئاراملىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جەڭچىنىڭ مۈرىسىگە مېھرىبان ـ لىق بىلەن يېنىككىنە بىر ئۇرۇپ قويدۇم ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ كەتتىم .

كوماندىرلار بىر مۇھىم ئىش بىلەن خېلىدىن بېرى مېنى ساقلاپ تۇرغان ـ كەن . مەن كېلىشىمگىلا روتا بويىچە ئۇيۇشتۇرغان چېلىشىش مۇسابىقىسى باشلانغانلىقنى ئېلان قىلدى . ھەربىر روتىدىن تاللانغان چېلىشچىلار چېلىش ـ قا چۈشتى . چېلىشىش ناھايىتى قىزىپ كەتتى . ئاخىرىدا ئىككىنچى باتالىئون بىرىنچى ، بىرىنچى باتالىئون ئىككىنچى ، ئۈچىنچى باتالىئون ئۈچىنچىلىكنى ئالدى . شەخسلەردىن ئىككىنچى باتالىئون تۆتىنچى روتا جەڭچىسى قادىر

مەمەت بىرىنچى، بىرىنچى باتالىئون ئۈچىنچى روتا جەڭچىسى تۇرسۇنجان ئىككىنچى، ئۈچىنچى باتالىئون يەتتىنچى روتا جەڭچىسى ئابدۇللا ئۈچىنچى بولۇپ باھالاندى.

— تاللانغان پالۋانلار بىلەن چېلىشىدىغانلار بارمۇ؟— دەپ باشقۇرغۇچى ۋارقىرىغاندا، چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كوماندىرلاردىن ئەبەيدۇللام ئۆزىنى تۇتالماي:

— مانا مەن چۈشەي،— دەپلا مەيدانغا كىردى. تاللانغان پالۋان جەڭچىلەر:

— بىز كوماندىرلار بىلەن چېلىشمايلى، ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ،— دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى پولك باشلىقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەبەيدۇللام بىرىنچىلىكنى ئالغانلار بىلەن چېلىشىپ، بۇ ياش پالۋانلارنى يىقىۋالدى. بىردىنلا مەيدان ئىچىدە گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ۋە ھۇررا دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.

پولك شتابى ئەتراپىدا، ئوفىتسېر- جەڭچىلەر يىغىلغان يەردە ئەبەي ئاكا ئىسكىرىپكىنى قانداقتۇر بىر مۇڭلۇق كۈيگە چېلىۋاتاتتى. ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر كۆزلىرىنى ئۇنىڭ چېۋەر قوللىرىدىن ئۈزمەي، چوڭقۇر خىياللارغا كەتكەنىدى. بىردىنلا ئىسكىرىپكا لەرزان ئۇيغۇر ناخشىلىرىغا كۆچتى. كۆپچىلىك ھەممىسى ناخشىغا قوشۇلدى. مەيدان ئىچىدە تۇرداخۇن ئاكا بۆكىنى قىرلاپ قويۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشتى. تۇرداخۇن ئاكا مەيداننى بىرنەچچە پىرقىراپ كىلىپ، مېنى ئۇسسۇلغا تارتتى. مەن ئۇسسۇل بىلمەيتتىم. پۇتۇم كەلسىمۇ قولۇم كەلمەيتتى. تۇرداخۇن ئاكىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇسسۇلغا چۈشتۇم. ئەبەي ئاكا دەرھاللا ئىسكىرىپكىنى رۇسچە ئادىنوشكىغا ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن ئادىنوشكىنى بىرقەدەر ياخشى ئوينايتتىم. بىردەم ئادىنوشكا ئوينىغاندىن كېيىن مۇزىكا ۋالسقا ئۆزگىرىپ كەتتى. مەن دەرھال بىر كوماندىرنىڭ ئالدىغا كىلىپ تانسىغا تارتتىم- دە، ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ ۋالس ئوينىدۇق. تۇردا-

خۇن ئاكا ھەيرانلىقتا بىردەم كۆزلىرىنى چىملدىتىپ قاراپ كەتتى- دە ، ئاندىن:

— تووۋا خۇدايىم ، سىلى ئۇسسۇلنى باشقىلارنى قۇچاقلاپ ئوينايدىكەنلا - ھە ؟ باشتىلا مېنى قۇچاقلاپ ئوينىغان بولسىلا ، خۇش بولۇپ كېتەتتىم ئەمەسمۇ ،— دېيىشكىلا مەيداننى بىردىنلا كۈلكە ساداسى قاپلاپ كەتتى . مەنمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم- دە ، قىزىقچىلىق قىلىپ تۇرداخۇن ئاكىنى مەيدانغا چۈشۈردۈم ، تۇرداخۇن ئاكا تانسا بىلمىگەچكە بىردەم سۆرەلدى- دە ، ئاندىن:

— بولدى ، بولدى ، مەن ئۆزۈمنىڭ دوپپامنى قىرلىغىنىم ياخشى ئىكەن ،— دەپ مەيداندىن قېچىپ چىقىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن مەيداندا يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

كوماندىر- جەڭچىلەر ئەبەي ئاكىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇ خۇش خۇي ، چاقچاقچى ، رۇس تىلىنى مۇكەممەل سۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى . ئاق كۆڭۈل بۇ ئادەم مۇڭلۇق ، سۇنۇق كۆڭۈللەرگە جۇشقۇن ، شوخ ، نازۇك ساز- ناخشىلىرى بىلەن ئارامبەخش ئېتەتتى . مانا بۈگۈن پۈتۈن يايلاق بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەنىدى . جەڭچىلەرنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ، روھىي كەيپىياتىدىكى جۇشقۇنلۇق ئۇلارنى ئىككى يېرىم يىللىق ھەربىي تۇرمۇشى بىلەن پىيادە بېسىپ كېلىۋاتقان سەپەر ھاردۇقىنى ئۇنتۇلدۇردى . شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى دەم ئېلىش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى . جەڭچىلەر بۈگۈنكى شادلىقىنىڭ كەيپىدىن مەست بولغان ھالدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى .

تاڭ ئاتتى . ھاۋا بىر ئاز بۇلۇتلۇق ئىدى . ئەتىگەن شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ شەپەق نۇرلىرى بۇلۇتلار ئارىسىدىن بىلىنەر- بىلىنمەس غۇۋا كۆرۈنۈپ قالاتتى . ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ چۆپ ئۈستىدە ماڭسىڭىز ، گۈل ۋە چۆپلەردىكى شەبنەم تامچىلىرى پۇتلىرىڭىزنى ھۆل قىلىۋېتەتتى . بۇ مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرى ئادەمنىڭ تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە بولغان زوقىنى قوزغايتتى .

مانا بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتسە،
بۇ ئوچۇقچىلىق يايلاقتا جەڭچىلەر قانداق قىلار؟ نېمە بىلەن يانالىنار؟ كىـ
يىملىرى ھۆل بولۇپ كەتسە، قانداق قىلارمىز دەپ، كوماندىرلار ئۆز كۆڭلىـ
دە ئەندىشە قىلىشىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى پولك باشلىقلىرى ئۇققاندىن كېيىن،
مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان كادىرلارغا تەربىيە بېرىپ مۇنداق دېـ
دى:

— يولداشلار، سىلەر ئېيتقاندەك يامغۇر قاتتىق ياغسا، تالادا يېتىش
قىيىن، ھەربىر روتىنىڭ ئاشخانىسىدىن باشقا چېدىر يوق، لېكىن غەيرەت
قىلايلى، سەپىرىمىزمۇ ئاز قالدى. شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارـ
نى يېڭىپ، بۇ يايلاقتا يېتىپ كەلدۇق، بۇ، يايلاقتا ياغقان يازنىڭ يامغۇـ
رى بىزنىڭ غەيرىتىمىزنى سۇندۇرالمايدۇ، — دەپ سۆزلىگەندىن كېيىن كاـ
دىرلارنىڭ ئەندىشىسىمۇ كىچىككىنە بىسىققاندەك، كۆڭلى تەسەللى تاپقانـ
دەك بولدى.

چۈشكە يېقىن سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىردىنلا يەر ـ جاـ
ھاننى تىترىتىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر تېخىمۇ ئىتتىكلەپ
راسا قۇيۇۋەتتى. جەڭچىلەر يېپىنچىلىرىنى بېشىغا ئارتىپ، مىلتىقلارنى بىر ـ
بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ، ئۈستىگە چاپانلىرىنى يېپىپ، بىر ئاز دالدىلانغان
بولسىمۇ، بۇ كار قىلمىدى. بەزى جەڭچىلەر كوماندىرلارغا دېمەيلا يارنىڭ
بويىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى يامغۇردىن دالدىغا ئالدى. يامغۇر چۈشكىچە ئىنتاـ
يىن قاتتىق ياغدى. يايلاقتا خۇددى كەلكۈن كەلگەندەك چۆپلەرنىڭ ھەممىـ
سىنى ياتقۇزۇۋەتكەنىدى. چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ يامغۇر توختىدى.
جەڭچىلەر خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇشۇپ قالغانىدى.

ئورنىدىن تۇرغان جەڭچىلەر سىرتقى كىيىملىرىنى سىلىپ سىقىشىۋاتاتـ
تى. شۇنداق قىلىپ كەچ كىرگۈچە ھەممىسى كىيىملىرىنى سىقىۋېتىپ باشقىدىن
كىيگەن بولسىمۇ، ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن ھۆل بۇلارنىڭ چىرايلىرىنى
كۆكەرتىپ، تېرىلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. يامغۇرنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيناۋۇر

بۇگۈن كېچە هاۋا سالقىن بولدى. كىيمەر ياخشى قۇرۇمىغاچقا، ئۇخلاشمۇ
تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر روتا يېقىن ئەتراپتىن ئوتۇن تېرىپ كې-
لىشكە بىرنەچچىدىن جەڭچى ئەۋەتتى. بۇلار بۈگۈن كېچە ئۇخلىماي، گۈل-
خان يېقىپ ئوت ئىسسىقىدا قاقلانماقچى بولدى. ئاخىر ھەربىر روتا خېلى
نۇرغۇن قۇرۇق شاخلارنى، كۆتەكلەرنى يىغىپ، گۈلخان يېقىشتى. روتىلار
بويىچە ئون نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىلدى. گۈلخان ئەتراپىدا جەڭچىلەر
كەچلىك تاماقلىرىنى يېيىشىپ، ئاندىن قاتار ئولتۇرۇپ، ئوتقا قاقلىنىپ چا-
پان ۋە كىيملىرىنى قۇرۇتقاچ چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا چۈشتى.
شۇنداق قىلىپ بۇ گۈلخان ئوتىدا جەڭچىلەر ئۆزلىرى ئوبدان ئىسسى-
نىپ، كىيىم- كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلاشتى. گۈلخان-
نىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى يايلاقنى ئاجايىپ بىر گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنى-
دى. يىراقتىن قارىغان-كىشى خۇددى چۆچەكلەردىكى كېچىسى كۆرۈنگەن
ئوت يالقۇنىنى ئىختىيارسىز ئەسلەيتتى.
بىردەمدىلا ئەتراپ جىمىپ، ھەممە ئادەم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلار
تاڭ سەھەرنىڭ ئەڭ شېرىن ئۇيقۇسىنىمۇ قېنىپ ئۇخلىدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىق-
قاندىن كېيىن، روتىلاردا ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالى چېلىنغاندىن كېيىن،
جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئەتراپتىن يامغۇردىن كېيىنكى يايلاق گۈللىرى-
نىڭ خۇش بۇي ھىدى كېلىپ تۇراتتى. كۈن شۇنداق ئوچۇق، شۇنداق قىزى-
رىپ چىقتىكى، پۈتۈن كائىنات قىزىل نۇرغا پۈركىنىۋاتقاندەك تۈسكە كىرگە-
نىدى. جەڭچىلەر يۈز- كۆزلىرىنى تاغنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك، پاكىز سۈيىدە
يۇيۇشۇپ چايغا ئولتۇرۇشتى. چايدىن كېيىن يول يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىل-
دى. ھەممە روتىلار سەپ- سەپكە تىزىلىپ تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. تۇيۇق-
سىزلا ئالتىنچى روتا كوماندىرى دوكلات قىلىپ ئۈچ جەڭچىنىڭ يوقلۇقىنى
ئېيتتى. مەن روتا كوماندىرىدىن دەرھال سورىدىم:
— ئاخشام تولۇقمىدى؟
روتا كوماندىرى دەرھال:

— ئاخشام يوقلىما قىلالمىغانىدۇق. چۈنكى جەڭچىلەر يامغۇردا ھۆل بولۇپ ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ. بەزىلەر بۇ ئۈچ جەڭچى يامغۇردىن كېيىنلا كۆرۈنمىگەن، دەيدۇ. بىز باشقا روتىلارغا بارغان ئوخشايدۇ دەپتۇق. ئاخشام ھەممىمىز ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ ئۇخلاپ كېتىپتۇق— دېدى مەن دەرھال:

— ئېنىقلاڭ، يامغۇردىن بۇرۇن كۆرگەنلەر بارمىكىن،— دېدىم. روتا كوماندىرى يۈگۈرۈپ ئۆز روتىسىغا كەتتى-دە، تېزلا قايتىپ كېلىپ:

— تۈنۈگۈن يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ يار تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى غىل- پال كۆرگەنلەر بار ئىكەن،— دېدى. مەن دەرھال ئۇلارنى ئىزدەشنى بۇيرۇدۇم. مەنمۇ ئاۋۋال يار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇم. لېكىن يار ئەتراپىدا ھېچقانداق ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن كۆپچىلىككە:

— قالايمىقان يۈگۈرمەي، ئىزىغا سەپسىلىڭلار،— دېگەنىدىم. ئىزلىگۈچىلەر ئۈچ جەڭچىنىڭ يار بويىدىكى ئىزى ئاخشامقى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يارنىڭ يېنىغا كېلىپ يىتىپ كەتكەنلىكىنى بايقاشتى.

مەن روتا كوماندىرىغا:

— ئاۋايلاپ توپىنى تاشلاڭلار،— دېدىم. تۇرۇپلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. چۈنكى شۇنچە ئۇرۇشلاردىن، ئۇزۇن سەپەرلەردىن ساق كېلىپ بۇ يەردە ... . ئۇنىڭغىچە كولاۋاتقانلار:

— شتاب باشلىقى، بۇلارنى يار بېسىۋاپتۇ. مانا بىرىنىڭ پۇتى كۆرۈندى،— دەپ ۋارقىرىدى. ئاستا- ئاستا ئۈچ جەڭچىنىڭ جەستى يارنىڭ توپا ئاستىدىن قېزىۋېلىندى.

تۈنۈگۈنكى يامغۇردا بۇ ئۈچ جەڭچى ھېچكىمگە گەپ قىلماي، مۇشۇ يارنىڭ لېۋىدە يامغۇردىن پاناھلانماقچى بولۇپ ئولتۇرغان، يامغۇر قاتتىق يېغىش بىلەن ھۆللىقى يارنىڭ ئازراق دەز كەتكەن يېرى بولسا كېرەك، يامغۇر سۈيىنىڭ شارقىراپ كىرىشى بىلەن ھۆللىقى يېرىق ئاستا- ئاستا كېڭىيىپ جەڭ-

چىلەرنى بىسۋالغان. بۇ ئۇچىنىڭ بىشى بىر يەردىلا بولۇپ، ئۇچىلىسى ئولتۇرغان پىتى جان ئۇزگەنىكەن.

مەن بۇ ئۇچ جەڭچىنىڭ ئىچىنىشلىق جەسەت ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى قانداقتۇر بىر تىترەك بىسىپ، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش تۆكۈلدى. كۆزلىرىمدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلگەن ھالدا جەسەتلەرنىڭ يىنىغا باردىم- دە، ئۇلارنىڭ ئىچىلىپ قالغان كۆزلىرىنى قولۇم بىلەن ئاستا سىلاپ يۇمدۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئەتراپىمدا ئولىشىپ تۇرغان كۆپچىلىككە قاراپ:

— بۇلار ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىنى قىيالماپتۇ. ئەلھۆكمىلىللا !— دەپ قويدۇم- دە، بىرىپ بۇ ئۇچ جەڭچىنىڭ ئەھۋالىنى مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخانغا مەلۇم قىلدىم. پولك باشلىقلىرى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئۇچ نەپەر جەڭچىنىڭ جەسىتىنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلايلى دىيىشتى. بىردەمدىلا يەرلىكلەر كولىنىپ ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈردۇق- دە، شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق ھەمدە ئۇستىگە يوغان بىر تاشنى خاتىرە بەلگە قىلىپ تىكلەپ قويدۇق.

بۇ ئەھۋال پۈتۈن پولكنىكى كوماندىر- جەڭچىلەر ئۇچۇن بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلىك ئىدى. ئۆز روتىسىدىكى جەڭچىلەر تاغ گۈللىرىدىن گۈل چەمبىرەك ياساپ، بۇ ئۇچ جەڭچىنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ قويدى. مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دىدى:

— بۇ ئۇچ سەپدىشىمىز ياخشى يولداشلاردىن ئىدى. غۇلجىنىڭ يىزىلىرىدىن يالىڭاياغ قىچىپ چىقىپ، بىزنىڭ ئىنقىلابىي سىپىمىزگە قوشۇلغانىدى. بۇلار ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ بولسىمۇ ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن خەلق دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، ئازادلىق ئۇچۇن زوراۋان كۈچلەرگە قارشى قولغا قورال تۇتۇپ جەڭ قىلغان. مۆلدۈردەك يىغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئىچىدە ئۆلۈمدىن قورقماي قان كىچىپ ھەرەمباغ، لياڭشاڭ بۇتخانىلىرىنى پارتىلىتىشتا، ئايرودرومدا جەڭ قىلغان، يەنىسخەي ئورمانلىرىدا،

ئاق قار ـ كۆك مۇزلاردا بىر پارچە قاتتىق ناننى تەڭ يەپ، بىر يۇتۇم ئۇسسۇزلۇقنى تەڭ ئىچىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئۇزۇن سەپەرلەرنى پىيادە بېسىپ، مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، — دېدى-دە، گويا گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى. مۇۋەققەت پولك كوماندىرى ئادەتتە سۆز قىلغاندا بىر ئاز دۇدۇقلاپ سۆز قىلغاچقا شۇنداق بولدىمۇ ياكى كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ، بىرئازدىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەپسۇس، بۇ يولداشلىرىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدۇق. مانا قاراڭلار، قولىمىزنى سوزساق يەتكۇدەك يەردە ھەممىمىزنى غەلىبە بېسىپتۇ. بۇ يولداشلارنىڭ روھى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات. تارىخ بۇ قەبرىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، كۆمۈۋەتمەيدۇ. بىر كۈنلەردە بىز بۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تارىخ بېتىدە ئوقۇيمىز ھەم ئەسلەيمىز. خەير، قەدىردان يولداشلىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىزگە تەسەللى بولغۇسى، — دېدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاستا كەينىگە بىرقانچە قەدەم ماڭدى. لېكىن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ كۆز يېشىنى توختىتىش بەك قىيىن ئىدى. بەزىلەر ھەتتا ئۈن سېلىپ يىغلىشىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىپ تۇردۇم. بۇ ۋاقىتتا مەن كۆپچىلىككە تەسەللى بېرىش مەزمۇنىدا بىرقانچە ئېغىز سۆزلىدىم. بۇ سۆزلەردىن كېيىن: «ياتقان يېرىڭلار جەننەت بولسۇن!» دەپ قايتتۇق. بۇ ئۇنتۇلماس ئۈچ قەبرىنى ھېچكىم تاشلاپ كېتىشنى خالىمايۋاتاتتى، بۇ ئەھۋال ھەممىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر يوقىتىش ئىدى. شۇ ئەسنادا غۇلجا تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق ساقچى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار يول ئۈستىدە تۇرغان بىرىنچى باتالىيون كوماندىرىدىن:

— پولك باشلىقلىرى قەيەردە تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. كومبات پولك باشلىقلىرى تۇرغان يەرنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار پولك باشلىقلىرى تۇرغان يەرگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزمخان ئۇلارغا قاراپ:

— سىلەر نىمە ئادەم؟— دەپ سورىدى. ساقچىلار:

— بىز غۇلجىدىن ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى مىڭغا يېقىن گومىنداڭ ئەسىرلىرىنى ئۇن بىر ماددىلىق بىتىم بويىچە گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ھەيدەپ كېلىۋاتىمىز. يولىمىز بىر ئىكەن. مۇشۇ يەردىن ھەيدەپ ئۆتسەك، جەڭچىلەر غەزەپلىنىپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن كەلدۇق،— دېدى. مەزەمخان قانداق قىلساق بولىدۇ دېگەندەك ماڭا قارىدى. مەن:

— سىلەرنىڭ ئالدىن كېلىپ ئالاقىلەشكىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ. بىزنىڭ جەڭچىلەر يىگىرمە نەچچە كۈن جاپالىق يول يۈردى. جەڭچىلەرنىڭ تاپانلىرى قاپىرىپ، ئاياغ كىيىملىرى يىرتىلىپ، پۇتلىرى يارا بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ يىرتىلغان ئاياغلىرىنى ياماپ سەپەرنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. جەڭچىلەرنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىمۇ يىرتىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئەسىرلەرگە ئايئاق كەلمىنكادىن ئىشتان- چاپان، يېڭى ئاياغلارنى كىيگۈزۈپ، جەڭچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەيدەپ ئۆتسەڭلار، ئەلۋەتتە، ئۇرۇش قىلىپ قان تۆككەن، قۇربان بەرگەن جەڭچىلەر غەزىپىنى باسالماي، قولىدىكى قورالدىن ئەسىرلەرگە ئوق چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال يۈز بىرىپ قالسا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئەخمەت ئەپەندىلەرنى يەرگە قارىتىپ قويىمىز. شۇڭا بۇنداق ئېھتىمالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىلەر ھازىر قايتىپ بىرىپ ئەسىرلەرنى ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغ ئارقىسىدىكى تۈيۈق سايغا ئاپىرىپ دەم ئالدۇرۇپ تۇرۇڭلار. بىزنىڭ پولك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن سىلەر ئۆز يولۇڭلار بىلەن ماڭغىنىڭلار تۈزۈك،— دېدىم. مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان شۇنداق قىلىڭلار دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزگە يول باشلاپ كەلگەن تۇرداخۇن ئاكىغا بىر ئات بىرىپ قىسىم نامىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ساقچىلار بىلەن بىللە ئەسىرلەرنى ھەيدەپ جىڭغا — ئۆيگە قايتىڭ، دەپ يولغا سېلىپ قويدۇق. بەزى جەڭچىلەر

ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئابدۇرېھىم (بول-
شېۋىك) ، ئوسمان (ياڭدۇزا) ، ئابدۇل (توڭگۇز) لار بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ
راسا ئەدىبىنى بېرەيلى ، دەپ يېنىدىكىلەرنىمۇ ھەرىكەتلەندۇرۇپ، پىلىموتلا-
رىغا ئوق سالغانلىقىدىن تېزلا خەۋەر تاپتىم. ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىلەر پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار ، ئەگەر بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ئىش چى-
قىپ ، ئون بىر بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا ، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى-
مىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئۆز ھېسسىياتىڭلار بويىچە ئىش قىلماي ،
ئىنتىزامغا رىئايە قىلىڭلار ،— دېدىم. ئابدۇرېھىم (بولشېۋىك) دەرھاللا :

— ھۆرمەتلىك باشلىق ، بىزنىڭ گومىنداڭغا ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەر-
لىرىمىزنى ئۇلارمۇ قايتۇرۇپ بېرەمدۇ ؟— دەپ سورىدى .

— قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ، ئون بىر بىتىمگە شۇنداق يېزىلغان ،—
دېدىم مەن. باشقىلار تەڭلا :

— نېمىنى قايتۇرىدۇ ؟ ئۇ جاللاتلار ئالغان بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى
ئۆلتۈرۈپ تاشلىغاندۇ ،— دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇلارغا ئوبدان
تەربىيە بېرىپ بېسىقتۇرۇپ قايتىپ كەتتىم.

چۈشتىن كېيىن پولك يولغا چىقتى. لېكىن جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلى ئارام-
دا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەيلىچە بولسا ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قى-
لىچ بىلەن نەچچە يۈز پارچە قىلىۋەتسىمۇ ئۆچى چىقمايتتى. «ئەپسۇس ، بۇ
باشلىقلارنىڭ سىياسەت دەپ تىنت-تىنت» دەپ ئادەمنى توسۇپ قويۇۋاتقىنى
بولۇۋاتاتتى. ئابدۇرېھىم (بولشېۋىك) ۋە نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ كۆزى يول-
نىڭ چېتىدە ئىدى. ھەي ، ئۇلار بىر يەردىن چىقىپ قالسا ئىدى ، دەپ ئۇياق-
بۇياققا تەقەززالىق بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئەسىرلەرنى تۈيۈق سايدا توختىتىپ تۇرغاچقا ، يولدا ھېچقانداق ئە-
سىرلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پولك توغراسۇ يايلىقىدىن غەربكە قاراپ
ئىلگىرىلەپ ، يېرىم كېچىدە ھازىرقى غۇلجا ناھىيە ئالتۇن كان ئەتراپىغا كې-
لىپ قونماقچى بولدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تاشلىق ساي ، ساينىڭ ئوت-

تۈرىسىدىن بىر ئېرىق تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. سۇ تاشتىن- تاشقا ئۇرۇلۇپ، ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. تاغنىڭ يان ئارىلىرىدا ئىپتىدائىي قارىياغاچلىق بولۇپ، ئاندا- ساندا چارۋىچىلارنىڭ تام ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. روتىلار دەرھال قارىياغاچلىققا ئورۇنلاشتى.

## پەنجىم خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قارشى ئېلىشى

بۈگۈن كېچە خۇشاللىقىدىن ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. بەزىلەر ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى، بەزىلەر تاماكا چېكەتتى، بەزىلەر ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان بولسىمۇ، ئۇياق- بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئەتە غۇلجىغا يېتىپ باراتتى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈن غۇلجىغا يېتىپ بارىمىز. ئاتا- ئانا، خوتۇن- بالىلىرىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز، دەپ ئالدىرىشىۋاتاتتى. بۇنداق خۇشاللىقتا قورساقنىڭ ئاچقىنىمۇ بىلىنمەي قالىدىكەن. ئەتىگەندە ھېچكىمنىڭ چاي ئىچكۈسى كەلمىدى، ھېچكىمنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى.

بۇلار ئۈچۈن ۋاقىت نىھايەت سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. دەل سائەت سەككىزدە پولك سەپ بولۇپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. مېڭىش ئالدىدا مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان پۈتۈن پولكقا تۆۋەندىكى مەزمۇندا سۆز قىلدى:

— يولداشلار، بىز بۈگۈن كەچكە يېقىن غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بارىمىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يولدا قاراياغاچ مازاردا بەزى يولداشلارنىڭ ئاتا- ئانىسى ياكى ئائىلىسىدىكىلىرى قارشى ئېلىشقا چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپلا، سەپكە قايتىپ مېڭىشى كېرەك. بولۇپمۇ پەنجىم يېزىسىغا كىرگەندە، خەلقلەر ئۆز ئىختىيارىي بويىچە سەپ تارتىپ ئۆز

پەرزەنتلىرىنى قارشى ئېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن يول بۇرگەندە، خەلق بىلەن كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرۈڭلار. ئەگەر مېۋە-چېۋە سۇنسا، ئېغىز تېگىپ، رەھمەت ئېيتىڭلار. پەنجىم يېزىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزگە كەلگەن ئۇقتۇرۇشقا قارىغاندا، ئاقئۆستەڭ كۆۋرۈك بېشىدا غۇلجا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باشلىقلىرى بىزنىڭ پولكىمىزنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدىكەن. شۇڭا يولداشلار شۇ يەرگە بارغاندا ئىنتىزامغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ھەربىي فورمىڭلارنى تۈزەشتۈرۈپ، باشلىقلارغا ھۆرمەت سالىمى بېرىڭلار،— دېدى. مۇۋەققەت پولك كوماندىرىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئالغا يۈرۈش قوماندىسى بېرىلدى. پۈتۈن پولك خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى. چۈشكە يېقىن قاراياغاچ مازىرىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئات-ھارۋىلاردا، بەزىلىرى سەھرالاردىن كەلگەن كۆتەك ھارۋىدا، بەزىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ كىرا خادىك ھارۋىلىرىدا، يەنە بەزىلەر ئاتلىق، پىيادە دېگەندەك، ئوفىتسىر-جەڭچىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئاياللىرى، كىچىك باللار بولۇپ قارشى ئېلىشقا چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ دادام كۆك بوز ئات قوشقان خادىك بىلەن قىزىم ئاسىيەنى ئېلىپ ئايالىمۇ كەلگەنىكەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، قىزىمنى قولۇمغا ئېلىپ سۆيدۈم-دە، ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئەمدى سىلەر قايتىڭلار، دەپ خوشلىشىپ يەنە پولكقا قايتىپ كەلدىم. باشقىلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن قىسىم بۇ يەردە بىر سائەت دەم ئالدى. بەزىلەر يىغلىشىپ، بەزىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان. بەزىلەر بالىلىرىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ يۈزلىرىگە سۆيۈپ، ئاجايىپ بىر داغدۇغىلىق قاينام-تاشقىنلىق ھالەت شەكىللەندى. شۇنداق قىلىپ بىر سائەت ۋاقىتمۇ توشتى. پولك ئالغا قاراپ ماڭدى. قارشى ئېلىشقا چىققان ئائىلە-تاۋابىئاتلار پولكنىڭ ئارقىسىدىن بىللە ئەگىشىپ ماڭدى. پولك چەبدەس قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، يۇقىرى پەنجىم يېزىسىغا كىرىشى بىلەن پۈتۈن پەنجىم، تۇرپانيۈزى، ھەتتا جې-

لىلىيۈزىدىن كەلگەن نەچچە يۈز ئەر-ئايال مەھەللىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە
رەتلىك تىزىلىپ قوللىرىغا پەتنۇس، سېۋەت، تاۋاقلاردا ئۆرۈك، ئالما،
شاپتۇل، ئۈزۈم، ھەر خىل مېۋىلەر، سىياھدان بىلەن تۇخۇم سۈركەپ يېقىلـ
غان ئوخشىغان مايلىق توقاچ، تونۇر سامسىلىرى، سۈت-قايماق، تۇخۇم
قاتارلىقلارنى ئەكىلىپ جەڭچىلەرگە تۇتۇشتى. ھەيۋەتلىك داقا-دۇمباقلار
بىلەن «خەلق قەھرىمانلىرىنى قارشى ئالىمىز! قەھرىمانلارغا سالام» دېگەن
شوئارلار ئەتراپنى لەرزىگە سالاتتى. قىزلار جەڭچىلەرگە چۆرىسىگە تور تۇ-
تۇلغان، ئىشلەنگەن ۋە چىرايلىق گۈللەر ئىشلەنگەن قول ياغلىقلارنى
تاشلايتتى.

خەلقنىڭ مۇنداق قارشى ئېلىشىنى ھېچقانداق ئورۇن تەشكىللىمىگەن يا-
كى ئورۇنلاشتۇرمىغانىدى. پەقەتلا جەڭچىلەرنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلىغان ئاۋام خەلق ئۆزلىرى ئىختىيارىي ھالدا تەشكىللىنىپ، شۇنداق داغ-
دۇغىلىق قارشى ئېلىشى شۇ تاپتا پۈتۈن پولكنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈن پىيادە
يول مېڭىپ تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنىڭ ھاردۇقىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەت-
كەنىدى. خەلقنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بۇنداق قارشى ئېلىشىنى كۆرگەن ئوفىت-
سېر-جەڭچىلەر خۇشاللىق ۋە ھاياجان ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ مېڭىۋاتات-
تى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ خەلق ئۈچۈن قانچىلىك قان كېچىپ، قۇر-
بان بېرىپ، ئۇرۇش قىلساڭ، ھەرقانچە ئاق قار-كۆك مۇزلاردا يېتىپ، بە-
زىدە ئاچ قېلىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك مۇساپىلەرنى باسقان بولساڭمۇ ئەر-
زىيدۇ دەپ ئىچىدە ئويلىشىۋاتاتتى. ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئۇلۇغ مېھرىبان
خەلق ئۈچۈن ئۆلگەنلەرمۇ ئىنتايىن بەختلىك ئۆلۈپتۇ، دېيىشەتتى. بۇلار بۇ
گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، چىرايىغا قاراپلا ھەرقانداق ئادەم
چۈشىنىۋالالايتتى. شۇنداق قىلىپ پولك يۇقىرى پەنجىم، تۆۋەن پەنجىملەردە
باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ ماڭدى. بەزى ئاق
چاچلىق مومايلار، ئاق ساقال بوۋايلار بۇ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئۆمرى-
نىڭ ئۇزۇن ۋە بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، كۆزلە-

ردىن مونچاق- مونچاق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ دۇئا قىلىشىۋاتاتتى. بەزى ئاتا - ئانىلار، قوۋم- قېرىنداشلار ۋە باللار قىسىم بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ، مەدھىيە سۆزلىرىنى ئوقۇپ كېلىشىۋاتاتتى.

ئەنە شۇنداق قىزغىن قارشى ئېلىشلار ئارقىلىق جەڭچىلەر ئاۋغۇستەڭگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى.

## ئاۋغۇستەڭ كۆۋرۈك بېشىدا

پولك تۆۋەن پەنجىم يېزىسىدىن چىقىپ ئالغا قاراپ كېتىپ باراتتى. كۈن چۈشتىن قايرىلغان بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ھەم ئوچۇق ئىدى. ئالدىمىزغا پودپولكوۋنىك ئۇنىۋانى تاقىغان، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق بىر ياش يىگىت ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ يىگىت سالامدىن كېيىن:

— ئاۋغۇستەڭ كۆۋرۈك بېشىدا ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرى، غوجاملار قارشى ئېلىشقا چىقتى. سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇپ كەتتى.

پولك باشلىقلىرى مېڭىشنى توختىتىش قوماندىسى بەردى. پولك شتابىدىكى بەزىلەر «ئۇ كىم؟» دەپ سوراشتى. «ۋاي، بۇ ھېلىقى ھاشىر قارىياغدىغۇ؟» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ قايسى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ شۇنچە ئالىنۇن- كۈمۈش ئوردېنلارنى ۋە مۇنداق يۇقىرى ئۇنۋانلارنى ئالغاندۇ؟» دەيىتتى. بەزىلەر: «بۇ مېداللارنى قانداق ئالاتتى. تۆرە- غوجاملارنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ ئالامدۇ» دېيىشەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان سۆزلەپ:

— كۆۋرۈك بېشىغا بارغاندا، ھەربىي فورمىنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈپ، شەپكىلەرنى تۈز كىيىپ، قورالنى ئۇستاب بويىچە تۇتۇش لازىم. پاراتتىن ئۆتۈپ، ھۆرمەت سالىمى بېرىمىز، ئاياغلىرىمىزنى تەكشى تاشلاپ مېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

جەڭچىلەر ئۆزئارا بىر- بىرىنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنى، بېشىدىكى شەپـ كىلىرىنى تەكشۈرۈپ تۈزەشتۈردى. ئاپتومات تۇتقانلار ئاپتوماتنى ئالدىغا ئېلىپ، ئىككى قولى بىلەن تۇتۇشۇپ، مىلتىق تۇتقانلار مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېلىپ، پىلىموت تۇتقانلار پىلىموتنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ، سول قولى بىـ لەن پىلىموت ستۋولىنى تۇتۇپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا ئېلىپ ھەيۋەتلىك قەـ دەملەر بىلەن ماڭدى. مىنامىيوت روتىسى ئۆز مىنامىيوتلىرىنى رەتلىك كۆتۈرۈپ ماڭدى. مانا ئەمدى ئاقئۆستەڭ كۆۋرۈكىگە يېقىن كەلدۇق. ئالدىمىزدا ئاـ دەملەر توپى كۆرۈندى. ئۇ يەردە كىچىك ماشىنىلارمۇ بار ئىدى. كالاسكا ۋە خادىك ھارۋىلارمۇ خېلى كۆپ تۇراتتى. غۇلجىدىكى ئىدارە، جەمئىيەت كاـ دىرلىرى، مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقلىرى، ھەربىي ئورگان كادىرلىرىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققاندى. كۆۋرۈك بېشىغا كېلىشىمىز بىلەنلا مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ھېكىمبەگ غوجامغا دوكلات قىلدى. غوجام جەڭچىلەرگە سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە:

— بالىلىرىم، سىلەرنىڭ ساق- سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز. سىلەر قەھرىمان، سىلەر باتۇر، ھەممە بايلىق سىلەرنىڭ، سىلەر ئەزىز جېنىڭلارنى تىكىپ، ئىسسىق قانلارنى كېچىپ، ئاق قار، كۆك مۇزلاردا دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، جاپا- مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ دۈشمەن بىلەن باـ تۇرلارچە جەڭ قىلدىڭلار. بەزى سەپداشلىرىڭلار ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي! ئەمدى ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىـ تىم بويىچە ماناس دەرياسى بويىدىن قايتىپ كەلدىڭلار، بۇمۇ سىلەرنىڭ قان تۆكۈپ قىلغان كۈرىشىڭلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەممىڭلارغا رەھمەت، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

جەڭچىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، ئۆز رازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ھېـ كىمبەگ غوجامنىڭ سۆزىدىن كېيىن، پۈتۈن پولك ھەيۋەت بىلەن ئۇزۇن سەپ بولۇپ پاراتتىن ئۆتتى. پارات مەنپۇ (شىبە) يېتەكچىلىك قىلغان ھەربىي دۇـ خوۋوي ئوركېستىرىنىڭ جاراڭلىق چىققان ئاۋازى پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان جەڭچىـ

لەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇۋەتكەنىدى. قارشى ئېلىشقا چىققان باشلىقلار ۋە
ئامما قىزغىن چاۋاكلارنى چېلىپ، تەنتەنە قىلدى. ئاخىردا قارشى ئېلىشقا
چىققان ئاخۇنۇم — دىنىي زاتلار دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، ساق- سالامەت قايـ
تىپ كەلگەن بارلىق ئوفىتسىر - جەڭچىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى. پولك
ئاقئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ دەم ئالدى. قارشى ئېلىشقا چىققان باشـ
لىقلار ئىچىدە مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى ماژاروپ (ئاق رۇس)، شتاب
كادىرلىرى ۋە پولكنىڭ كوماندىرلىرى قېيۇمبەگ غوجام، مۇئاۋىن سىياسىي
كومىسسار ھاشىم گۆھەرباقى، خوجىلىق باشلىقى زۇنۇن ئاكىلار بىلەن بىللە
ئايرىم سالاملاشتى. ئۇلاردىن ھاردۇق سوراشتى.

مۇۋەققەت پولك كوماندىرى مەزەمخان ئەھۋالنى تونۇشتۇرغاندىن كېـ
يىن، مەن سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دېدىم:

— سىلەر بىزگە، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا بېرىپ، توغراسۇدا كىگىز
ئۆي، چېدىر تىكىپ تۇرىمىز، دېگەنىدىڭلار، بىر توغراسۇغا كەلسەك ئۆي،
چېدىرلارنىڭ قارىسىمۇ يوق. قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۈچ جەڭـ
چىمىز پاناھلىنىش ئۈچۈن يار ئاستىغا كىرگەنىكەن. ئۇلارنى يار بېسىۋېلىپ
ۋاقىتسىز قۇربان بولدى. بارلىق كادىر - جەڭچىلەر خوجىلىق باشلىقىنىڭ ۋەـ
دىسىدە تۇرمىغىنىغا قاتتىق خاپا بولدى، — دېدىم.

قېيۇمبەگ غوجام ئاخىردا سۆز قىستۇرۇپ:

— بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەرگەن ۋەدىمىزنى ئورۇندىيالمىدۇق،
كەچۈرۈڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېـ
دى، كەيىندىنلا، — سىلەر شەھەرگە كىرىپ ھەرەمباغ گازارمىسىغا چۈشسـ
لەر، بىزنىڭ پولك شۇ گازارمىدا تۇرىدۇ، — دېدى.

پولك باشلىقلىرى پولكنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، پولكقا يەنە يولغا چىـ
قىش قوماندىسى بەردۇق. پولك رەتكە تىزىلىپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يۈـ
رۈپ كەتتى.

سەككىزىنچى باب

# پولك نەننەنە ئىچىدە غۇلجا شەھىرىگە كىردى

## هەرەمباغ گازارمىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن

پولك هازىرقى يېڭهايات مەھەللىسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ، يولنىڭ ئىككى چېتىدە سانجاق تۇرۇپ كەتكەن خەلق چاۋاك چېلىپ ، شوئارلارنى توۋلىشىپ قارشى ئالدى . پۈتۈن غۇلجا شەھىرى بايرام تۈسىگە كىرگەندەك ، كوچىلارغا رەڭگارەڭ لوزۇنكىلار چاپلانغان ، ئادەملەر پاكىز ۋە يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ چىرايلىق ياسانغانىدى . قىز - چوكانلار رەڭگارەڭ گۈللەرنى جەڭچىلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچماقتا ئىدى . بەزى ئاتا - ئانا ، قېرىنداشلار يىغلىشاتتى . بەزىلەر خۇشال هالدا كۈلۈشەتتى . مەھەللىلەردىكى سەنئەتكارلار دۇتار - تەمبۇرلىرىنى چېلىشىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ جەڭچىلەرنى قارشى ئالاتتى . قىسقىسى ، پۈتۈن شەھەر تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل خۇشاللىققا چۆمگەنىدى . جەڭچىلەر ئىنتىزامنى بۇزماي مېڭىۋاتقان بولسىمۇ ، قەلبىدىكى سېغىنىشنى ، هاياجىنىنى باسالماي قېلىشىۋاتاتتى . ئۇلار يېڭهايات مەھەللىسىدىن بويىنكېسىككە ، بويىنكېسىكتىن هەرەمباغ گازارمىسىغا قاراپ ماڭغاندىمۇ شۇنداق هېسسىياتتا ئىدى . پۈتۈن غۇلجا خەلقى كوچىلارغا چىقىۋالغانىدى . جەڭچىلەر گازارمىغا بارغىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىۋاتقانلارنىڭ سېپى ئۈزۈلمەگەنىدى . يولنىڭ ئىككى چېتىدە بولۇپمۇ هەرەمباغ قىزىلكۆۋرۈكنىڭ ئىككى يې-

قىدا خەلق توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئۆز پەرزەنتلىرىگە تويمىغان ھالدا تەلمۈ-
رۈپ قارىشاتتى. بەزىلەر يانداپ كېلىپ ئۆز تونۇشلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇلار بىرەر تونۇشىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى چاقىرىپ خۇشاللىق بىلەن ئىشارەت قىلاتتى ۋە چاۋاك چالاتتى. مۇشۇنداق بىر قىزغىن كەيپىيات قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە، پولك چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ھەرەمباغ دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، گازارما ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە بولغان يىگىرمە تۆت كۈنلۈك جاپالىق پىيادە سەپەر ئاخىرلاشتى.

مىللىي ئارمىيە شتابىدىن كەلگەن مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، پولكوۋنىك مەمەتئىمىن ئىمنوف باشلىق بىرقانچە ئوفىتسېرلار سۇرلۇك قىياپەتتە پولك ئالدىغا كېلىپ جەڭچىلەرگە سۆز قىلدى. ئۇ:

— ئۇزۇن يوللارنى پىيادە بېسىپ جاپا تارتتىڭلار، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدىڭلار، مەن مىللىي ئارمىيە شتاب نامىدىن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەم سىلەرگە جەڭگىۋار سالام بېرىمەن، — دەپ قىسىمغا قاراپ، دىققەت تۇرۇپ چاس بەردى.

پولك قاتتىق چاۋاك چېلىپ رەھمەت بىشارىتى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ:

— سىلەر كەلدىڭلار، ئەمدى بىزنىڭ 2 ـ پولك مۇشۇ گازارمىدا تۇرىدۇ. ھەرقايسى باتالىئون، روتا، ئىزۋوتلار بويىچە گازارمىغا ئورۇنلىشىدۇ. پۈتۈن پولك ئىككى ـ ئۈچ كۈن دەم ئالىدۇ. ياخشى دەم ئېلىپ ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىڭلار. لېكىن سىرتقا چىقساڭلار چوقۇم ھەربىي ئىنتىزام بويىچە رۇخسەت سوراپ گازارمىغا ۋاقتىدا كېلىشىڭلار كېرەك، — دېدى.

قىسىم تارقىلىپ تەرتىپ بويىچە ئۆز گازارما ياتاقلىرىغا كىرىشتى. ھەرەمباغ گازارمىسى يوغان ھەم كەڭ سېلىنغان بولۇپ، بىر روتا ئۈچ ئىزۋوت قاتار ئۈچ زالدا، ھەربىر چوڭ زالدا بىر ئىزۋوت ئوتتۇز نەچچە جەڭچى ياتاتتى. گازارما ياتاقلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەنچۇاڭ ياسالغان بولۇپ، بەن-

www.uyghurkitap.com

چۈاڭ. ئۈستىگە ماتراس سېلىنغان بولۇپ، ئۈنىڭدىن باشقا نەرسە يوق ئەدى. جەڭچىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ يۈرگەن نېپىز يېپىنچا ۋە بوغچىلارنى بەنچۈاڭ ئۈستىگە قويۇپ: «بۇ قانداق گەپ، بىز شۇنچە يوللارنى پىيادە مېڭىپ جاپا چېكىپ كەلسەك، پولكنىڭ چوڭ باشلىقلىرى بىزدىن بۇرۇن كەتكەن. ئۇلار بۇ ياتاقلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغانمدۇ؟ پولكنىڭ ئارقا سەپ باشلىقى زۇنۇن ئاكا نېمىشقا بۇ ياتاقلارغا كىگىز سالدۇرۇپ قويمايدۇ؟» دېيىشتى. ھەتتا جەڭچىلەرنىڭ نارازىلىقىنى دەرھال تېلېفون ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە شتابىغا يەتكۈزدۇق. ئۈچ سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىگىز باسقان بىرقانچە چوڭ ماشىنا كەلدى. باتالىئونلار ھەربىر جەڭچى ئاستىغا سالىدىغان كىگىز تارقىتىپ بەردى. لېكىن ھەرەمباغ گازارمىسىنىڭ ئىچى شۇنداق سۇرلۇك ۋە قورقۇنچلۇق ھەم پاسكىنا ئىدى. ياتاقلارنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ ئاچچىق قاڭسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى. بەزىلەر: «قاننىڭ پۇرىقى بار» دېسە، بەزىلەر: «بەلكىم شۇنداقتۇر، بۇ نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن يەر ئەمەسمۇ» دەيتتى. قورۇنى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن بولۇپ، روتا ئاشخانىلىرىنىڭ ئوچاقلىرىدىن ئىس ماڭمايتتى. گازارمىنىڭ تاملىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆتمىتۆشۈك. بۇرۇنقى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قىياپەت قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەندى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن پولك باشلىقلىرى يىغىنىدا:

— بىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىمىز ئىككى يىلغا يېقىن ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ئۇرۇش قىلدى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى سەھرالاردىن ھارۋىلارنى ئېلىپ ئۆز باللىرىنى كۆرگىلى، ئۆيلىرىگە ئاچىققىلى كىرىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن پولك باشلىقلىرى مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا نۆۋەت بېلەن ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ ئۆيىنى يوقلاپ كېلىشكە رۇخسەت بەرسەك، ئىنتىزامسىزلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەندۈرسەك، — دېدىم ۋە بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — ھايات قالغانلىرىمىز ئائىلىمىز بىلەن، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلار بىلەن دىدار كۆرۈشەلىدۇق. قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بار، — دەپ

www.uyghurkitap.com

گمناستيۇركامنىڭ يانچۇقىنى سىرتىدىن بىر سىيلىدىم- دە، ئاستا قولۇمنى سىلىپ، قۇربان بولغان ئابدۇللامنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ ئۇقۇپ بەردىم. ھەممە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندى بولغاي، ئارىدىن پولك كوماندىرى قىيۇمبەگ غوجام ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىمغا كېلىپ:

— ساۋدانوپ، سىز بىرقانچە كادىرنى باشلاپ بېرىپ ئالدى بىلەن ئابدۇللامنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ھال سوراپ كېلىڭ. بۇ ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇرىمىز، — دېدى.

مەن دەرھال ئىشخانامغا چىقىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، قارا تورۇق ئېتىمغا مىندىم- دە، ئابدۇللامنىڭ رەتىسىدىن بىر كادىرنى باشلاپ ھېلىقى خەتتە يېزىلغان ئادرېس بويىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ئايدۆڭ مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىنىڭ كوچىلىرى ئانچە رەتلىك ئەمەس ئىدى. بىز ئايدۆڭغا بېرىش ئۈچۈن بىر قانچە تار ۋە قالايمىقان كوچىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئايدۆڭ مەسچىتى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتۇق. بىزنى كۆرگەن ئۇششاق باللار بىر- بىرنى چاقىرىشىپ، ئوماق كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ، ئەيمەنگەن ھالدا بىزنىڭ كىيىملىرىمىزگە ھەيران بولۇشۇپ قارىشاتتى ۋە ئۆزئارا نىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. بۇ ئۇششاق باللارنىڭ كۆپىنچىسى پۇتلىرى يالىڭاياغ، كىيىملىرى لاي- پاتقاق، رەڭگىرويى توپا بېسىپ كەتكەن ھالدا ئىدى. مەن بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان كۆرۈنۈشكە ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز، رەڭ، قاراموتۇق، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان بالىنى ئالدىمغا ئىشارەت قىلىۋىدىم، ئۇ بالا تېزلا ئالدىمغا كەلدى. مەن بالىنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئېچىنغان ھالدا سورىدىم:

— بالام، ئېتىڭ نىمە؟

— ئابابەكرى.

— ياخشى، ئۆيۈڭ مۇشۇ مەھەللىدىمۇ؟

— ھەئە، ئاۋۇ تار كوچىنىڭ ئىچىدە، — بالا قولى بىلەن سول تەرەپنى-

كى بىر تار كوچىنى كۆرسەتتى .

— سەن مۇشۇ مەھەللىدە ئەسكەرلىككە كەتكەن ئابدۇللام ئاكاڭنى تو-نۇمسەن ؟

بالا ياق دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ :

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئادەم مۇشۇ مەھەللىلىك ، شۇ كىشى بىلىدۇ ،— دې-دى - دە ، ھېلىقى ئادەمگە ،— ئايۇپ ئاكا ، بۇ يەرگە كېلىڭا ،— دېدى .

ئالدىمىزدىن سەللىلىك ، ئېگىز ، ئورا كۆز ، ئەللىك ياشلار چامىسىدى-كى بىر كىشى كېلىپ بالىلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ماڭا قاراپ :

— خوش ، ھەرقايسىلىرى بىر كىشىنى ئىزدىشەملا ؟— دەپ سورىدى .

مەن دەرھال :

— ھەئە ، سىلى بىلەملىكىن ، مۇشۇ مەھەللىدىن ئالدىنقى سەپكە كەت-كەن ئابدۇللام دېگەن يىگىتنىڭ ئۆيىنى ئىزدەۋاتاتتۇق ،— دېۋىدىم . سەللى-لىك ئادەم تۇرۇپ كېتىپ :

— مۇنداق دېسىلە ، بىچارە ئايىمخان ئانا بالىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئاغرىقچان بولۇپ كەتتى . ھەي بىچارە مەزلۇم ، بالىسى قايتىپ كې-لەلمەيتۇ - دە ،— دېدى ۋە مېنىڭ كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ،— ھە ، تۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، مەن جامائەتنى بىرقانچىسىنى تېپىپ كېلەي ،— دەپلا ئايلانما بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى . بىر دەمدىن كېيىنلا بۇ ئادەم ئۈچ ئادەمنى باشلاپ كەلدى - دە :

— بۇ ئادەملەر مۇشۇ مەھەللىنىڭ جامائەتلىرىدىن بولىدۇ ،— دەپ تو-نۇشتۇردى ھەمدە « يۈرۈشسىلە » دەپ بىزنى باشلاپ بىر تار كوچىغا كىردى .

ئۇ ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ، كىچىك بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئاتنى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويغاندىن كې-يىن ، مەن ئالدىدا ، جامائەت كەينىمدىن ھويلىغا كىردۇق . ھويلىدا كۈنگەي-گە قارىتىپ سېلىنغان بىر ئېغىز كونا ئۆي بولۇپ ، ئۆينىڭ ئالدىدا بىر بۆگ-لۈك بولۇپ ، بۆگلۈككە سۇپا چىقىرىلغان . ئوچاققا يوغانراق بىر قازان ئې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سقلىق تۇراتتى.

شۇ ئارىلىقتا ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چاچلىق، ئۆزى ئاق سېرىق، كۆزلىرىدىن شوخلۇق چاقناپ تۇرىدىغان بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ بىردەم ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا: «ئايىمخان ئانا، مېھمانلار كەلدى» دېگىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. كەينىدىنلا مەن جامائەتنى باشلاپ ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچى ئازادە بولسىمۇ، پەنجىرىسى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا ئۆي قاراڭغۇ ئىدى. ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز رەك، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر موماي كىرگەنلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك: «ئايتۇران قىزىم، مېھمانلارغا كۆرپە سېلىڭ» دېدى. ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرالمىدى. ئاڭغىچە مەن يۈگۈرۈپ كېلىپ مومايىنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم.

موماي كىرگەنلەرگە تازا زەن سېلىپ قاراپ كېتىپ:

— باللىرىم، سىلەرنى تونۇمىدىم. سىلەر ئەسكەر ئوخشايسىلەر، ئالدىنقى سەپتىن ئەسكەرلەر قايتىپ كېلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى.

بۇ چاغدا مەن ئايىمخان ئانىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرغانىدىم. ئاغزىمدىن: «ئەلھۆكمىلىللا ئانا» دېگەن سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدىم. موماي ئىككى ـ ئۈچ سېكۇنتچە جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ماڭا ئېسىلىپ: «جېنىم بالام، كۆزنۇرۇم ئابدۇللام، سەن نېمىشقا باشقا باللارغا ئوخشاش قايتىپ كەلمىدىڭ؟ مېنى بۇ جۇدالىقلارغا قانداق چىدايدۇ دېدىڭ. يۈرەك پارەم باغرىم، يالغۇز مۇساپىر ئاجىز ئاناڭنى قانداق تاشلاپ كەتتىڭ» دەپ ماڭا ئېسىلىپ دۈمبىلىرىمنى سىلاپ، بويۇنلىرىمغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن تەسەللى بەردىم. بىللە كىرگەن جامائەت قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى. موماي ئۆزىنى بېسىۋېلىپ يىغىسىمۇ توختاپ:

— بالامنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى بۇلتۇر كۈزدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇقتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەمما مۇشۇ كۈنگىچە بالامنىڭ ماڭا قالدۇرغان بىر ئېغىز

سۆزىنىمۇ ئاڭلىمىدىم. ئەمدى سىلەر بالامنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئەكەلدىڭلار-مۇ؟— دەپ سورىشى بىلەنلا ، مەن ئابدۇللامنىڭ ئۆز ئانىسىغا يازغان خېتى-نى يانچۇقتىن ئېلىپ ھەم ئۇنىڭ بىر قۇر كىيىمنى ئىككى قوللاپ ئانىغا سۇ-نۇپ بەردىم. ئاندى مومايىنى يۆلەپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئانىنىڭ قوللىرى-نى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلاۋەرمەڭ ، جېنىم ئانا ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، ئەلھۆكمىللا دېمەك-تىن باشقا ئامال يوق. سىزنىڭ ئوغلىڭىز جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. ئەمما بالىڭىز كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات. ئاشۇنداق بىر باتۇر ئوغلاننى يېتىشتۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن خەلق سىزدىن مىن-نەتدار ۋە سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. سىز ھەرگىز يىغلىماڭ ، ھۆكۈمەت سىزنى تاشلىمايدۇ ، خەلق سىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سىز خەلقى ئالەم ئالدىدا ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانا . بىز سىزدەك ئانىلاردىن پەخىرلىنىمىز ،— دې-يىشىم بىلەنلا ئانا ئۆزىنى تۇتالماي ئوغلىنىڭ خەتلىرىنى كۆزىگە سۈرۈپ ، كىيىملىرىنى باغرىغا بېسىپ ، تېخىمۇ قاتتىق نالە- پەرياد قىلدى. مەن ئانى-دىن ھال سوراپ ئەكەلگەن چاي ، ناۋات ، قەنت ، بىر- ئىككى كىيىملىك رەختنى داستىخاندا قويۇپ ،— بىز يەنە كېلىپ سىزنى يوقلاپ تۇرىمىز ، سىز ئابدۇللامنىڭلا ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ ئانىسى ، مەن قايتىپ بېرىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي قۇربانلارغا نەپىقە بېرىش ئورنىغا بېرىپ بۇنىڭدىن كې-يىنكى تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن ،— دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم.

بىچارە موماي مېنى قۇچاقلاپ: « بالامنى كۆرگەن بالام ، بالامنىڭ پۇرى-قىنى پۇرىتىۋالاي ، سىز كەتمەڭ» دەپ جانسىز قوللىرى بىلەن ئېسىلىۋالدى. بۇ ئارىلىقتا پۈتۈن مەھەللىدىكى ئەر- ئايال جامائەت ئانىنى ئاۋايلاپ تۇ-تۇپ ، ئانىنىڭ قوللىرىنى مىڭ تەسلىكتە بوشىتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. مەن-مۇ قاتتىق ئازابلانغان ھالدا جامائەت بىلەن خوشلاشتىم- دە ، ئېتىمغا مىنىپ گازارمىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

ئاز كۈندىن كېيىن، ئابدۇللامنىڭ خېتىدىكى ئانىسىغا ئاتاپ يازغان «يىغلىما جېنىم ئانا» دېگەن قوشاق خەلق ناخشىچىلىرى تەرىپىدىن ئىشتايىن مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭغا سېلىنىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈشكە باشلىدى. ناخشا ئاخىرىغا ئانىنىڭ نالە - زارى قوشۇلۇپ:

«ئاق قوزام، ئاپئاق قوزام،
نەلەردە قالدىڭ يالغۇزۇم.
شېرىن سۆزۈم، شەربەت يۈزۈم،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.»

دەپ كوچىلاردا ئېيتىلىپ، كىشىلەر ئۆز ھەسرەتلىرىگە تەسەللى بېرىشىپ، بىر - بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشىدىغان بولدى. بۇ ناخشا ھەتتا باللارنىڭمۇ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان بولدى.

بۈگۈن كېچە جەڭچىلەرنىڭ پەقەت ئۆيىقۇسى كەلمىدى. بەزىلەر كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا جۆيلۈپ - ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ھېچكىمنىڭمۇ تاماق يېگۈسى كەلمەيتتى. گازارما ئەتراپىدىكى پاسكىنىچىلىقتا قارىسىغىزلا كۆك-لىگىز ئاينىيتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە ئاران تاڭغا ئۇلاشتى. ئەتىسى بىر كۈن پۈتۈن پولك تازىلىق ئېلىپ باردى. گازارما ئاندىن گازارمىغا ئوخشى-دى. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭچىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ سىرتقا چىقىشقا باش-لىدى. غۇلجا شەھىرىدە ئۆيى بارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيلىرىگە كەتتى. بۇ چوڭ گازارمىدا پەقەت پولك دىجورنىسى، پوستلار ۋە پوست ئالماشتۇرغۇ-چىلار قالدى. ھەرەمباغ گازارمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى نە-پەر پوست داۋاملىق تۇراتتى.

بۈگۈن سىرتقا چىققان جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قايتىپ كەلدى. كەچتە يوقلىما قىلغاندا ھەربىر روتىدىن ئونلاپ- يىگىرمىلەپ جەڭچى يوق ئىدى. بۇلارنى سۈرۈشتۈرگەندە ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ئەسكەر بولغان جەڭچىلەر رۇخسەت سورىمايلا ئۆز ئۆيلىرىگە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنداق قى-

لىپ ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش جەريانىدا رۇخسەتسىز ئۆيگە كېتىۋاتقانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پولك قاتتىق ئىنتىزام تۇرغۇزۇپ سىرتقا رۇخسەتسىز چىقىشنى تىزگىنلىدى. رۇخسەتسىز ئائىلىسىگە كەتكەنلەرگە تەنقىدىي ـ تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ھەربىي ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلىدى. ئۇلارمۇ خاتالىقىنى تونۇدى. شۇنىڭ بىلەن پولك بىرقەدەر تەرتىپكە چۈشتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە پولكنى تەرتىپكە سېلىپ، كونا جەڭچىلەرنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىپ ئائىلىسىگە قايتۇرىدىغان بولۇپ، ئورنىغا يېڭى جەڭچىلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا پولك كونا جەڭچىلەرنى بىر تەرەپتىن ھەربىي سەپتىن بوشىتىشقا تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش، بىر ھەپتىدە ئىككى كۈن ھەرەمباغ گازارمىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىت تازىلىقىنى قىلىش، بۇزۇلغان تاملارنى رېمونت قىلىش، گازارما دەرۋازىسىنى زىننەتلەپ ئاقارتىش قاتارلىق ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئىچكى جەھەتتە ھەربىي سەپتىن بوشىنىدىغانلارنىڭ ھەرقايسى روتىلار بويىچە تىزىملىكى تەييارلاندى. ھەربىي سەپتىن بوشىتىش خەۋىرىنىمۇ جەڭچىلەر ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلاپ بولغاچقا، كۆپىنچىسىنىڭ ئىدىيىسىدە تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇلار بۇيرۇقنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشۈپ تۇراتتى.

ھەربىي سەپتىن بوشاش بۇيرۇقىمۇ چۈشۈرۈلدى. بوشاش بۇيرۇقىدا كۆپىنچىسى كونا جەڭچىلەر بىلەن ئاز ساندىكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان كادىرلارمۇ بار ئىدى.

ھەربىي سەپتىن بوشىتىش خىزمىتى باشلاندى. گازارما ئىچى جىمجىتلىققا چۆمۈپ قالدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەرمۇ ئازلاپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئورۇندىكى پوستلارنى ئالماشتۇرۇشقا پات ـ پاتلا نۆۋەت كېلىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ كوماندىر ـ جەڭچىلەر بولۇپ ئارانلا بىرقانچە يۈزدەكلا ئادەم قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈن ئۆتمەي غۇلجا شەھەر ۋە ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلاردىن ئېلىنغان يېڭى جەڭچىلەر گازارمىغا يېتىپ كەلدى. پولك تولۇقلىنىپ روتىلار يەنە قىسىم شتاتى بويىچە سەپلەندى. باتالىئون كوماندىرى ۋە سىياسىي رەھبەرلەر ئىنگىلىز ئالماشتۇرۇلدى ۋە تولۇقلاندى. يېڭى جەڭچىلەر كەلگەندىن كېيىن پولكنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يېڭى جەڭچىلەرنى تەربىيىلەش، يەنى ھەربىي تەلىم-تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ جاپالىق مەشىق قىلىش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن گازارمىدا يېڭى بىر كەيپىيات جانلاندى.

ئۆزۈن ئۆتمەي يۇقىرى رەھبەرلىك تەركىبىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بىر قىسىم پولك باشلىقلىرى يەرلىك خىزمەتكە ئالماشتى. مەن يەنىلا ئارمىيە سىپىدە قېلىپ مىللىي ئارمىيە شتابىغا يۆتكەلدىم. پولكنىڭ يېڭى رەھبەرلىك تەركىبىمۇ تولۇقلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن پولك ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن تىنچلىق شارائىتىدىكى تۇرمۇشنى باشلىۋەتتۇق. لېكىن بىر قىسىم كادىرلار ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ: بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە ئەستايىدىل سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلدى. مەسىلەن:

(1) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋەزىپىگە تەيىنلەپ خەلقنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا تولۇق ھوقۇق بەردى.

(2) ئون بىر ماددىلىق بىتىمدە: مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى «دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق پولك ۋە ئۈچ پىيادە پولك قىلىپ قۇرۇلىدۇ. ئادەم سانى ئون بىر-ئون ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ»، «تۇرىدىغان ئورنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەنە شۇ بىتىمدە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىپ، مىللىي ئارمىيە سانىنى ئەسلىدىكى ئوتتۇز مىڭدىن ئاتلىق پولك، ئون ئىككى مىڭ ئادەمگە قىسقارتتى.

(3) بىتىمدە تۈزۈلگەن «ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار، تۇتۇلغانلار مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە تەڭ قويۇپ بېرىلىدۇ؛ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ھەرقانداق باھانە بىلەن كەمسىتىشكە بولمايدۇ، يول قويۇلمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆز ۋەدىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئۈچ مىڭدىن كۆپ گېنېرال، ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنى، بىر قىسىم مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر گېنېرال، بىر نەپەر ۋالىيمۇ بار) نى يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، گومىنداڭ تەرەپكە تولۇق ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمما مىللىي ئارمىيىدىن گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلار ئاللىقاچانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن بىرىمۇ ھايات قايتىپ كەلمىدى. بىز تەرەپ ئون بىر ماددىلىق بىتىم بەلگىلىمىسىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بولسا ئۆزلىرى قول قويغان تىنچلىق بىتىمگە ئەمەل قىلارمۇ؟ ھازىر بەزى پاكىتلارغا قارىغاندا گومىنداڭ ئارقىدا تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق تىنچلىق بىتىمنى بۇزۇش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. ۋەزىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، بىتىمدە بەلگىلەنگەن ماددىلار ئەمەلىيلەشمەي، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئاۋۋال يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا، ئاۋۋال باشقىلارنىڭ قولى بىلەن، كېيىن ئۆز قولى بىلەن بىتىمنى بۇزۇشقا كىرىشتى. بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى دەپ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

## بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى

ھەقىقەتەن ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە قول قويغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىتىمنى دەسلەپتە ئۆزلىرى ئارقىدا تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن بۇزۇشقا كىرىشىپ، كېيىن ئۆزلىرى ئالدىغا چىقىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقاردى.

بۇنىڭ پاكىتلىرى:

(1) بىر تەرەپتىن بىر ئوچۇم باندىتلارنى سىتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي ھۇجۇم قىلدۇرسا، سىياسىي جەھەتتە بىتىمدە ئاشكارا بەلگىلەنگەن گومىنداڭ تەرەپ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى. مەسىلەن، بىتىمدىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. بىراق گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، سايلامنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئىلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلغانلىكى ئادەمنى «قىزىل پاچاق»، «ئىلىنى ھىمايە قىلغۇچى» دېگەن بەتناملار بىلەن قاماققا ئالدى، ئۆلتۈردى.

(2) گومىنداڭ دائىرىلىرى يەنە سايلامغا نازارەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ بىتىمگە خىلاپ بۇ ھەرىكىتىگە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى ۋە توستى.

(3) 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ ئون بىر ماددىلىق بىتىمنى خالىغانچە بۇزغان قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىككى تەرەپ قول قويغان تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى نامايىش قىلىپ، تىنچلىق بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرقانچە تەلەپ قويۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەتمىش ئىككى سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ قېتىمقى نامايىش گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بولۇپ،

ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «25 - فېۋرال» قانلىق ۋەقە پەيدا قىلدى. 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گومىنداڭ گارنىزون شتابى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىنى قۇترىتىپ، زور تۈركۈمدىكى ئىشپىيون ۋە ھەربىي خادىملارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، يان قورallارنى يوشۇرۇن تارقىتىپ بېرىپ، قولىغا تاياق - توقماقلارنى تۇتقۇزۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە قىستىدى. نەتىجىدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرگە قورشاپ ۋارقىراپ - جارقىراپ ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بۇرھان ئەپەندىنىڭ شوپۇرى مۇنۇپئاخۇن بىلەن ئىككى مۇھاپىزەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلدى.

(4) گومىنداڭ گارنىزون شتابى «ئامانلىق ساقلاش» نامى بىلەن ئۈرۈمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، «قورallىق تىنتىش» نى باھانە قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندا ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بىرنەچچە ئاممىنى تۇتۇپ كەتتى.

(5) ئەڭ قەبىھ يېرى 1947 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «تىنتىش» نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلارنىڭ تۇرار جايى نەنخۇايۋەنگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت كىنوخانىسىدا) كىنو كۆرۈۋاتقان ئاممىنى ئوققا تۇتۇپ كىنوخانىغا ئوت قويدى.

(6) 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا قارىماي بىتىمنى قوپاللىق بىلەن ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ، مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسابەگنى ئۆلكىلىك ھۆ-

كۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە باش كاتىپلىققا تەيىنلەپ ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى زورمۇ زور خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بىرىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى . مەسئۇتنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئەگىشىپ ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۆلۈنۈشكە يۈزلەندى . ئەكسىيەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلدى . نەتىجىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى . ئاخىرى گومىنداڭنىڭ ئۇن بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ئاشكارا يىرتىۋەتكەنلىكى ، مەسئۇتنىڭ تەختكە چىققانلىقى تۈپەيلىدىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قېلىپ ، 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى . ئاران بىر يىل داۋاملاشقان بىرلەشمە ھۆكۈمەت شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسمى بار ، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى .

بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئۆز قەددىنى باشقىدىن رۇسلاپ ، دۈشمەننىڭ ھەرقانداق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى يۇقىرى ھوشيارلىقتا تۇرۇپ ، ئۆز قوشۇنىنى باشقىدىن رەتكە سېلىپ ، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۆستۈردى . كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا زور ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن جۇڭگودا غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تولۇق ئازاد بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى .

www.uyghurkitap.com

## ئىزاھات

(1) بۇ ئەسلىمدىكى بەزى ھەربىي ئاتالغۇلار ئەينى ۋاقىتتا قوللىنىلغان ھەربىي ئاتالغۇلار بويىچە ئېلىندى. مەسىلەن، كوماندىر، باتالىئون، كوماندىر پولك، ناچالنىك شتاب، كومبات، كوماندىر روتا، كوماندىر ئىزۋوت، ئوفىتسېر دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئۇنۋانلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇنۋان ئاتىلىشى بويىچە ئېلىندى. گېنېرال، پولكوۋنىك، مايور، كاپىتان دېگەندەك.

(3) ئەسلىمدىكى شەخسلەر كوماندىر باتالىئوندىن يۇقىرى كىشىلەر ئاساسەن ئۆز ئىسىم فامىلىسى بويىچە ئېلىندى. ئاساسىي قاتلام كادىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئىسمىلىرى بەزىلىرى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقتىن تەقلىدىي ئىسىم ئېلىندى.

(4) ئەسلىمدىكى 4 ـ پولك شتاب باشلىقى ماتسوك ئاق رۇس بولۇپ، ئۇن بىر ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئائىلىسىگە قايتقانىدى.